




ئۈرۈمچى خانتەڭرى جامەسى    ئىلھام جىلان فوتوسى


تەڭرىتاغ تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى

ھەبىبۇللا رېقىپ، ئەخمەت ئابدۇللا، مۇھەممەت پولات، ھەسەن تىلىۋالدى،

ھەبىبۇللا مۇھەممەت، مۇھەممەت روزى يارقىن، ئابلىكىم باقى.

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1988 - يىل 4 - سان

# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

ئاخىرقى ئىبادەت ............ توختى ئايۇپ 1
گاڭگىرىغان ئادەم ............ قادىر ئارسلان 17
روپاش بولۇشنىڭ سىرى ............ مۇھەممەت ئىمىن 25
توپىق ............ مەتتۇرسۇن سۇلايمان 48
ئۇلار باي بولماقچى ............ ھەبىبۇللا رىقىپ 60
مىكرو ھېكايىلەر ............ شاۋباۋجىيەن 65
خەلىم سالىخ تەرجىمىسى
ئوغۇلنىڭ مىلودىيىسى ............ شۇپىڭ 69
نەيىم يۇسۇپ تەرجىمىسى
مېنى كەچۈرەمسىز؟ ............ ھىمىت ئابدۇللا 74
تۇرپان پارچىلىرى ............ مۇھەممەت نىياز 76
شەھەر ئۇيقۇدا ............ شۆھرەت شاۋۇدۇن 78

## ئەدەبىي ئاخبارات

چىغىر يول ............ ئەركىن نۇر 33

## شېئىرلار

تەڭرىتاغ سۆيگۈسى ............ خېۋىر تۆمۈر 41
سۆيگۈ تىنىقلىرى ............ جېلىلى 43

شېئىرلار ........................................ زۇنۇن رېھىم 44
ئىككى شېئىر ........................................ مۇھەممەت روزى 46
مەي ـ شارابتىن تۇغۇلغان مىسرالار ........................ روزى نىياز 47

## تۇنجى ئەسەر

شېئىرلار ........................................ ئەكبەر داۋۇت 72

## چەتئەل ئەدەبىياتى

هازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن تاللانما ............ ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى 79
ئوتلۇق چەمبەر (تارىخىي رومان) ........................ خىزمەت ئابدۇللىن 81

### كېيىنكى ساندىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر

ئېخ، زۆرە (ھېكايە) ........................ تۇرسۇنجان لىتىپ
ئۈچ پارچە فىلىيەتون ........................ ئەكبەر ئىبراھىم
مەسىلەر ........................................ تۇراپ دايىم
شۇتىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما ........................
ماخودىن ئاۋاز، دوبازىنىڭ زارى (ھەجۋى شېئىر) ...... ئىبراھىم ھەمدۇللا
شوپېنخۇئېرنىڭ ئىستېتىك ئىدىيىلىرى (ماقالە) ........................

مۇقاۋىنى نىياز كېرىم لايىھىلىگەن، گۈللۈك تامغىنى راخمان رېھىم ئىشلىگەن
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم نامان، كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مەسئۇل مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر

# ئاخىرقى ئىبادەت

(ھېكايە)

## تۇختى ئايۇپ

1

يولدا كېتىۋېتىپ قارىغاندا، خۇددى ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ بىر پارچە يەردىكى چىلگە قوناقلىقنىڭ بىر چېتى ئۆستەڭ بويىغا، ئايىغى باستى قۇشنىڭ قورۇق تېمىغا تۇتاشقان. قوناقنىڭ يېڭىلا دان تۇتقان ياپيېشىل چاغلىرى قانداق چىرايلىق؟ ئۇ كۆزلۈكگە تەبىئەتنىڭ جىمى گۈزەللىكىنىڭ يىگانە ئەركىنىسىدەك تولمۇ جىلۋىدار بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ زۇمرەت دېگىز دولقۇنلىرىدەك لەرزان چايقىلىشلىرىدىن، كۈز مەۋسۇمىدە ئۇنىڭدىن سېرىق قوناق دانلىرى ئەمەس، تىزدىق - تىزدىق ئۇنچە، مەرۋايىت تۆكۈلىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە خۇشپۇراق كۈندۈزنىڭ تىنجىق ئاپتىپىدىمۇ، كەچنىڭ سالقىن چاغلىرىدىمۇ ئەتراپقا خېلى بىر يەرلەرگىچە تارقىلىپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار زەينەپخاننىڭ قەلب سەزگۈلىرىدىكى بىردىنبىر ئەڭ پاك، باغرىغا تېگىلگان يېگى بوۋاقتەك ئەڭ قەدىرلىك نەرسىلەر.

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيىدىن كېلىپ، قوناقلىقنىڭ قېلىن يۆگىمەش بىلەن قىياق قاپلىغان كۆپكۆك قىرلىرىدا بىر ھازاغىچە ئايلىنىپ يۈرىدۇ. قوناقلارنى ئارىلايدۇ. ھەر بىر تۈپتە نەچچىدىن باش تۇتتىكىن، دەپ ساناپ باقىدۇ. قوناق ئارىلىرىدىكى ياۋا ئوتلارنى ئوتايدۇ. ئۇنىڭ بۇ بىر پارچە يېرىدىكى قوناقلىرى ئۈچۈن، بالا ئوتىدا كۆيگەن مېھرىبان ئانىدەك مۇنچىۋالا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈشلىرى، يالغۇز ئۇنىڭدىن كۈزدە يىغىۋالىدىغان بىر مىڭ نەچچە يۈز جىڭ قوناق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز غېرىبلىق تارتىپ پاراڭ سېغىنىپ قالغان بىر قېرىنىڭ كوچىدىكى بىر توپ ئوششاق باللارنى ئەتراپىغا يىغىپ سۇنۇق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغاندەكلا بىر ئىش. دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز، يەككە - يىگانە قالغان بىچارە موماي ... ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە جاھاننىڭ تاتلىق ۋە كۆڭۈللۈكلۈكىنى ئېسىگە سېلىپ تۇرىدىغان نە بىرەر توخۇ، نە بىرەر قويى بولسا! ھازىر ئۇنىڭ ئىلكىدە بار - يوقى تاملىرى ماكچىيىپ، تورۇسلىرى ئىستا قارىيىپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق كونا ئۆي، ئاندىن قالسا مۇشۇ ئىككى مو يەر. ھەي شۇ ئۆي، يالغۇز جانغا ئۇمۇ بىر قەپەزگە

ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۆرە، مۇشۇ ئىككى مو يەر، ئۇنىڭدىكى ياپيېشىل قوناقلار يەنىلا كۆپ ياخشى. بۇ يەردىكى ھەر سىقىم توپا، ھەر تۈپ قوناق ماڭلايدىن تۆكۈلگەن ئاچچىق تەرنىڭ تۈزدەك ھالال نېمىتىنى بۇرنىغا پۇرىتىدۇ. ھالال نېسۋە ... دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ، ئۇنىڭدىن پاك نەرسە يوق. موماي ئەنە شۇنداق ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇشۇ قوناقلىقتىنلا سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللى تاپىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز سىرداشىدۇ. ھەر بىر تۈپ قوناق، ئۇنىڭ ھەر بىر ياپراقلىرى مومايغا ئەبەدى ئايرىلماس ھەمراھتەك بىلىنىدۇ ...

زەينەپخان — بۇنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇرغۇلىرىغا شان-شۆھرەت ۋە ئەل ھۆرمىتى سىڭگەن بۇ ئالاھىدە ئىسىم ئەتراپىتىكى كەنت-يېزىلارغىلا ئەمەس، پۈتۈن ناھىيىگە تونۇش. سەۋەبى، بىر چاغلاردا بۇ ئىسىم خۇددى ناھىيە ئاسمىنىدا چاققان چاقماققا ئوخشاش بۇ يەرنىڭ يېزا-قىشلاق، شەھەر-بازارلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، ئەجەب ئىش. بىر ئايال، يەنە كېلىپ بىر سەھرا ئايالى-ھە؟ ... دۇرۇس، ئۇ بىر چالا ساۋات سەھرا ئايالى، لېكىن ئۇ بۇ شان-شۆھرەت، ھۆرمەت-ئىناۋەتنى ھېچ نېمە بىلەن ئەمەس، دېھقان كۈلگەندە كۈلۈپ، يىغلىغاندا يىغلاپ تاپقان.

كەنت باشلىقى، كوپېراتسىيە مۇدىرى، دادۈي باشلىقى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، ئاياللار مۇدىرى، يەسلى تەربىيىچىسى، تۇغۇت ئانىسى ... ئۇنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى بۇ كەنتتە ئىشلەپ كۆرمىگەن يەنە قايسى خىزمىتى قالغاندۇ؟ ياق. خەلق ئەسكىرى لىيەنجاڭلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىرسىمۇ قالماپتۇ. ئۇ بۇ خىزمەتلەر ئۈچۈن جاپانى يەتكۈچە تارتقان. بەللىرى مۈكچەيگەن، چاچلىرى ئاقارغان ...

چۆلتوغراق — مانا بۇ كەنتنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئىسمىمۇ جىسمىغا لايىق قويۇلغان نامى، يەرلىرى شورتاڭ، زەيلىك؛ كونىلارنىڭ ئاغزىدىكى «ئېشەك سىيسە ئۈچ كۈنگىچە سىڭمەيدۇ» دېگەن يەر دەل مۇشۇ چۆلتوغراقنىڭ ئۆزى. يېزىلار گۇڭشېلىشىپ، زەينەپخان بۇ داۋيگە تۇنجى قېتىم دادۈيجاڭ بولغان كۈندىن تارتىپ ئىشنى ئالدى بىلەن شور ۋە زەي ئاپىتىگە قارشى تۇرۇشتىن باشلىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن زەيلىكلەر چېپىلىشى، ئېرىق-ئۆستەڭلەر راۋانلاشتۇرۇلۇشى، نەچچە مىڭ مو يەر باشقىدىن رەتلىنىپ، باغ-ئورمانلار بىنا قىلىنىشى كېرەك. بۇلار ئۈچۈن ئۇ قەھرىتان قىش-زىمىستانلاردىمۇ پۇشقاقلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، ئەرلەر بىلەن تەڭ زەيلىك چاپقان، بوزلۇقلاردا سۇ تۇتقان، دېھقانلار بىلەن بىللە ياز-يازلاپ ئېتىز ئۈستىدە دۈم يېتىپ، دۈم قوپقان ...

ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، چۆلتوغراقنىڭ نامرات چۆل قىياپىتى ئاستا-ئاستا يېڭىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ھال-كۈنى ياخشىلانغانسېرى بۇ يەرگە تەكشۈرۈش، زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيىگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھىيە، ۋىلايەت رەھبەرلىرىمۇ، يازغۇچى، مۇخبىرلارمۇ بار ئىدى ...

ئاھ، چۆلتوغراق! ئالاي ئەسلىمىلەرنى زەينەپخاننىڭ ئېسىگە سالىدىغان بۇ ئىسىم ئەمدى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. ھازىرقى ياشلار ئۇ ئىسىمنى ۋە بۇ يەرنىڭ بىر چاغلاردىكى قىياپىتىنىڭ قانداقلىقىنى ئاڭلىسا ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشىدۇ. بۇ كەنتنىڭ ھازىرقى ئىسمى بوستان توغراق، ئىسمى جىسمىغا

لايىق بوستان توغراق.

ئەمما بۇ يېزا گۈللەپ - ياشناپ، روناق تاپقان بىلەن، زەينەپخان قېرىپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇرۇن سۆزلىگەندە چاكىلداپ چىقىدىغان زىل ئاۋازى ئەمدى خۇددى نەچچە يېرىدىن ئۈزۈلۈپ، قايتا ئۇلانغان دۇتار تارىدەك خىرىلداپ چىقىدىغان، ئۆيىدىن مۇشۇ ئىككى مو يېرىگىمۇ نەچچە يەردە ئولتۇرۇپ، دېمىنى ئېلىپ كەلمىسە ھۆمۈدەپ يۈرىكى سالىدىغان؛ يولنى سەللا جىغراق مېڭىپ كەتسە پۇت - قوللىرى سىقىراپ، چىقىپ ئاغرىپ جېنىنى قاقشىتىدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ قورايدەك ئىنچىكىلەپ، يادەك ئېگىلىپ قالغان قەددىنى، چانىقىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى، پاخپايغان ئاق چاچلىرىنى، ئەسكى لاتىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن قانسىز تاتىراڭغۇ چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېھقانلىك مومايلار يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ، ئېسەدەپ كۆز يېشى قىلىشاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن خۇشال بولغانلارمۇ، شادلىقى يۈرىكىگە سىغماي قالغانلارمۇ بار ئىدى. ئاشۇلارنىڭ بىرى كەنتنىڭ باش پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى. ئۇ ئۆتكەن يىلى مومايغا، ئۇنىڭ ياشنىپ، كۆزىنىڭ خىرەلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى — خالىسانە تۇغۇت ئانىسى بولۇشقىمۇ رۇخسەت يوقلۇقىنى ئېيتتى. زەينەپخان موماي بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن كەنت ئاياللار مۇدىرلىقى ۋە يەسلى تەربىيەچىسى ۋەزىپىسىدىن ئۈن - تىنسىزلا قالدۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ياردەم سورايدىغان پەقەت ھامىلدار ئاياللارلا قالغانىدى. ئەمدى بۇلارمۇ خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان قۇشقاچتەك زەينەپخانىنىڭ ئەتراپىدىن توزۇپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئاجايىپ خىزمەت تۆھپىلىرى بىلەن پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، نامى ۋە ئىش - ئىزلىرى رادىئو، گېزىتلەرنى بىر ئالغان؛ «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزاسى»؛ «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» ... دېگەن شەرەپلىك ناملار بىلەن ناھىيىگە، ۋىلايەتكە، ئاپتونوم رايونغا، ھەتتا بېيجىڭغا نەچچە قېتىم يىغىن، ئېكىسكۇرسىيىگە بارغان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

بىر يىل بولدى، ئۇ بۇرۇن كىشىلەرگە قىلىدىغان خۇش چاقچاقلىرىدىن، مەشرەپ، توي - تۆكۈندىكى ئۇسسۇل، كۈلكىلىرىدىن قالدى، دېمەك ئىچىگە چۆشۈپ كەتتى. كىشىلەر ھەممىشە ئۇنى چېچىلغان، نېمىگىدۇر ئاچچىقلانغان ھالدا كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قېلىشتى. راست، ئۇ ھازىر كىچىك بالىدەك تېرىككەك، قومدەك ئۇششاق سۆز بولۇپ قالدى.

«بۇ قانداق ئىش؟ — موماي ھەيرانلىق ۋە ئەلەملىك تۈيغۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلايتتى، — بىر چاغلاردا قولۇمنى ئىككى قوللاپ قىسىپ، مۇكاپات - تەقدىرنامىلەرنى ئىككى قوللاپ سۇنغان ۋالى - ھاكىملار؛ ئىش ئىزلىرىمىزنى يازىمىز دەپ كۈندە ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، بىزار قىلىۋەتكەن يازغۇچى، مۇخبىر دېگەنلەر ئەمدى نەگە كەتكەندۇ — ھە؟ مېنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ھەق سۆزلەپ قويىدىغان بىرەر كىشىمۇ يوقمىدۇ. ئۇلار مېنى تاشلىۋېتىشتى، قېرىغاندا، كۈچ - ماداردىن قالغاندا خۇددى توپىغا، تاشقا، ياغاچقا ... ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە چېپىۋېرىپ ئاخىرى بېسى تۆكەپ دۆك بولۇپ قالغان كەتمەننى ئەسكى

سامانلىقتا چۆرۈۋەتكەندەك تاشلىۋېتىشتى. كەتمەن ... ئۇنىڭ ئۆتكۈر بىسى تۈگەپ دوك -
كۆتمەك بولۇپ قالغاندىمۇ دېھقاندىن تېگىشلىك قەدىرلىنىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار. سە-
ۋەبى دېھقاننى كۈتكەن ئارزۇ - مۇرادىغا يەتكۈزگەن، ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلغان، ئۇنى ھەمى-
شە پاكلىق، ئىشچانلىق ۋە ساداقەتكە ئۈندەپ تۇرىدىغان خاسىيەتلىك نەرسە پەقەت ئەنە
شۇ كەتمەن! ھىم، قېرىدىڭىز دەيدۇ تېخى! بۇ ئۇلارغا بىر باھانە، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى-
دا ئۇلارنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنى، باست قۇشنىڭ ھارامدىن سالغان داستىخىنىدا تومشۇقىنى
قانداق بۇلغىغانلىقىنى تەنقىد قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەندىن ئۆچ ئالغان ... »

زەينەپخاننى چېچىلدۇرغان، قومدەك ئۇششاق سۆزلەتكەن نەرسە يالغۇز بۇلا ئەمەس
مۇھەممى، باست قۇشنىڭ ئەمدى بىردىنلا يۈز - ئابروي تېپىپ «يۈز مىڭ يۈەنلىك كەسپىي
ئائىلە» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن، ناھىيىدىكى بىردىنبىر نام - ئىناۋەتلىك شەخسكە ئايلى-
نىپ قالغانلىقى. ھەي، توۋا! نېمىنى تۇتسا، ئۇنىڭدىن بىر ئۆلۈش ئولجا يۇلۇۋالماي قويۇ-
ۋەتمەيدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس - ھايا، ئىنساپ، ئەدەب دېگەنلەر بىلەن ھېسابلىشىپ
ئولتۇرمايدىغان مۇشۇ باست قۇش - ھە؟ زەينەپخان ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتاتتى، ئۇ
باست قۇشنىڭ نام - ئەمەلىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بوستان توغراقتىكى بىردىنبىر «يۈز
مىڭ يۈەنلىك كەسپىي ئائىلە» بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. زەينەپخان دا-
دۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلدە باست قۇش دادۈيجاڭ بولۇپ ئىش-
لىگەن، زەينەپخان ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ دادۈيجاڭ بولۇۋالغانلىقىنى ۋە ھوقۇ-
قىدىن پايدىلىنىپ دادۈينىڭ ئىقتىسادىنى قانچىلىك قاقتى - سوقتى قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلى-
ۋالدى. ئۇ باستنى دادۈيجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى
ئېنىقلاش توغرىلىق گۇڭشې پارتكومىغا تەكلىپ بەرگەنىدى. گۇڭشې خىزمەت گۇرۇپپىسى ئە-
ۋەتىپ ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى دادۈيجاڭلىقتىن ئېلىپ تاش-
لاشتى، ئەمما ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېنىقلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. زەي-
نەپخان بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەنىدى. ئۇلار تەڭقىسلىقتا قالغاندەك بولۇپ، گەرچە
باست قۇشنىڭ ئىقتىسادىي خاتالىقى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ،
ئەمما خاتالىقىنىڭ بىر ئۇچى ناھىيىدىكى ئايرىم رەھبەرگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا
گۇڭشې رەھبەرلىكىنىڭ ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئاجىزلىق قىلارمىش تېخى، بۇ
تەسلىمچىلىك! زەينەپخان ئۇلارغا شۇ يەردىلا جوزىنى مۇشتلاپ ۋارقىرىدى، ئۇ كېيىن نا-
ھىيىلىك پارتكومغا، ھاكىمغا ئەرز يازدى، ئەمما بۇ ئەرزنىڭ خۇلاسىسى، ئۇنىڭ ئىككى ئاي-
دىن كېيىن ياچېيكا شۇجىلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، دادۈي ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تە-
يىنلىنىشى بىلەن ئاياغلاشتى. باست قۇش ئەنە شۇ چاغلاردا دادۈي بىساتىدىن شىلىۋالغان
دەپپى - دۇنيانىڭ پەيزى - كارامىتىنى ئەمدى سۈرمەكتە. بوستان توغراقنىڭ ناھىيە بازىرى-
غا تولىمۇ يىراقلىقى باست قۇشنىڭ ئامىتى ئۈستىگە ئامەت ئېلىپ كەلدى. ئەمدى زەيىلىك-
لەر تىنىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىلمىغان قالغانلىقتىن كۆتۈرە ئالغان يېرىنىڭ ھوسۇلىنى
توختامدىكى كۆرسەتكۈچكە يەتكۈزەلمىگەن دېھقان ئەترەتكە قەرز تۆلەش ۋە ئۆيىنىڭ خەج-
خىراجىتى ئۈچۈن بىرلىرى ئېلىكىدىكى قوي، كالا، توخۇ - تۇمانلىرىنى، تېرە - يۇڭ، ھەتتا

ئاشلىق، پاختىلىرىنى باسىت قۇشقا يېرىم باھا ئەرزان سېتىشقا، بىرلىرى ئۇنىڭغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر. باسىت قۇشنىڭ تۆت تونىنلىق قارا ماشىنىسى ناھىيە بازىرىغا نەرسىلەرنى بېسىپ كۈندە دېگۈدەك قاتناپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ نەرسىلەردىن ناھىيە بازىرىدا قانچىلىك پايدا تاپىدۇ؟ بۇنىڭ سان - ھېسابىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ ناھىيە بازىرىدىن ئەلۋەتتە قورۇق كەلمەيدۇ. كىچىكى يىگىنە - سەرەڭگىدىن، چوڭى خىمىيىۋى ئوغۇت - قىچە ھەممىنى ئېلىپ كېلىدۇ، سەرەڭگىنىڭ بىر قېپى ئون پۇڭ، بىر خالتا خىمىيىۋى ئوغۇت - نى قىرىق - ئەللىك يۈەن تۆلىمەي تۇرۇپ ھېچقانداق دېھقان ئالالمايدۇ. بۇ يىل ئەتىيازدا ئۇنىڭدىن خالتىسىنى ئەللىك يۈەندىن سېتىۋالغان ساختا خىمىيىۋى ئوغۇتتا يەرلىرىدىكى بۇغداي مايسىلىرى كۆيۈپ نابۇت بولۇپ كەتكەن ئون نەچچە ئۆيلۈك دېھقانىنىڭ ئەرز شىكايەت، نالە - پەريادىنى ئاڭلايدىغان ھېچكىم يوق. مانا بۇلار ھەممىنىڭ ئاغزىدا «چاپالدىق ئىشلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئەزىمەت دېھقان» دەپ نامى كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان «يۈز مىڭ يۈەنلىك كەسپىي ئائىلە» باسىت قۇشنىڭ بېيىش يولى. زەينەپخان بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالسا غەزەپتىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالىدۇ. باسىت قۇشنى بولۇشىچە قاغايدۇ. كىملەرنىدۇر ئەيىبلەيدۇ. ئەمما ئۇ قاغىغانسېرى، ئەيىبلىگەنسېرى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار بوستان توغراقتا تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. زەينەپخانىنى ئاللىقاچان ئەستىن چىقىرىشقان ناھىيە، ۋىلايەت رەھبەرلىرى كىچىك ماشىنىلىرىدا باسىت قۇشنىڭ ئۆيىگە ھەپتىدە نەچچە كېلىپ تۇرىدىغان، ھېلىقى مۇخبىرلار ئەمدى ئۇنىڭ قورۇسىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى.

زەينەپخان قوناقلىق قىرلىرىدا مۇكچەيگىنىچە خىيالغا چۆكتى، «بۇ نېمە ئىش؟ ئۇنى ماختاپ، كۆككە ئۇچۇرۇپ، شان - شۆھرەت تاجىسىنى بېشىغا كەيدۈرۈۋاتقانلار ئۇنىڭ ھارام ۋە قانۇنسىزلىق بىلەن بېيىۋاتقانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ پارا، داستىخان ھەم خۇشامەت، خەلق شۇنچىۋالا ئىشەنچ، ئەقىدە باغلىغان كىشىلەرنىڭ قولىقىنى پاك، كۆزىنى كور قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەتلىك سېھرى كۈچكە ئىگىمىدۇ؟ بىر چاغلاردا كىشىلەر خۇددى مۇشۇ يېڭى دان تۇتقان قوناقتەك پاك ئىدى، خىيانەت، ئارقا ئىشىك دېگەنلەرنى نومۇس، خۇشامەتچىلىك نىيىتى بىلەن ئېچىلغان داستىخاندا ئولتۇرۇشنى ھارام دەپ بىلەتتى. ھەي ... ئۇ ئاجايىپ چاغلار ئىدى ...» مومايىنىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

2

زەينەپخان ئەتىگەندە قوناقلىققا كېلىپ، كۆڭلى خۇددى تاش چايناۋالغاندەك ئەسكى بولدى. دان تۇتقان قوناقلارنىڭ چوڭ - چوڭ باش ئالغانلىرى ئاردىلاپ - ئاردىلاپ ئۈزۈۋېلىنغان، گاھى قوناق تۈپلىرى دەسسەپ چەيلەنگەن، باش ئېتىزنىڭ بىر پارچە كېڭىز ئورنى كېلىدىغان يەرنىڭ قونىقى ئورۇپ كېتىلگەنىدى. مومايىنىڭ بۇلارغا قاراپ ئىچى سېرىلدى، ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىققان ئەلەملىك، ئاچچىق بىر يىغا نەپەسلىرىنى بوغدى. بۇ ئوغرىنىڭ كىملىكى مومايغا ئايان، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھالال ھەققى ۋە ئاجىز، نامراتلارنىڭ قولىدىكى ئاخىرقى بىساتلىرىنىمۇ شىلىۋېلىپ ئۆزىنى سەمرىتكەن، شۇلار بەدىلىگە نام - ئاتاق تاپقان بۇ ئاجايىپ بەندە ئەلۋەتتە باسىت قۇش. يازدا بۇ يەردىكى بۇغداي تازا

پىشىپ، موماي ۋاقتىدا ئورۇۋېلىش ئۈچۈن ئومىچلارنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇ قەستەن قىپرىمىسىدىكى توخۇلىرىنى قويۇۋېتىپ، بۇغدايلىرىنىڭ پايانىنى قويمىغان. ئۇمۇ شۇنداق ئەپلىك پەيت - پۇرسەتلەرنى تېپىپ، زەينەپخاننىڭ ئۇنى بىر چاغلاردا دادۇيجاڭلىقتىن قالدۇرغۇزۇۋەتكەنلىكلىرىنى بۇرنىدىن بۆلاق چىقارماقچى.

ھەي، قولدا ھوقۇق بار ۋاقىتلارمۇ قەۋەتلا ياخشى چاغلار ئىدى، زەينەپخان مۇشۇنداق ئوغرى، مۇتەھەممەلەرنىڭ ئانا - مانىسىنى كۆرسەتتى. قىلچە رەھىم قىلمايتتى. دەرىخ! ئاشۇ يىللار ئالدىدا قول باغلاپ، ھەتتا تىك بېقىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان مۇنۇ باسىت قۇش ئەمدى ھوقۇق قولدىن كەتكەندە ئۇنى خالىغانچە بوزەك قىلماقتا.

باسىت قۇشنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ھايال ئۆتمەي ئۇ، قوناقلىق يېنىدىكى تار يولغا پۇرقىرىتىپ توپا توزۇتۇپ ئۈستىگە لىق يۈك - تېرە بېسىلغان ماشىنىنى ھەيدەپ كەلدى.

— ۋاھ، سىلە بىلەن ئەجەپ ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ قالدىما، — دېدى ئۇ زەينەپخاننىڭ ئۇدۇلدا توختاتقان ماشىنىنىڭ كەپىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ. كىر دوپپا، چاسا يۈز، پىيالە كۆز، قۇش بۇرۇن، قاپقارا ساقاللىرى يىراقتىن خۇددى ئېگىمكىگە كىگىز پارچىسى چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئادەمگە موماي بىرخىل سوغۇق، ئەلەملىك نەزەرى بىلەن تىكىلدى:

— نېمە ئىش ئىدى باستاخۇن؟

— سىلىنى ئەمدى ئېتىزنىڭ جەبرى - مۇشەققىتىدىن بىراقلا خالاس قىلىدىغان بولدۇق زەينەپخاچا، شىركەتنىڭ ئانچە - مۇنچە تازىلىق - پاكىزلىقىنى قىلىشىپ بەرسىلە ھېساب، ئىش ھەققىلىرىگە ھەر ئايدا ئالىدىغانلىرى نەقپۇل، ئاز دېگەندىمۇ قىرىق بەش يۈەندىن كەم چۈشمەيدۇ. ھۆكۈمەتكە ئوتتۇز نەچچە يىل ئىشلەپمۇ ئىگە بولالمىغان ئايلىققا ئەمدى ئىگە بولىدىغان بولدىلا زەينەپخاچا!

— نەدىكى شىركەت ئىكەن ئۇ؟ — موماي ئاڭقىرالماي كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— نەدىكى بولاتتى؟ دەل سىلى ھازىر ئولتۇرغان يەرگە قۇرۇلىدىغان «باسىت تۆمۈر» نامىدىكى شىركەت. مەن بۇ شىركەت ئارقىلىق بوستان توغراقلىقلارغا باي بولۇش يولىنى ئېچىپ بېرىشكە بەل باغلىدىم. مەن بۇ يەردە شىركىتىمدە ئىشلەشنى خالايدىغانلىكى كىشىلەرنى يېتەرلىك ئىش بىلەن تەمىنلەيمەن. پايدىنى نىسبەت بويىچە بۆلۈشىمىز. قانداق ئىش دەملا؟ قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سېرىق بۇيا يىلتىزى كولاشقا، بىر قىسمىنى تاغدىن بىرال تاش قېزىشقا تەشكىللەيمەن. يەنە بىر قىسىملارنى ئەتراپتىكى كەنت - يېزىلاردىن يۈك، تېرە، قوي، كالا، توخۇ، تۇخۇم، ياغاچ، تاش ... ئىش قىلىپ، ئالدىمغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى يىغىشقا سالىمەن. مەن ئىچكىرىدىكى بىر نەچچە شىركەتلەر بىلەن دىگۋارلاشتىم. مەن ئۇلارنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىمەكچىمەن. قانداق؟ سىلى بىر چاغلاردا جاپاغا چىداپ، قاتتىق ئىشلەپ بوستان توغراقنى ناھىيىگە تونۇتقان بولسىلا، ئەمدى مەن ئۇنى پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ۋىلايەتكە، ئاپتونوم رايونغا تۇتاشتۇرماقچىمەن!

— پىلانىڭىز قالتىسكەن باستاخۇن، — موماي ھاسىسىغا تايىنىپ، قىردىن تۇرۇۋېتىپ،

باسىت قۇشقا بىر خىل مەسخىرىلىك كىنايە بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — سىزمۇ شىركىتىڭىزنى قۇرۇۋېرىڭ، مەنمۇ ئېتىزىمدا ئىشلەۋېرەي، ھەممىڭىزگە رەھمەت ئۇكام.

— ئەمما بۇ ئىككى مو يەر ئەمدى سىلىگە تەئەللۇق بولماي قالدى زەينەپخاچا، ئۇنۇڭغۇندىن تارتىپ ئۇ رەسمى مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتتى، شۇڭا سىلىنى شىركىتىمگە ئەزا قىلىۋالاي دېگىنىم - دە، بۇ.

موماي مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ يۈگۈرگەندەك ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى چالا كۆيگەن چوچۇلىدەك قارايغان، كۆزلىرى يەلپۈنۈۋاتقان چوغدەك يالىلداپ تۇراتتى.

— بۇ كىمنىڭ قارارى؟! - دېدى ئۇ غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ. ئەمما باسىت قۇش ھېچ نېمە بولمىغاندەك خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

— مەن نەدىن بىلەي؟ دادۇيىنىڭ قارارىدۇ، بولمىسا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ - دۇ. ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراق رەھبەرلىكنىڭدۇ. نىياز شۇجى ماڭا ئېيتتى، ئاڭلىغانىنى سىلىگە دېدىم شۇ.

— قارارنى كىم چىقىرىشتىن قەتئىي نەزەر، بۇ قانۇنسىزلىق! قولۇمدا يەرنىڭ قانۇنىي خېتى، توختام ھۆججىتى بار. قېنى ئۇنى كىم يىرتىۋېتەلەيدىكىن؟ مەركەزنىڭ سىياسىتى بىلەن قارشىلىشالايدىغان بېشى ئونمىكەن ئۇلارنىڭ؟

— بىراق مەن قۇرماقچى بولغان شىركەتمۇ مەركەزنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن - دە، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك، مېنىڭ بۇ ئاكتىپچانلىقىمنى قوللاپ چىققان.

— سىز بۇلارنى ئۆزىڭىزگە قالقان قىلىۋالماڭ، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ئوبدان بىلىشىمىزغۇ، قوناقلىقىقا كىرىپ قاراپ بېقىڭا، قوناق ئوغرىسىنىڭ ئايىغىنىڭ ئىزى كىمنىڭ ئاياغ ئىزىغا ئوخشايدىكىن؟ مانا بۇ سىزنىڭ شىركەت قۇرىمەن دەپ ماڭغان قەدىمىڭىزدە قالدۇرغان تۇنجى ئاياغ ئىزىڭىز.

— بۇ تۆھمەت! — دېدى باسىت قۇش تۈمۈردەك قارىداپ، — ئادەمگە ئۇنداق بىھۇدە قارا چاپلىمىسىلا جۇمۇ!

— ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان كۈپىرانە ئىشىدىن تېنىۋالمىقى ئاسان، ئەمما ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلىشى تەس، مانا شۇ يېرى ھەممىدىن يامان. قېنى يۈلىڭىز بولسۇن باستاخۇن!

باسىت قۇش ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ جايىدىن قوزغىدى، ئۇ ئىككى ياقا كېلەڭسىز ئىغاڭشىپ سۈرئىتىنى بارغانسېرى تېزلىتىۋاتقان ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ئېسىلىردە بولسۇن، ئەمدى بۇ يەرنىڭ پەقەت قونىقىدىلا ھەققىلىرى قالدى، — دەپ ۋارقىرىدى.

زەينەپخانغا ئەمدى بىر سىر ئايان بولدى. ئۇ، باسىت قۇش ھەم ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ بۇ يەردە تېخىمۇ چوڭ شۇملۇقلارنى قىلالىشى ئۈچۈن چوڭ تەھدىت، پۇتلىكاشاڭ تاش بولۇپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مومايىنى بۇ ئەتراپتىن كۆزدىن يوقىتىشنىڭ مۇشۇ چارىسىنى ئويلاپ تېپىشقان، بولمىسا باسىت قۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئەتراپتا يەر كەممۇ؟

موماي كەچتە يەر خېتى، توختام ھۆججەتلىرىنى كۆتۈرۈپ دادۇي پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ھويلىدا ئىش قىزىغان، باسىت قۇشنىڭ يەتتە - سەككىز كۈنلۈكچىلىرى شۇجىنىڭ كونا ئۆيىگە يانداپ يېڭىشىق خىشتا ئۆي سېلىۋاتاتتى.

— بۇ نېمە ئىش ئۇكام؟ — دېدى موماي يانچۇقىدىن يەر خېتى بىلەن توختام ھۆججىتىنى ئېلىپ، — بۇنى سىز ماڭا ئۆز قولىڭىز بىلەن تارقاتقان، ئەمدى بۇنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يىرتاماقچىمۇ؟

— ھە، ھېلىقى ئىككى مو يېرىڭىزنىڭ گېپىمۇ؟ — نىياز شۇجى مومايىنىڭ قولىدىكى خەت، ھۆججەتكە نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمىدى، — يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن مۇشۇنداق بولۇپ قالدى ئاچا، مەن دادۈيجاڭغا ئېيتىپ قويدۇم، سىزگە كونا كۆزلەكتىن يېتەرلىك يەر ئاجرىتىپ بەرمەكچى. ئەمدى يەردىكى قونىقىڭىزغا كەلسەك ...

— سىلەر مېنى قېرىغاندا ئاشۇ زەيلىككە تاشلاپ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ — مرماي قىزىشىپ شۇجىنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى سىز بىلەمسىز؟! زەيلىك تېنىپ كەتكەندىن كېيىن پاقا بىلەن ياۋا ئۆردەكنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە ئەمدى قۇربىتىم يەتمەيدۇ ئۇكام!

— بىزمۇ سىزنى جاپادا قالسۇن دېمىدۇق-دە، ئاڭلىدىم، باسىت تۆمۈرنىڭ شىركىتىگە كىرىپ ئىشلەشنى رەت قىپسىز.

— رەت قىلدىم، سەۋەبى، دېھقانلارنى قاقتى-سوقتى قىلىش ھېسابىغا تاپقان پۇلغا شېرىك بولۇشنى راۋا كۆرمىدىم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، قېرىدىم، كۈچتىن قېلىپ دادۈيدىكى نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا چۈشۈپ قالدىم. لېكىن مەن بۇنىڭلىق بىلەن باسىت قۇشنىڭ ھارام داستىخىنىدا تۇمشۇقىمنى بۇلغاشنى خالىمايمەن، كوممۇنىستمەن!

— ھەببەللى، بۇ گەپنى توغرا دېدىڭىز، سىز پېشقەدەم كوممۇنىست، مەنمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا پارتىيىگە ئۆتكەن، قېرىدىم دەيسىز، ئەمما كوممۇنىستنىڭ ياش-قېرىسى بولمايدۇ-دە، ھەممىمىز ئوخشاش كوممۇنىست. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى نېمە؟ ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم مادا، پارتىيە رەھبەرلىكىگە، يۇقىرىنىڭ قارارلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇش، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش. باسىت تۆمۈرگە كەلسەك، ئۇ ناھىيىمىز بويىچە ئىسلاھات يولىغا دادىل قەدەم قويغان ئۈلگىلىك دېھقان. ئۇنىڭ ئىشىنى شۇ تاپتا كىم قوللىمايمەن دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، سىز يەنىلا بۇرۇنقى كونا رامكىدىن چىقالمايۋاتىسىز. دەۋر ئۆزگەردى. سىز بىر چاغلاردا تۇۋلىغان شوئار ئەمدى ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. كۆرمەيۋاتامسىز، ھازىر پۇل بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ زەينەپخاچا!

— ھەي ئېسىت! ...، — موماي خۇددى ھازىدار ئايالدەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى، — سىزمۇ مۇشۇنداق سۆزلىسىڭىز باشقىلار نېمە دەر؟ بوستان توغراقنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟ — ئۇ يىغىدىن بوغۇلۇپ، ئاۋازى خىرىلداپ قالدى، كۈچسىز، ئەمما ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان بىر ھەسرەتلىك كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە داۋام قىلىپ دېدى، — بوپتۇ ئۇكام، سىز باسىت قۇشنىڭ قاقتى-سوقتىلىق، قانۇنسىزلىق بىلەن روناق تاپقانلىقىنى دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي بېيىش يولى دەپ چۈشەنسىڭىز ئەمدى مەن قېرىغا نېمە ئامال؟ مەن سىزگە تۇغۇت ئانىسى بولغان، كىندىكىڭىزنىمۇ ئۆزەم كەسكەن، ھېچ بولمىسا مۇشۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆڭلۈمدىكىنى دەۋالاي، سىز پۇل دېگەن بۇ نەرسىنى مۇنچىۋالا ئۈستۈن كۆرۈپ كەتمەڭ. بولمىسا، ئۇنىڭدىنمۇ قەدىرلىك ئۇلۇغراق نەرسىڭىزدىن قۇرۇق قالىسىز.

ئۇ نېمە دەمسىز؟ ئۇ ئادەمنىي خىسلەت. پۇل ئۈچۈن نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلگەن ئادەم ئاخىرى ئۆزىنىمۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ تونۇشتۇرمەي قالمايدۇ. باستقۇشنىڭ بېيىش يولىنى كىم قوللىمايمەن دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ دەيسىز، مانا مەن قوللىمايمەن. ھازىر خىلمۇ خىل قالايمىقانچىلىق ھەم ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلاھات دېيىلىۋاتىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتاي، باستقۇش بۇ يەردىكى دېھقانلاردىن لىگەندەك قۇيرۇقى بار قويلارنى يۈز كويدىن ئېلىپ، شەھەرگە ئاپىرىپ سويۇپ، ئوغۇللىرى ئارقىلىق كىلوسىنى يەتتە يېرىم كويدىن سېتىۋاتقانمىش، قايسى كۈنى ئىككى-ئۈچ دېھقاندىن ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۆيلىرىدىكى ئېغىر كېسەللەرنى مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ «خۇدا ھەققى قۇتقۇزۇۋالساڭلار» دېسە «ئالدى بىلەن پۇل تاپشۇرۇڭ» دېگەنمىش، بىچارىلەر كېسەللىرىنى دوختۇرخانىغا تىرىك ئاپىرىپ ئۆلۈكىنى قايتۇرۇپ كېتىپتۇ، ئېيتىڭا، سىز مۇشۇلارنى ھەقىقىي ئىسلاھات دېيەلەمسىز؟ مېڭىڭىزنى سەگەك تۇتۇڭ ئۇكام، شۇڭا دەيمەنكى، سىز مېنى ئىككى مو يېرىمنى باستقۇشقا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە قىستىماڭ. كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى دېگىنىڭىز باستقۇشنىڭ مەنپەئەتىمۇ، لېكىن سىز بۇنى دەپ مەركەزنىڭ سىياستىگە توغرا تۇرۇپ قالماڭ. بولمىسا كېيىن بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي قالىسىز.

شۇجىنىڭ كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ، پاتاڭ گۆشلىرى قىزاردى، ئۇ يانچۇقىدىن قەغەز ئېلىپ تاماكا ئوراشقا باشلىدى. قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى.

— ماڭا نېمە ئىلاج؟ — دېدى ئۇ خېلىغىچە داۋام قىلغان ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن، — سىزگە ئېيتمىسام بولمايدۇ، بۇ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى. ئەڭ ياخشىسى ئۇلار بىلەن ئۆزىڭىز كۆرۈشۈپ باقسىڭىز زەينەپخاچا.

— كىم بىلەن؟ يېزا باشلىقى بىلەنمۇ، ياكى ھاكىم بىلەن؟ — موماي چېچىلىپ ئورنىدىن قوپتى، — مەركەزنىڭ سىياستىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك. ماڭا تۇتۇق بېرەمدۇ ئۇلار؟ سىزگە ئېيتىپ قويدۇم، شۇ ھېساب. يەر مېنىڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئۆلگۈچە مېنىڭ!

موماي نىياز شۇجىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، يېرى توغرۇلۇق خېلىلا خاتىرجەملىك ھېس قىلدى، ئۇ، شۇجى ئەمدى بىرىنچى بولۇپ بۇ قارارنى ئىجرا قىلىشتىن يالتىيىدۇ دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە بىر نەچچە مەكتەپ بالىلىرى مومايىنىڭ ھويلىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى.

— تېز بولسىلا، زەينەپخان موما، قوناقلىرىنى بىر توپ قوي، كالىلار دەسسەپ پايخان قىلغىلى تۇرۇپتۇ، — دېيىشتى ئۇلار چۇرقىرىشىپ. مومايىنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولدى، لېكىن پۇت-قوللىرىدىن ئاللىبۇرۇن يوقالغان بىر غايىۋانە كۈچ ۋۇجۇدىغا قايتىدىن يېيىلىپ كەلگەندەك بولدى، ئۇ ھاسىسىنى قولتۇقلاپ، گاھ يورغىلاپ، گاھ يۈگۈرگىنىچە قوناقلىقىغا يېتىپ كەلدى، قوناقلار تۈگەل چەيلەنگەن! يۇمران شاخلار خۇددى مۆلدۈر سوققاندەك يالىڭاچلىنىپ يەرگە چاپلىشىپ ياتاتتى. قوي-كالىلار ھەيدەپ كېتىلگەنىدى. موماي قىرغا ئۆزىنى ئېتىپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاھ، ئېست، قوناقلىرىم! مەن بۇلارغا قان-تەر تۆككەن ئەمەسمىدىم؟ قىشلىقىغا

سوقۇپ سېتىپ، ئاخىرەتلىكىمنى تەييارلاپ قوياي دەپ ئويلىمىغانمىدىم؟ ...

شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان نىياز شوجى مومايىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەن بۇ ئىشنى ئەتىگەندە ئاڭلاپلا يېتىپ كەلگەن، — دېدى ئۇ مومايىنى يۆلەۋېتىپ، — ئەھۋالىنى دەرھال ئېنىقلاپ چىقتىم. ھەممە جاۋابكارلىق ھېلىقى داۋۇت دېگەن كونىلىكچى تازىدا ئىكەن، ئاخشام ھاراقنى بولۇشچە ئىچىپ قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئەتمەيلا ئۇخلاپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ، باستى تۆمۈر ئاچچىقىدىن بايىلا ئۇنىڭ كۆتىگە تەپتى. خەير، بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمما زىياننى تولۇقى بىلەن تۆلىتىپ بېرىشكە مەن كېپىل، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا زەينەپخاچا.

موماي ئورنىدىن تۇردى، يۈزلىرى تۇپىغا مىلەنگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى چانىقىدا دەھشەتتىن قېتىپ قالغان، چىرايى شورلۇق ھەم قەھرلىك ئىدى.

— نېمە بىلەن تۆلەيسىلەر ئېيتىڭلا، نېمە بىلەن؟

— پۇل تۆلىتىپ بەرمەكچىمەن. قونىقىڭىزنىڭ ھوسۇلىنى خېلىلا ئارتۇق ھېسابلىدىم. موسى يەتتە يۈز جىڭدىن، جەمئىي بىر مىڭ تۆت يۈز جىڭ، پۇلمۇ ئەركىن بازار ھېسابىدا بولدى، ئىككى يۈز سەكسەن كوي.

— ماڭا باستى قوشنىنىڭ پۇلى كېرەك ئەمەس، قان-تەرىمنىڭ ھالال مېۋىسى كېرەك، — دېدى موماي غەزەپتىن بوغۇلۇپ، ئاۋازى خىرقىراپ، — ھەي! پۇل ئۈچۈن نېمە بولۇپ كەتكەن ئادەملەر سىلەر؟! پۇل دېسە ھەتتا نىجاسەتكىمۇ ئۆزۈڭلارنى ئېتىشتىن، يانمايدىغان ئوخشايسىلەر. سىلەر پۇلغا ئۆزەڭلەرنىڭ ئادىمىي خىسلىتىڭلارنى سېتىۋەتتىڭلار!

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش بەس-مۇنازىرىگە ئاندىن ھورپىيىشىش، قىزىرىشقا ئۆتتى. مومايىنىڭ خىيالىچە بۇ كۆرەك، تەلۋە دادۋي شوجىسى ئەمدى ئۆزى بىلەن سۆزلىشىش سالاھىيىتىنى يوقاتقان، باستى قوشنىنىڭ، ئۆزىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشى ئۈچۈن قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىش ئېھتىمالىمۇ مۇقەررەردەك كۆرۈنەتتى. موماي ياشىنىپ قالغىنى بىلەن ئەقلى-ھوشى خۇددى قىران چاغلىرىدىكى — دادۋي شوجىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدىكىدەك تازا ھەم روشەن. ئۇ ھازىر بوستان توغراقتا قاقتى-سوقتىلىق ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ھەممىنى — دېھقانىنىڭ ساپ تەر، ھالال ئەمگىكىنى بېسىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇلارغا يول قويۇش، دېھقاننى قايتىدىن نامراتلىق ئازابىغا ئىتتىرگەنلىك بىلەن باراۋەر. ياق، ئەمدى بۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ!

زەينەپخان ئەمدى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىش، ئۇلارغا ئەرز-ھال ئېيتىش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئۇلار مومايىنىڭ ئەرز-دەردىنى ئاڭلارمۇ، قانچىلىك ھەل قىلار؟ ئۇ ئۆيىگە كېلىپ خىيالغا چۆكتى. تاماقمۇ يېمەي بۇنىڭ چارە-ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئويلاندى. شۇ چاغدا بىردىنلا تامدىكى قاتار-قاتار چاپلانغان تەقدىرنامىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇلار ئىستا قارىداپ، بۇرۇنقى پارقىراقلىقىنى يوقاتقان، چەت-چۆرىلىرى يىرتىلغان. لېكىن ئۇ زەينەپخانغا ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردىكى بوستان توغراقلىقلار ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشقان ئاجايىپ ھاياتىنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىسىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. مومايىنىڭ ۋۇجۇدى يۈرەك قانلىرىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىدىن لەرزىگە كەلدى، كۆزلىرىدە ئىسسىق ياش ئەگىدى. بوستان توغراق

جەننەتتەك ئەزىز يەر، ئادەملىرى ئىشچان ھەم نومۇس، ھايالىق، ئۇلار ئەزەلدىن ئۆز نىسىۋىسىنى ھالال ئىشلەپ تېپىپ يېيىشكە ئۆگەنگەن. ئەمدى بۇلارنى باستقۇشتەك ھارام تاماقلارنىڭ خام - تاراج قىلىشىغا تاشلاپ بېرىشكە بولمايدۇ. موماي ئەمدى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن ئاددىي بىر دېھقان سۈپىتىدە ئەمەس، ئەينى يىللاردىكى چۆل توغراقنى بوستان توغراققا ئۆزگەرتكەن يۇرت بېشى سۈپىتىدە سۆزلىشىدۇ. بۇ تەقدىرنامىلەر ئاشۇ يىللاردىكى تالاي ئىشلارغا ۋە مومايىنىڭ ئەسلىدە كەم ئىكەنلىكىگە پاكىت! ئۇ، مومايىنىڭ دەپسەندە قىلىنغان قوناقلىقىنىڭ قانۇن ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تېپىشىغا، ئىككى مو يەرنىڭ پەقەت ئۆزىگە تەئەللۇق بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ

موماي تامدىكى تەقدىرنامىلەرنى سويۇۋالدى، تامغا پاتماي قالغانلىرى ساندۇقتىمۇ بار ئىدى. ھەممىسىنى يىغىۋېدى بىر قولتۇق بولدى. موماي ئەتىسى بۇلارنى ئېلىپ، بازارغا ماڭغان بىرسىنىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۈمىد، تولىمۇ شېرىن بىر ئۈمىد بىلەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

ياش يېزا باشلىقى ئۇنى ئىشخانىسىدا خۇش پېئىل، ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. مومايىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ، ئالدىدىكى تەقدىرنامىلەرنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، مومايىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— بۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرمىسەممۇ بولار، چۈنكى ئەھۋاللىرىنى ئۇنىڭسىزمۇ ياخشى بىلىمەن ئەمەسمۇ، سىلى ئۆز ۋاقتىدا بوستان توغراق ئۈچۈن ئاجايىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، ئەمما ... بۇ خىزمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە ئالغان مۇكاپات - تەقدىرنامىلىرى ئەمدى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق نەرسىلەر بولۇپ قالدى.

— سىزنىڭچە ئەمدى بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى يوقالدىمۇ ئۇكام؟

— مەن بۇنداق دېمىدىم، مېنىڭ دېگىنىم باشقا گەپ، كومپارتىيە ئەزالىرى كونا دەسمايىسىدىن نەپ تاما قىلماسلىقى كېرەك.

— مەن نەپ تاما قىلمىدىم، — دېدى موماي رەنجىپ، — مەن ھالال كۈچۈمگە تايىنىپ ياشاش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن. باستقۇش قوناقلىرىمنى قوي - كالىلىرىغا چەيلىتىپ ۋەيران قىلدى. تېخى يېرىمنىمۇ تارتىۋالماقچى، نىياز شۇجى مۇشۇنداق ئادەمگە يەنە ...

— يان تاياق بولۇۋاتىدۇ دېمەكچىغۇ سىلى، — يېزا باشلىقى تاقەتسىزلىنىپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — باستقۇش يۇقىرىدىن بېكىتىلگەن ئۆلگە. بۇنىڭ ئۈچۈن نىياز شۇجىدىنمۇ، مېنىڭدىنمۇ رەنجىسىلە بولمايدۇ - دە، قوناقلىرىنى قوي - كالىلىرىغا دەسسىتىۋەتكەنلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى. دادۈيدىن تېلېفون كەلدى، ئارتۇقى بىلەن تۆلەپ بەرمەكچى بوپتىغۇ، ئۇنىڭدىن سىلى يەنە نېمىنى تەلەپ قىلماقچى؟

— سىز باستقۇشنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى يوللۇق دەپ ئويلامسىز ئۇكام؟

— شۇنداق، بۈگۈنكى كۈندە بېيىش — پۇل تېپىش ئەڭ توغرا سىياسەت دېمەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ئەلۋەتتە يوللۇق.

ئۇلار ئەنە شۇ تەرزدە خېلىغىچە تالاشتى، ھۆرپىيىشتى، زەينەپخان ئاخىرىدا ھالسىزلانغان، روھى چۈشكەن ھالدا يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدىن يېنىپ چىقتى.

بازار قىزىغان، ئەتراپتا يايمىچىلار، ئاشپەز، ناۋايلار، كاۋاپچىلار، لەڭپۇڭچى، ھېسىپچىلار بەس - بەس بىلەن ۋارقىرىشىپ، مومايىنى ئۆز خېرىدارى بولۇشقا چاقىرماقتا. زەينەپخان ئۇلارنى بىر قاراپلا تونۇدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېرىدۋاتقان يەرلىرىنى تاشلاپ ھاياتلىق نىشۇۋىسىنى تىجارەتتىن ئاپماقچى بولغانلار. راست، ئۇلارنىڭ ئەمدى ئاز بولسىمۇ - كۆپ بولسىمۇ تاپىدىغىنى نەقپۇل، ئۇلار ئەمدى ئاشۇ پۇل ئۈچۈن رەڭۋازلىقنى ئۆگىنىشكە، كىشىلەرنى ئالداشقا مەجبۇر. ئاشلىق تېرىيدىغانلار، مال - چارۋا باقىدىغانلار بولمىسا، پۇلنى تاغارلاپ تاپقان بىلەنمۇ ئۇنىڭغا ئاخىرى نېمە كېلەر؟ موماي كېتىۋېتىپ ئاشۇلارنى ئويلىدى، ئاخىرىدا ئۇشتۇمتۇت ئۆيىدە بىر تال سەرەڭگىنىڭمۇ قالمىغانلىقى ئېسىگە كەچتى. راست، بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋېلىش كېرەك. ئۇ ماگىزىنغا كىرىپ يانچۇقىنى كولاشقا باشلىدى.

— كېلىپ قاپلا زەينەپخاچا، ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكى؟ — دېدى تونۇش ماگىزىنچى سالامدىن كېيىن.

— بىر قاپ سەرەڭگە ئالاي دېۋىدىم ئۇكام، ... توختاپ تۇرسىلا ...

ماگىزىنچى مومايىنىڭ ئالدىغا بىر قاپ سەرەڭگە تاشلاپ:

— ئۈچ پۇڭ، — دېدى.

موماي ئۈن - تىنسىز قولتۇقىدىكى ھېلىقى بىر باغلام تەقدىرنامىلەرنى پىركازچىكىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ۋاي، ھەممىسى سىلى ئالغان تەقدىرنامىلار ئىكەنغۇ. - دېدى پىركازچىك ئالدىدىكى تەقدىرنامىلەرنىڭ خەتلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇۋېتىپ.

بىر قاپ سەرەڭگىنىڭ ھەققى بولسۇن ئۇكام، تۇز، لازا، دورا - دەرمەك ئورنىدىلى بولسىمۇ لازىم بولار.

— بولمايدۇ زەينەپخاچا، — پىركازچىك تەقدىرنامىلەرنى مومايىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — ماگىزىنىمىزدا مالنى قەغەزگە تېگىشىدىغان قائىدە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىرنامىلەر ئىكەن، ئەڭ ياخشىسى بۇنى ساقلاپ قويسىلا، كېيىن ئەسقىتىپ قالار.

— مەن ئۆلگەندىمۇ؟ — يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان موماي تەقدىرنامىلەرنى قولتۇقىغا قىسىپ ئارقىسىغا ياندى.

— سەرەڭگىنى ئېلىۋالسىلا زەينەپخاچا، بوپتۇ، ئۈچ پۇڭنى مەن يېنىمدىن تۆلەپ قوياي! — ماگىزىنچى سەرەڭگە تۇتقان قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئەمما موماي يېنىپ ئارقىسىغا قارىمىدى.

قارامتۇل، زەي شورتاڭلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن يېزا يولى. موماي خېلىدىن بېرى خۇددى كەچكۈزدە جان تالىشىۋاتقان ھاشاراتتەك كۈچسىز مىدىرلاپ، ئاستا سۆرىلىپ كەلمەكتە. ئۇ مۈكچەيگەن، چاچلىرى سالۋارىغان. ئۇ كېتىۋېتىپ خىقىراپ ھۆمۈدەيدۇ. يۆتىلىدۇ. كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلىدۇ. نېمىشىدۇر دەپ پىچىرلايدۇ. ئەمما نېمە دەۋاتقانلىقى ئۆزىگىمۇ ئاڭلانمايدۇ. بىر چاغدا ھېلىقى بىر توپ تەقدىرنامىلەر قولتۇقىدىن ئاستا سېرىلىپ چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان ئۇلار يولغا ئوڭ - تەتۈر چېچىلىپ، كەچكى كۆز شامىلىدا ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. موماي گويا ئۇنى سەزمىگەندەك ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى، ئەمما قولىدا ھېلىقى يەر خېتى، توختام ھۆججەتلىرى چىڭ سىقىمداقلىق تۇراتتى.

## 3

مومای ئىككى ھەپتە بولدى. تالا - تۈزگە چىقمىدى. سەۋەبى، ئالدىقاچان ئىلگىرىدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى مو يېرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. باستۇقۇش ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىغا ئېگىز قورۇق تام چۆرۈگۈزۈپ، ئىككى ئوغلى ئۈچۈن بېغى بار كەڭ ھويلا ئاراملىق ئۆي - جاي سالدۇرۇشنى باشلىۋەتكەن. مانا بۇ ئۇنىڭ ئاچىمىز، ھىمايىسىز تۇل مومايىنى قاڭغىر قاقشىتىش ھېسابىغا قۇرماقچى بولغان «شىركىتى». مومای مانا ئەمدىلا، پۇل، پەقەت پۇلنىڭلا بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتتىكى ھەممىنى — سىياسەت، پىرىنسىپ، ئەقىدە ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان غايەت زور قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. باستۇقۇش نېمە دېگەن ئەقىللىق؟ ئۇ بۇنى بۇرۇنلا پەملىگەن، شۇڭا بىر مەزگىل قولىغا تەگكەن ئەمەلنى پۇل، بايلىق توپلاشنىڭ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلگەن ئىكەن - دە، مانا ئاخىر ئۇ ئاشۇ پۇل، بايلىقلىرى بىلەن ئەزىز، مومايچۇ؟ ئۇ ئوتتۇز نەچچە يىل ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقتى، پۇل، بايلىق توپلىمىدى، بوستان توغراقنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۆز بايلىقى دەپ بىلدى. لېكىن ئۇ قېرىغاندا، يەككە - يېگانە قالغاندا بىر قاپ سەرەڭگە ئۈچۈن خار.

بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ۋاپادار ئېرى، كۆيۈمچان ئوغلى بولىدىغان، قېنى ئەمدى ئۇلار؟ مومای ئەمدى ئۇلارنى كۈندە نەچچە سېغىنىپ ئەسلەيدۇ، ئۇلار ئۈچۈن باشقىدىن ھازا ئېچىپ، ھالسىزلىنىپ ئاۋازى چىقماي قالغۇچە ھۆكرەپ يىغلايدۇ ...

ئىككى كۈندىن بېرى بىتاپ بولۇپ توغرا تام تۈۋىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ قالغان مومای، ئاشۇ ئۇنتۇلماس پاجىئەنى بىر مۇ - بىر ئەسلىدى ...

سوغۇقى جان - جاندىن ئۆتىدىغان، جاراڭلاپ تۇرغان قارا قىش. زەينەپخان شۇجىي ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى قارا كىزىك بولۇپ يېتىپ قالغان ئېرىنى ئۆيىدە يالغۇز قالدۇرۇپ، ئەزالارنى باشلاپ تاغقا پولات - تۆمۈر تاۋلاشقا يۈرۈپ كەتتى. شۇجى - دە، شۇڭا ئۇ ئەر قايغۇسىنى، ئۇنىڭ نالە - زارىنى، ئۆيدە نېمە يەپ، نېمە ئىچىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا مەجبۇر. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ داغدۇغىلىق ئۇلۇغ ھەرىكەت ئالدىدا ئەر، ئائىلە، بالا - چاقا ... دېگەنلەرنى ئويلاش شەخسىيەتچىلىك، تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش. ئۇ ئەزالارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى، يوتقان - كۆرپىلىرىنى ھارۋىسىغا بېسىپ، ئات - ئېشەكلەرگە ئارتىپ، ئالتە كېچە - كۈندۈزدە تاغقا يېتىپ باردى. شۇ قېتىمدا ئەزالار قاتارىدا ئۇنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئۇ، تاغقا يېتىپ باردى - دە، ھەيران قالدى. تاغ قاپتاللىرىدا، قارلىق چوققىلاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى، قىزىل بايراقلار لەپىلدەيتتى. تاغ باغرىدا قاتار ياسالغان دومنا پېچلاردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىس - مانان تاغ ئاسمىنىنى قاپلىغانىدى. زەينەپخان ئەزالىرىنى باشلاپ ئاشۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىك توپقا قوشۇلدى.

... تۈن كېچە، ئاپئاق قارلارنى ئۇچۇرتۇپ، ئاچچىق شىۋىرغان ئۇشقىتىدۇ. توختاۋسىز كۆيۈۋاتقان دومنا پېچ يىراقتىن خۇددى مەشئەلدەك يالىلدايدۇ. دومنا پېچ ئەتراپىدا ھېلىمۇ ئويقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ، جۇۋىلىرى ئىچىدە دۈگدىيىپ، تەمتىرىشىپ يۈرگەن كىشىلەر كۆپ. ئۇلارنىڭ بىرى زەينەپخان شۇجىنىڭ ئوغلى. ئۇسپۈرەت. غەلتەكلەردە توشۇلۇۋاتقان كۆكۈس، رۇدىلارنى دومنا

پېچقا تۆكۈۋاتقانلارغا ياردەملەشمەكتە. كالتە جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن ئەرلەرگە ئوخشاش چىگە شوينىدا پۇتا باغلىۋالغان زەينەپخان شۇجى دۈگدەرەپ، دەلدەڭشىپ ئۆزىنى باشقۇرالماي قالغان ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، يېڭىدىن تۇرتتى.

— نېمە بولدىڭىز بالام؟

— بولالمىدىم ئاپا، كۆزۈم يۇمۇلۇپلا كېتىۋاتىدۇ.

زەينەپخان شۇجى ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن بېرى كۆزىنى مىت قىلىپ يۇمماي پېچ يېنىدا ئىشلەۋاتقان ئوغلىنىڭ كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن چىرايىغا، چانىقىغا ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىگە قاراپ ئىچى سىرىلىپ كەتتى.

— تاڭ ئاتقۇچە غەيرەت قىلىڭ، هازىرلا ئۇخلاڭ دېسەم كىشىلەر نېمە دەيدۇ؟

بالا ئۈندىمىدى، زەينەپخان شۇجى، ئالدىراپ شامالدۇرغۇچنىڭ يېنىغا كەتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، دومنا پېچ ئۈستىدە قىيا - چىميا كۆتۈرۈلدى.

— نېمىشقا ۋارقىرايسىلەر، نېمە بولدى؟ — زەينەپخان شۇجى يۈگرەپ دومنا پېچ ئاغزىغا كەلدى.

— ئوغۇلىرى ...!، — ئەتراپتىكىلەر ئالاقزادە بولۇپ، قورققىنىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ دومنا پېچ ئاغزىغا قاراپ قېلىشقانىدى.

— بالام! — زەينەپخان ئوت يالقۇنىغا ئېتىلدى. لېكىن كىشىلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىشتى. ئوت يالقۇنى ساپ - سېرىق تىللىرىنى ئەژدىهاردەك سوزۇپ، هاۋاغا كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىن هېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ تېخى يېڭىتىلىك قۇرامىغىمۇ يەتمىگەن بىر بالىنى ئۈن - تۈنسىزلا يۇتۇپ كەتتى. ئۆز پەرزەنتىنىڭ كۆز ئالدىدىلا مۇشۇنداق ئېغىر پاجىئە بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى ئانا ئۈچۈن نەقەدەر ئېغىر! زەينەپخان شۇجى يىغلاپ - قاقشاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز مەهەللىدە ئېرىشىلگەن قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. لېكىن ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ داغدۇغىلىق هەرىكەتكە بىجانىدىل قاتنىشىش ئۈچۈن بۇ قايغۇ - هەسرەت ۋە مۇسىبەت دەردىنى يېڭىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئېرىنى كۆمۈپ قويۇش ئۈچۈن مەهەللىگە بارالمىدى. ئاه، ئىنقىلاب مەنپەئەتى! زەينەپخان جەمى هەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يەنىلا پېچ يېنىدىن نېرى كەتمىدى. لېكىن ئۇ هەر كۈنى كېچىسى ئادەمدىن خالى جايغا بېرىپ ئېرى هەم ئوغلى ئۈچۈن هازا ئېچىپ، ئۈنسىز نالە - پەرياد قىلاتتى. يىغلايتتى، تاشلاردا دومىلايتتى ... مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. هازىر هېچكىم ئۇنىڭ ئېرىنى، ئوغلىنى ئەسكە ئېلىپ قويۇشمايدۇ. ئۇلار ئۇنتۇلغان. مومايمۇ ئەمدى ئۇنتۇلۇش ئالدىدا. جاهاننىڭ كارى مۇشۇنچىلىكلا ئوخشىمامدۇ - هە؟

ئەتە تاڭ يورۇماقتا. مەسچىتتىن ئىككىنچى قېتىم ئەزان ئاڭلاندى. موماي ئۇنى ئاڭلاپ يېتىپ نېمىشقىدۇر كۆڭلى بۇزۇلدى. نېمە دېگەن مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاۋاز بۇ؟ ياكى كۆڭلۈمگە غېرىبلىق يەتكەندە مۇشۇنداق تەسىرلىك ئاڭلىنامدىكىن؟ ئەزان بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىك غېمىنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن بەلگە، ئەمما پەقەت بىرلا جان — زەينەپخان مومايلا ئۇنىڭدىن يات، ئۇنىڭ تىرىكچىلىك غېمى ئۈچۈن ئويلانغۇدەك نېمىسى قالدى؟ ئۆيدە ئۇن، ياغ، ئوتۇن - سەرەڭگە دېگەنلەر ئالدىقاچان تۈگىگەن، ئۇ ئەمدى پەقەت ئۆلۈمنىلا سەۋرىر-

سىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر.

بىر چاغدا ھويلىدا تۇيۇقسىز بىر توپ كىشلەرنىڭ گۇڭۇر - مۇڭ ـۇرلىرى، توكۇر - توكۇر ئاياغ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئىشىكنىڭ تۆمۈر ھالقىسى شاراقشىدى.

— زەينەپخان ...! بارمۇ سىلى؟

موماي ئالدىراپ كاڭدىن چۈشۈپ، ئىشىكنى ئاچتى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قال ـدى. ھويلىدا بىر توپ جامائەت تاغار، خۇرجۇن، خالتىلاردا نېمىنىدۇر كۆتۈرگەن ھالدا تۇرۇشاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، زەينەپخان، — دېيىشتى ئۇلار مومايغا سالام قىلىپ، — مەس ـچىتتىن يېنىشىمىز ئىدى. سىلىنى بىر يوقلاپ ئۆتەيلى دەپ كەلدۇق. ئاڭلىدۇق، ساقسىز بولۇپ قاپ ـلا، قانداقراق ياتتىملا؟

— رەھمەت جامائەت، خۇداغا شۈكرى، مۇشۇنچىلىك.

يېزا ئىمامى — تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ، داش ـۆگە بارال ـمىغاندى ـن كېيە ـن، دىنى ـي كىتابلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئاخىرى بۇ مەسچىتنىڭ ئىماملىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ياش يىگىت توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى:

— مەسچىتىمىزگە چ ـۈشكەن ئۆشرە - زاكاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ كېلىۋ ـدۇق زەينەپخاچا.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى موماي تەمتىرەپ ھەم ھەيران بولۇپ، — جامائەتنىڭ ياخ ـشى كۆڭلىگە رەھمەت. ئەمما مەن بۇنى ...

— ئەل - يۇرت ئۆز رازىلىقى بىلەن بۇلارنى سىلى ئۈچۈن يىغقان. بۇ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھالال ھەققى. كۆڭۈللىرىگە شەك كەلتۈرمىس ـلە. جامائەت ناپاك، ھارام نەرسىلەرنى مەسچىتكە كۆتۈرۈپ كەلمەيدۇ.

مومايىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ جامائەت ئارىسىدىكى بىر مۇنچە كىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئەنە، سايىم ئاخۇن، تاش قاسىم، ئابلا پەيج ـاڭ ... بۇلار ئەي ـنى يىللاردا زەين ـەپخاننىڭ پۇت ـىغا پۇت، قول ـغا قول بولۇپ ئىشلىگەن پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزالىرى. بۇ نېمە ئىش، ئۇلار قانداق قىلىپ مەسچىتنىڭ ئىخلاسمەن نامازخانلىرىغا ئايلىنىپ قالغاندۇ؟

— ئاراڭلاردا باستقۇش كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ ئەزەلدىن مەسچىت دېگەنگە قەدەم باسمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا بوستان توغراقتا پاكلىق ۋە رەھىم - شەپقەت پەقەت مەسچىت ئەھلى ـدىلا قالغان ئوخشايدۇ. ئ ـۆشرە - زاكىتىڭلارنى قوبۇل قىلاي. رەھمەت جامائەت!

چۆلدىشىپ، غۇڭشاراپ، خېلىدىن بېرى قازان ئېسىلماي قالغان ئۆي بىردىن ـلا ئۇن - گۈرۈچ، ياغ - گۆش بىلەن تولدى. بۇلار ئۈچۈن ھەيران ھەم خۇشال بولغان موماي ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى:

«ياق، بوستان توغراقلىقلار دېنى ئۇنتۇماپتۇ. زادىلا ئۇنتۇماپتۇ! بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، دىلىمغا غېرىبلىق يەتكەندە نېمىشقا ئاشۇلارنى ئويلىمىدىم، نېمىشقا ئاشۇلارنى تاپمى ـدىم - ھە؟ ئاھ، بوستان توغراق ـلىقلار نېمە دېگەن ئۇلۇغ كىشلەر ئۇلار؟ ئۇلارنىڭ ئ ـالكىدە

باستۇرغىنىمىزدەك پۇل، بايلىقلار يوق. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يېڭىنە چاغلىق نەرسىسىگە كۆز قىزارتىشنى نومۇس، ھارام دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتى خۇشال. بىر - بىرى بىلەن ئىناق، ئۆز ئارا مېھرىبان. ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇ ھەممىتىگە نېمە بىلەن جاۋاب قايتۇرسام بولار؟ جاۋاب قايتۇرماسلىق، بوستان توغراقلىقلارنىڭ تەبىئىتىگە يات. ياق قايتۇرىمەن، يوللىرىدا يۈرگىنىمنىڭ چەكسىز ھۆرمەت، تەشەككۇرىدىن پايانداز سالىمەن، ئىپتىخار ۋە شادلىق كۆز ياشلىرىمدىن سۇ سېپىمەن ... »

ھەر كۈنى ئەتىگەندە جامائەت بامدات نامىزىدىن كېيىن مەسچىتتىن چىقىپ ئۆي - ئۆيلىرىگە تاراپ كەتكەندە، كۆۋرۈك باشلىرىنى، كۆلنىڭ بويلىرىنى سۈپۈرۈپ كەلگەن زەينەپخان موماي، مەسچىت ئالدىغا پەيدا بولاتتى - دە، ئۇزۇن سۈپۈرگىسىدە چاڭ چىقارماسلىققا تىرىشىپ، مەسچىت ئالدىنى سۈپۈرۈشكە باشلايتتى، ئاندىن يېنىك، تەكشى سۇ سېپىپ چىقاتتى. بۇ چاغدا ئۇ تولىمۇ تېتىك، روھلۇق بولۇپ كېتەتتى.

1988 - يىل، ماي. ئۈرۈمچى



ياش يازغۇچى توختى ئايۇپ 1945 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1963 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەتچى، 1979 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى دەسلەپتە شېئىر يېزىشتىن باشلانغان. 1962 - يىلدىن باشلاپ گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىغا يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1979 - يىلى قايتىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە ئاساسەن پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ھازىرغا قەدەر 20 دىن ئارتۇق ھېكايە، بەش پارچە پوۋېست، «قىساس» ناملىق دراما، «بەخت ئىزلىگۈچى» ناملىق سىنارىيىسى ئېلان قىلىندى.

1983 - يىلدىن ھازىرغىچە «ھايات قەدرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «مارجان بۇلاق» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى، «ئارمان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

### كىلاسسىكلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئەگەر سەن سەنئەتتىن لەززەتلەنمەكچى بولىدىكەنسەن، ئۇ ھالدا سەنئەتتە تەربىيەلەنگەن كىشى بولۇشۇڭ كېرەك.

— ماركس

ئوڭۇشسىز شارائىت — ھەقىقەتكە يېتىپ بارىدىغان بىر يول.

— بايرون

ھەددىدىن زىيادە سۆزلىگەندىن كۆرە، ئازراق سۆزلىگەن ياخشى.

— لېۋ. تولستوي

# گاڭگىرىغان ئادەم

(ھېكايە)

قادىر ئارسلان

مەن جاھاننى چۈشىنەلمەيۋاتامدىم ياكى جا-
ھان مېنى چۈشىنەلمەيۋاتامدۇ، بۇنى ئۇقالماي
گاڭگىراپلا قالدىم. مۇشۇ گەپنى قىلىشىمنىڭ
ئۆزى گاڭگىراشتىن بولماي، نېمىدىن بولاتتى؟
چۈنكى مەن جاھاننى چۈشىنىشتىن ئىبارەت بۇ
بۈيۈك مەسىلىدە ئەزەلدىن گاڭگىراپ باققان
ئەمەسمەن. بېشىمدىن ئەچچە «جاھان» نى ئۆت-
كۈزگەن بولسامۇ، ھېچقايسىسىنى چۈشىنەلمەي
قالغىنىم، ھېچقايسىسىدىن نارازى بولۇپ باققان
ئەمەسمەن. بەلكى ھەممىسىدىلا ئۆزۈمگە لايىق
قەدىرلىك ئورۇنغا ئېرىشىپ كەلگەنمەن. چۈنكى
ئۇ «جاھان»لار بەزى خىلمۇخىللىقلارغا ئىگە
بولسىمۇ، لېكىن بىر ئورتاقلىقتا — ئاغزى بىلەن
ماسلىشالايدىغان ئادەملەر جان باقالايدىغان
ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇلۇغ ئەسەر-
لەردىن (كۆزدە تۇتقىنىم ئەدەبىيات ئەمەس،
ئادەمنىڭ يېغىرىنى ئاچىدىغان ئەدەبىيات قۇرۇ-
سۇن!) بەزى ئىبارىلەرنى يادلىۋالالايدىغان،
كېيىنتىن جاھاندىكى يۈزلىنىشنى بايقىۋېلىشقا
ماھىر بولغان مېنىڭدەك بىر ئەقىللىق ئادەم
قەدىرلەنمەي كىم قەدىرلىنىسە بولاتتى؟!

«جاھان» شۇنداق بولۇپ كەلگەن، قىل-
غان ئىشىمنىڭ بار-يوقلۇقى چاغلىق ئىش،
ئەمما سەن يىغىنلاردا دەبدەبىلىك گەپلەرنى
تەنتەنىلىك تەلەپپۇزدا سۆزلىيەلىسەڭ، «جاھان»
غا ماسلىشالمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بې-
رىپ قەد كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتەلىسەڭ،
ئەلۋەتتە «جاھان» سېنىڭ بۇ تۆھپەڭنى كۆر-
مەي نېمىنى كۆرەتتى؟! گەرچە بىر «جاھان»
يەنە بىر «جاھان» نى يا ئۇ تەرەپتىن يا بۇ
جەھەتتىن ئىنكار قىلىپ ئۆتسىمۇ، لېكىن ھېچ-
قايسىسى مېنىڭ تۇتقان يولۇمنى، تىرىكچىلىك
ئۇسۇلۇمنى ئىنكار قىلىۋېتەلىگەن ئەمەس، ھېچ-
قايسىسى مېنى پاشىنىسى ئاجراپ كەتكەن ئاياغنى
تاشلىغاندەك بىر چەتكە تاشلىۋېتەلىگەن ئەمەس.

توۋا، شۇنچە يىللارنى سەگەكلىك بىلەن
ئۆتكۈزۈپ كېلىپ، ئەمدى گاڭگىراپ قالىدى-
غان بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ ياق، گاڭگىرىغان-
دەك قىلىمۇدىم، مەن يېڭى «جاھان» يې-
تىپ كېلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭغا يارىشا ئۇلۇغ
سۆزلەرنى زېرىكمەي يادلىۋالدىم، يىغىنلاردا
بۇ سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى تاڭ قالدۇرۇشقا
ئەجىر قىلدىم. لېكىن بۇ «جاھان» نىڭ كى-
شىلىرىنىڭ تەسىرلىنىش سەزگۈلىرى كاردىن چىق-
قانمۇ ياكى مەن سۆزلەشتىن بۇرۇنلا تەسىر-
لىنىپ بولۇشقانمۇ قانداق، سۆزلىرىمگە ھەيران
قېلىشمىدى. ئىلگىرى يىغىنلاردا مېنىڭدەك
سەزگۈر كىشىلەرلا سۆزلەپ، قالغانلار كەينى-كەي-

ندىن تاماكا چەككەچ قۇلاق مولدسى بولۇپ ئولتۇ-
رۇشاتتى. لېكىن ھازىر قانداق جاھان بولۇپ
كەتتى. ھەممىسىلا سۆزمەن بولۇشۇپ كەتتى.
مەن «ئىبارە» لەرنى سۆزلەش بىلەن قا-
فائەتلەنسەم، ئۇلار «چارە» لەرنى بەس -
بەس بىلەن سۆزلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. يەنە
بەزىلىرى گويا ماڭا دارتىلىغاندەك: «ھازىر
قۇرۇق پاراڭ قۇلاققا ياقمايدۇ، ئەمەلىي پاراڭ،
ئەمەلىي ئىش قىلايلى، قاچانغىچە ئېغىز بىلەنلا
ياشايمىز» دېيىشىدىغان بولۇپ قالدى. شۇمۇ
گەپ بولدىمۇ؟ 20 — 30 يىلدىن بېرى ئې-
غىز بىلەن ياشاپ ئەتىۋارلىق بولۇپ كەلگەن-
مەن، بۇ شەرەپلىك تارىخىم ئېغىزدىن ئىبارەت
بۇ ئەنگۈشتەرنىڭ نەقەدەر بىباھا ئىكەنلىكىنى
پولاتتەك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىغانغۇ! تۇنۇ-
گۈنلا ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ، پوتلىسىنى
يېڭىگە كاپلاپ يۈرگەن سېرىق تۈك شۇمتەك-
لەرنىڭ بۈگۈن كاستۇم كىيىۋېلىپلا قىلىپ
يۈرگەن چوڭ پاراڭلىرىنى كۆرۈڭ!

شۇلارنى ئويلىسام، قايىنغانچە قايىنغىم
كېلىدۇ. شۇنچە يىللاردىن ئۇلۇغ سۆزلەر ئۈ-
چۈن ھارماي - تالماي خىزمەت قىلىپ كەلگەن
مېنىڭ بۇ مۇبارەك ئاغزىم بۈگۈنكى كۈنگە
كەلگەندە جاھاندىن ئۆزىگە تېگىشلىك قەدىر-
لىك ئورۇنغا ئېرىشەلمەسمۇ؟ ياق، مەن بوش
كەلمەيمەن. ئالدىنقى يىلى بىر يىغىندا ھېلى-
قى سېرىق تۈكلەرنىڭ بىرسى (ھازىر بۇنداق-
لارغا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىمكى، ئۇلار-
نىڭ قىلغان ھەممە ئىشى ئالدىجۇقلىقتەكلا كۆ-
رۈنىدىغان بولۇپ كەتتى) مەمەدانلىق قىلىپ:
«كادىرلارنى ئىنقىلابىلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش،
بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش، كەسىپ ئەھلىگە
ئايلاندۇرۇش سىياسىتى كادىرلار ئۈچۈن ئەڭ
توغرا كادىرلىق ئۆلچىمىنى، پارلاق ئىستىقبال-
نى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئۆلچەمنىڭ تۆت

مەزمۇنى ئوخشاشلا مۇھىم، بىرنى تۇتۇپ قال-
غانلىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ سۆز-
لىدى. بۇ ئۆلچەمنى مەنمۇ يادلىۋالغانمەن،
بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ تەنتەنىلىك ئاھاڭدا يادلاپ
بېرەلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۆلچەمنىڭ
تۆت مەزمۇنى ئىلگىرىمۇ يا ئۇنداق، يا مۇن-
داق سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇل-
غانلىقىنى، مەيلى قانداق ئۇسۇل، قانداق سۆز
بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلمىسۇن، بۇ مەزمۇنلارنىڭ
بىرىنچىسىلا چىڭ تۇتۇلۇپ، قالغانلىرىنىڭ
بىر چەتتە قېپقالىدىغانلىقىنى تازا ئوبدان بى-
لىمەن. ئەمدى بۇ «جاھان» دا ئۇنداق بول-
ماسمۇ؟ ياق، مېنىڭ مول تەجرىبىلىرىم شۇنى
ئىسپاتلىغانكى، بۇندىن كېيىنمۇ مۇقەررەر شۇن-
داق بولىدۇ. شۇڭا مەن يىغىندا ئۆلچەمنىڭ
بىرىنچى مەزمۇنىنى ئالاھىدە شەرھلىدىم، بۇ
جاھاندىكى بىرىنچى ئۆلچەم دېدىم. يىغىن-
دىكىلەر كۈلۈشتى، بىر - بىرلىرى بىلەن پىچىر-
لاشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا جان - پېنىم
چىققان بولسىمۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. چۈن-
كى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئى-
شەنگەن ئادەم ئېغىر - بېسىق بولۇشى، پەيت
كۈتۈشنى بىلىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.
مەن نەچچە «جاھان» نى باشتىن كەچۈرگەنمەن،
قانداقلا قىلغان بىلەن مەن ئۇ ئالدىجۇقلاردىن
ئۈستۈن تۇرىمەن، جاھاندارچىلىقتا ھامان ئۈس-
تۈنلۈكنى تالىشىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئېلىپ
كەلگەنمەن.

ئۈستۈنلۈك تالىشىشنىڭ خىلمۇخىل چى-
رايلىق ناملىرى بار. مەسىلەن، مۇسابىقە، رى-
قابەت، بەسلىشىش ۋەھاكازا — ۋەھاكازالار.
لېكىن ئۇلارنىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئىككى سۆز-
گە — ئۈستۈنلۈك تالىشىش دېگەن دانا تەبىر-
گىلا يىغىنچاقلىنىدۇ. بازارغا بېرىپ قاراپ
بېقىڭ: قاتار قويۇلغان كاۋاپدانلار يېنىدا بىر-

بىردىن ئۇستۈن چىقىپ سودىسىنى ئاقتۇرۇش
ئۈچۈن كاۋاپچىلار بەس - بەس بىلەن توۋلى-
شىپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىدۇ. ئائىلىلەرگە قا-
راپ بېقىڭ: ئەر - خوتۇنلار ئائىلە باشقۇرۇش-
تا ئېپىنى تاپسىلا خوجايىنلىق تالىشىپ پات -
پات شاپتۇل قېقىشىدۇ. پۇل، كىيىم - كېچەككە
ئامراق بىر نازىنىن قىزغا باغرى كاۋاپ بول-
غان ئىككى يىگىتكە قاراپ بېقىڭ: ئۇلار قىز-
نىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش كويىدا ئۇستۈنلۈك تا-
لىشىپ، تاپقان - تەرگىنىنى بەس - بەس بىلەن
خەجلەيدۇ... مەنچۇ، مەنمۇ ئەزەلدىن ئىدارىدى-
كىلەر بىلەن ئۇستۈنلۈك تالىشىپ كەلگەنمەن،
گەرچە ھەرقانچە قىلىپ مەنسەپتە ئۇستۈنلۈك-
كە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ ئىدا-
رىغا كونىلىقىم بىلەن يېڭىلاردىن ئۇستۈن تۇ-
رۇپ كەلدىم، يادلىۋالغان سۆزلىرىم بىلەن
باشقىلارنىڭ يۈرىكىنى مىجىپ راھەتلىنىپ كەل-
دىم، ستاژىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن مائاش
ئۇستۈنلۈكىنى ئېلىپ كەلدىم... شۇڭا مەن ئېغىر-
بېسىق بولۇپ پەيت كۈتۈشۈم كېرەك. بىر
كۈنلەردە ئۇلار مېنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىمدىن
ھەيران قېلىشىدۇ، مېنىڭ ئۇلاردىن ئۇستۈن
تۇرىدىغانلىقىمغا تەن بېرىشىدۇ.

لېكىن ئۇ «بىر كۈنلەر» نىڭ قارىسىمۇ كۆ-
رۈنىدىغاندەك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ يىراق-
لاپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىدۇ. بۇ قانداق بولغى-
نى؟ مەن بارغانسېرى گاڭگىراپ كېتىۋاتىمەن،
چۈشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن. بۇ ئادەملەرگە نېمە
بولۇۋاتقاندۇ؟ ئىدارىدىكىلەر ھەدېسە ئىشتىن
سىرتقى داشۆ دەمدۇ، رادىئو - تېلېۋىزىيە دا-
شۆسى دەمدۇ، خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتال-
غان مەكتەپلەردە ئوقۇيمىز دەۋاتىدۇ. بەزىلى-
رى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قىزىل كىنىشكىغىمۇ
ئېرىشىۋالدى. توۋا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا
كىنىشكا بېرىلىدىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ
كىنىشكىلىرى مېنىڭكىدىن ئارتۇق بولىدىكەن؟
ئۇلارغا ئاشلىق كىنىشكىسى، نوپۇس كىنىشكىسى
ۋە خىزمەت كىنىشكىسى يەتمەمدىكەن (مۇنداقمۇ
ئىنساپسىزلىق بولامدۇ!) ھېلىقى بىرنەچچە سې-
رىق تۈك ئالىجۇقلارچۇ تېخى، ئۇلارنىڭ ئاش-
لىق، نوپۇس، خىزمەت كىنىشكىلىرىغۇ بار، يە-
نە بۇرۇن ئېلىۋالغان داشۆ كىنىشكىسىمۇ بار.
بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي، قانداقتۇر پالا-
نى جەمئىيەت، پوكۇنى جەمئىيەت دېگەنلەر-
نىڭ كىنىشكىلىرىغىمۇ ئىگە بولۇۋالدى. ئۇلارغا
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بول-
غانلىقى يەتمەمدىكەن؟!

مەن ئۆز كۆز قارىشىمنىڭ توغرىلىقىغا ئى-
شەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئېغىر - بېسىق بولۇپ كەل-
گەنمەن. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پات-
پاتلا جىلى بولىدىغان ئىدارىدىمۇ، ئۆيىدىمۇ
ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ھې-
لىقى ئالىجۇقلارنىڭ ئىت قوغلىغاندەك ئالدى-
راپلا يۈرۈشى زادىلا كۆزۈمگە سىغمايۋاتىدۇ.
ھازىرغۇ كىشىلەر «تىنچلىقمۇ» دېگەن سالام-
لىشىش سۆزىنىڭ ئورنىدا «ئالدىراشمۇ» دېگەن
سۆزنى ئىشلىتىدىغان بولۇۋالدى. تېخى بەزى-
لەر بۇ سۆزنى ھازىرقى جاھاننىڭ ۋاقىت
كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ دېيىشىدىكەن.
ئۆزۈممۇ ئۇقالماي قالدىم، مەنمۇ بۇ سۆزنى
قىلىشقا ئۆگىنىپ قالدىم. كىمكى مەندىن «ئال-
دىراشمۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، ئىنتايىن ھار-
غىن قىياپەتتە: «ھەي ئالدىراش بولمايچۇ،
ھەممە ئىش بىزدەك پىششىق ئادەملەرنىڭ يەل-
كىسىگە چۈشىدىكەن، بۈگۈنكى ياشلار زە...» دەپ
قويىدىغان بولدۇم. «ئالدىراشمۇ» نىڭ مەندەك
بىر ئادەمنىڭ ئىدارىدىكى ئۇستۈنلۈكىنى ئىپا-
دىلەشتە خېلى تورى باردىكەن. لېكىن باشقىلار-
نىڭ بۇ سۆزنى ئېيتقىنىنى ئاڭلىسام چىشلى-
رىم كىرىشىپ، چىرايىم ئىختىيارسىز پۈرۈشۈپ

كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزنى ئېيتقۇدەك نېمە سالاھىيىتى بار؟ مېنىڭچىلىك ستاژى بولسىمۇ بىر نۆۋرى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىككە ئىسلاھات توغرىسىدا ئۇ تەكلىپ، بۇ تەكلىپ دەپ كېتىشلىرىچۇ تېخى! شۇنداقمۇ ئاتىكاچىلىق قىلغان بارمۇ؟ بۇ «جاھان» دىكى باشقىلاردا غورۇر دېگەن نەرسە قالمىدىمۇ قانداق، بۇ ئاتىكاچىلىقلارنى كۆڭلىگىمۇ ئالمايدىكەن.

ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ئۇلار نېمىگە ئالدىرايدىغاندۇ؟ ھەدېسە ئاتىكاچىلىق قىلىشىقىچە، ماڭا ئوخشاش كىرىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇرنىنى ھۇزۇر بىلەن كولاپ گېزىت ئوقۇسا، يىغىندا تەكرارلىغۇدەك سۆزلەر چىقسا تېگىگە سىزىپ قويۇپ، كۆزنى يۇمغىنىچە يادلىسا بولامدۇ؟ ھەرقانچە ئالدىرىسىمۇ، ھەرقانچە تېپچەكلىسىمۇ، يىل دېگەن ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ ئۆتىدۇ. مىڭ قىلغىنى بىلەن ئۇلار مېنىڭ ستاژىمغا يېتىشۋالالامدۇ، مەن ئالغان مائاشنى ئالالامدۇ؟ ئۇ نادانلار ستاژ دېگەن سالاھىيەت، ستاژ دېگەن مائاش، ستاژ دېگەن تۆھپە ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟!

مەن بۇلارنى ئېنىق بىلسەممۇ، يەنىلا گاڭگىراپ قالماقتىمەن. چۈنكى بۇ «جاھان» دىكى ئىدارە باشلىقلىرى تولىمۇ غەلىتە بولۇپ قېلىشتى. بۇرۇنقى «جاھان» لاردا رەھبەرلەر ئۆز سالاھىيىتى ۋە سالاپىتىگە يارىشا يوليورۇق بېرىش، يىغىن ئېچىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. رەھبەرنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسىمۇ شۇ-دە. ئۇلار يوليورۇق بەرسە، ئىشنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، نەتىجىسى دېگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيتتى. سەن ئوبدان قۇلاق سېلىپ بېشىڭنى تىنماي لىڭشىتىپ تۇرساڭ، ۋەدىنى قورقماي چوڭ-چوڭ بەرسەڭلا بولاتتى. قالغان ئىش يەنە شۇ پېتى كېتىۋېرەتتى. ئۇ چاغلاردىكى يىغىنلارچۇ تېخى، پاھ-پاھ كۈنلەپ-كۈنلەپ ئېچىلاتتى. ئورۇندۇقتا ئۈگىدەپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرسەڭ، سۆزلىگۈچ كەلگەندە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي تەكرارلاپ چىقساڭ... كۈنلەر شۇنداق مەنىلىك ئۆتەتتى.

ھازىرقى بۇ رەھبەرلەرگە نېمە بالا تەگكەندۇ، بىر يوليورۇق بەرگەنمۇ بولدى، «ۋەدىنى ئوبدان بەرگەنتىڭىز، نەتىجىسى قانداق بولۇۋاتىدۇ» دەپ كەينىڭىزگە كىرىۋالغىنى كىرىۋالغان. ئەزەلدىن كونكرېت ئىش قىلىپ باقمىغان، ئىش ئۈستىلىنى ئوغرىغا بەرمەي كېلىۋاتقان مېنىڭدەك بىر ئادەمگە ئۇنداقمۇ قاتتىق تەلەپ قويغان بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ ۋاقتى - ۋاقتىدا سالام بېرىپ تۇرغىنىم، يىغىنلاردا ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەكرارلاش ئارقىلىق قوللاۋاتقىنىم يەتمەمدىكەن؟ باشلىق ئۈچۈن مۇشۇنداق يارامىلىق قوللىغۇچىلارنىڭ بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن بەخت ئەمەسمۇ! ئۇلارنىڭ يۈزسىزلىكىچۇ، كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتۈلۈپ قالسىلا، يۈز - خاتىرە قىلماي گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىۋاتقان. يىغىن ئېچىشنىمۇ بىلمەيدىغان باشلىقنى باشلىق دېگىلى بولامدۇ؟! بىر قېتىملىق يىغىن ئاران ئون مىنۇتلۇق، بەك ئۇزۇن بولسا يېرىم سائەت بىلەنلا كۇپايە قىلسا، شۇنىمۇ يىغىن دېگىلى بولامدۇ؟ شۇلارنى ئويلىسام، مەن بۇ «جاھان» نىڭ كىشىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن.

بىر قېتىم مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى، ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز قېلىپىغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ، 15 مىنۇت ئېچىلغان يىغىننىڭ ئاخىرىدا:

— يىغىن دېگەن يىغىندەك بولۇشى كېرەك. 15 مىنۇت ئىچىدە نېمىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ بىزدە ياش يولداشلار كۆپ، بۇنچىلىك

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يول-يورۇقلارنىڭ روھىنى چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن، رەھبەرلىك بۇ مەسىلىنى ئويلىشىپ كۆرسە، — دېدىم.

نېمىشقىدۇر يىغىندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى، ھەتتا باشلىقلارمۇ كۈلۈمسىرىشىپ قويۇشتى. بۇ قانداق گەپ؟ مەن كۈلگۈدەك قىزىق گەپ قىلغىنىم يوققۇ! بىر دەملىك گاڭگىراشتىن كېيىن شۇنى بىلدىمكى، مېنىڭ گېپىم ئۇلارغا ياقماپتۇ. بۇ قانداق پوزىتسىيە؟ يىغىن مەسىلىسىگە شۇنداقمۇ يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان بارمۇ؟

شۇ ئىشتىن كېيىن، نەچچە كۈنگىچە مېنىڭ ئىچىم ئاچچىق بولدى. ئاۋۇ ئالىجۇقى نادانلارغۇ كۈلۈشسۇن، باشلىقلار نېمىشقا مىيىقىدا كۈلۈشىدۇ؟ شۇنداقمۇ رەھبەر بولامدۇ؟ ھەي، بۇ باشلىقلار قاملاشماي قالدى. باشلىق بولغان كۈندىن تارتىپ باشلىق بولغۇچىغا ئەقىل، سالاپەت كىرىشى، ئۇ ھەممىنى بىلىدىغاندەك قىياپەتتە يۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك-تە، قارىمامسىلەر، بىزنىڭ باشلىقلارغا! ئۇلارمۇ ئوقۇشنىڭ كويىغا كىرىۋاپتۇ، يەنە تېخى ھېلىقى ئالىجۇقلاردىن ئۇنى-بۇنى سوراپ ئۆگىنىپ يۈرىدۇ. بۇنداق قىلسا، ئۇلارنى كىم كۆزگە ئىلىدۇ؟ مانا مەن (ئەمىلىم ئەمەللەر ئىچىدە ئەڭ كىچىك بولسىمۇ) ھەممىنى بىلىدىغاندەك يۈرىمەن. شۇڭا ئىدارە باشلىقلىرى بىلەن چاقچاقلىشالىغانلارمۇ، مەندىن ھېيىقىپ نېرى يۈرۈشىدۇ.

بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن بىر كۈنى ئىدارە باشلىقى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئاخىرى پەيت يېتىپ كەلدى دېدىم مەن. مەن: «ئىدارە باشلىقى مەن بىلەن ئىدارە ئىشلىرى ئۈستىدە، مۇھىمى ئىدارە خادىملىرى توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى» دەپ ئويلىدىم. ئىشخانىدىن باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغىچە بولغان 20 قەدەم ئارىلىقتا نېمىلەرنى ئويلىمىدىم دەيسىلەر. مەن ھېلىقى ئالىجۇقلارنىڭ ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكى، باشلىقنىڭ ساداقەتمەن ئەمەسلىكى، يېڭى ۋەزىيەتتە رەھبەرلىكنىڭ قەدەمنى تولىمۇ تېز ئېلىۋېتىشى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى پۇرىتىپ قويۇشقا تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولدۇم. باشلىق سەۋىرچانلىق بىلەن ئاڭلايدىغان بولسا، تەييارلىقىم تۆت سائەتلىك سۆھبەت ئۈچۈن (باشلىق گەپ ئارىلىمىسا) تولۇق يەتكەن بولاتتى، بىراق، بۇ قېتىم «ۋەزىيەت»نى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي قاپتىمەن، توۋا، مېنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مۆلچەرلەش ئىقتىدارىم نەگە كەتكەندۇ زادى!

باشلىق مېنى سافاغا ئولتۇرغۇزۇپ تاماكا تۇتقاندىن كېيىن، گەپنى كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» تىن باشلىدى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان يېتىلدۈرگەن، باشلىقنىڭ سۆزىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلاش ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىم. ھەر بىر جۈملىسىدىن كېيىن: «شۇنداق!»، «شۇنداق بولمامدىغان!» دەپ تۇردۇم. لېكىن ئاخىرىدا دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، زۇۋان چىقارغۇدەك رەۋىشىم قالمىدى. چۈنكى، ئۇ گەپنى مېنىڭ ئۈستۈمگە، بىلىم سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكىگە، ئىدارە خىزمىتىگە تولۇق ماسلىشىش ئىقتىدارىمنىڭ ئاجىزلىقىغا قاراتتى. شۇنداقمۇ يۈزسىزلىك بولامدۇ! شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن باشقىلارنىڭلا يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ كەلگەنمەن، لېكىن باشقىلار مېنىڭ ئۈستۈمدە بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان ئەمەس. چۈنكى مەن ھەممىنى بىلىدىغاندەك يۈرگەن ئادەممەن. ئىدارە خىزمىتىگە ماسلىشالمىدىڭ دېگەنمۇ گەپمۇ؟! يىغىنلاردا باشلىقلارنىڭ سۆزىنى كىممۇ مېنىڭدەك

ياخشى تەكرارلىيالايدۇ، بۇ ئەڭ ياخشى ماسلىشىش ئەمەسمۇ؟! باشلىقنىڭ دېيىشچە، بۇلار يېتەرلىك بولماس ئىمىش. مەن گاڭگىراپ قالدىم، توۋا، بۇ زادى قانداق جاھان بولۇپ كەتتى، بۇ جاھاندا مېنىڭدەك ئادەملەر خارلىنىپ قالسا تولىمۇ ئۇۋالچىلىق ئەمەسمۇ؟ باشلىقنىڭ باشلىق بولۇشى ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش يانتاياقلار بولمىسا بولامدۇ، بۇ جاھاندىكى باشلىقلار شۇنىمۇ چۈشەنمىسە، ئورنىدا قانچە زامان تۇرالار؟

لېكىن، بۇ سۆزلىرىمنى باشلىققا ئېيتالمىدىم، دەردىمنى تاماكىدىن ئېلىپ، بىر نەچچىنى ئۇلاپ چېكىۋەتتىم. باشلىق: «ئىدارىمىز كەسپىي ئورۇن، باشلىق بولسۇن، خادىم بولسۇن، ئومۇمىي بىلىملەردىن، ئۆز خىزمىتىگە دائىر كەسپىي بىلىملەردىن ياخشى ساۋاتلىق بولمىسا، ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ھازىر ئىدارىدىكى نۇرغۇن يولداشلار خىلمۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ. خېلىدىن بېرى سىزگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئوقۇش تەلىپىڭىزنى قاچان قويار دەپ كۈتۈپ كەلدىم. بىراق بىرەر سادا بولمىدى. ئاخىرى بۇ ھەقتە ئۆزۈم ئېغىز ئېچىشقا توغرا كەلدى، چىقىمىنى ئىدارە كۆتۈرىدۇ، بىرەر مەكتەپتە ئوقۇشقا تاۋىگىز قانداقراق؟» دېۋىدى، كاللامدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، مەن ئوقۇمىدىم؟ توۋا، مەن ئوقۇغۇدەكمەن! ھازىر پارتىيە مەكتىپىگىمۇ ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىدىغان تۇرسا، ھۆججەت، گېزىت مەزمۇنلىرىدىنلا ئىمتىھان ئالسىمۇ بىر گەپ، ئۇ پەن، بۇ پەن دېگەنلەردىنمۇ ئىمتىھان ئالىدىغان تۇرسا، مېنى ئوقۇ دېيىش، قاراپ تۇرۇپ يارغا قىستىغانلىق ئەمەسمۇ؟ باشلىقنىڭ دىققەت قىلغۇسى كەلسە، يىغىنلاردىكى ئىپادەمگە دىققەت قىلسىلا بولمامدىمۇ؟ ...

كۆزۈم باشلىقنىڭ سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدىم. ئۈن - تىنسىز ئۆتكۈزۈۋېتەي دېگەنلىرىم بىكار ئوخشايدۇ، ئۇ مېنىڭدىن جاۋاب تەلەپ قىلىۋاتاتتى. لېكىن، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ كەسكىن رەت قىلاي دېسەم، مەن ئېغىزدا بولسىمۇ رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ باققان ئادەم ئەمەسمەن، مەن بىر تال سېغىزغا ئوخشايمەن، باشلىق چاينايدۇ، چاينايدۇ، بەزىدە شاردەك كۆپتۈرۈپ «پاققىدە» ئېتىپمۇ باقىدۇ. لېكىن بەرىبىر يۇتۇۋېتەلمەيدۇ ... ۋاي خۇدايىمەي، مەن ئۆزۈمنى نېمىگە ئوخشىتىۋاتىمەن؟ سېغىزنى يۇتۇۋەتمىگەن بىلەن تۈكۈرۈۋېتەلەيدىغۇ. ئادەم گاڭگىراپ قالغاندا ئوخشىتىشمۇ قاملاشماي قالىدىكەن - دە!

مەن «ئويلىنىپ باقاي» دېگەن جاۋاب بىلەن باشلىقنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقتىم. كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشقىنىدىن كارىدوردا بىر ھازاغىچە تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، ئىچىمدە باشلىقنى مىڭنى تىللىدىم.

نەچچە كۈنلەرگىچە باشلىقنىڭ كۆزىدىن قېچىپ يۈردۈم. لېكىن ئۇ مېنى قويۇۋەتمىدى، يەنىلا مېنىڭ ئويلىنىشىمنىڭ نەتىجىسىنى سورىدى. مەن سالامەتلىكىم، ئائىلە قىيىنچىلىقىم، يەنە نېمىلەرنىدۇر باھانە كۆرسىتىپ، مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلدۇم. ئەمما گاڭگىراشتىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم، كۈنۈمغۇ بىر خىلدا ئۆتۈۋەردى، بىراق كۈنلىرىم بارغانچە تەسلىشىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، مېنىڭدە «گەپ دېگەن شۇنداق بولىدۇ، يەنىلا جاھاندا ئېغىز بىلەن جان بېقىشنىڭ يولى كەڭرى بولىدۇ» دېگەن پىشقان پىكىر بار ئىكەن، شۇنىڭ تەسەللىسى بولمىسا قانداقمۇ قىلاردىم!

لېكىن، شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنى گاڭگىرىتىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، مەن ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمايدىغان، ئېغىر بېسىقلىق سالاپىتىمنى تاشلاپ تىنماي كۈتۈلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. بۇرۇندىن ستاژىمنى پۇل قىلىپ كەلگەنىدىم، دېمىسىمۇ شۇنچە يىللىنى ئۆتكۈزمەك ئاسانمۇ؟ بىر ئىدارىدا بۇرۇن كەلگەن بىلەن كېيىن كەلگەننىڭ پەرقى بولۇشى، بۇ نۇقتا ھەممە جەھەتتە تولۇق گەۋدىلىنىشى كېرەك، كېيىن كەلگەنلەر بۇرۇن كەلگەنلەرگە سالام-سائەتتە تېز بولۇشى، بىرەر پايدا كەلسە، ئالدى بىلەن ستاژى ئۇزۇنلار ئېلىپ بولۇپ، ئېشىپ قالغىدەك بولسا ياكى مەرھەمەتتى تۇتسا، كېيىنكىلەرگە ئانچە-مۇنچە بېرىپ ئۆزىنىڭ مەرتلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەك. بۇ ئىلگىرىدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئەقەللى ساۋات، بۇ «جاھان» غا كەلگەندە ئۇنداق بولمىدىكەن، ھازىرقى باشلىقلار نېمىشقا بۇ ساۋاتقا ئىگە ئەمەس؟ مەن بۇلارنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

يېقىندا كەسپىي ۋەزىپىگە تەيىنلەش بولۇۋىدى، ئۇنىڭ تۆھپىسى بار، بۇنىڭ تۆھپىسى بار دەپ، كاتتا ئاتامەت ھېلىقى ئالمجۇقلارغا كېتىپ، مېنىڭدەك «قىلغان ئىشى بولمىسىمۇ، جاپاسى بارلار» غا تەگمەي قالدى، گۈزەل ئەخلاق، ئەڭ يۈكسەك خىسلەتلەر ھەققىدە شۇنچە ئۇزۇن يىللار سۆزلىگەن بولسامۇ (بۇلارنى باشقىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن سۆزلىگەن-دە!)، مائاش مەسىلىسىدە ھېچكىمگە يول قويغان ئەمەسمەن. بۇ مەسىلىدىكى ئۈستۈنلۈك ئەڭ يۈكسەك ئۈستۈنلۈك ئەمەسمۇ!

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ئۈستۈنلۈكتىن قۇرۇق قالدىم، جاھاندىكى ئەڭ تاتلىق نەرسىدىن قۇرۇق قالدىم، بۇ قانداق جاھان بولۇپ كەتتى، بۇ جاھاننى زادىلا چۈشەنگىلى بولماسمۇ، راستىنلا ئاغزىم ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالغانمىدۇ؟

ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ئەچچە «جاھان» ئاققان ئىش ھازىرمۇ چوقۇم ئېقىشى كېرەك! شۇ خىيال بىلەن ئۆزۈمنى بەزلىدىم، شۇ خىيالدىن ئۆزۈمگە كۈچ تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن، بۈگۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ باشلىق بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇنىڭغا خىزمەت تارىخىمنى پەش قىلدىم. باشلىق مېنىڭ سۆزلىرىمنى ناھايىتى تىنچ ئولتۇرۇپ تىڭشىدى. سۆزلىگەنسېرى ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم ئاشتى، سۆزلىگەنسېرى باشلىقنى قايىل قىلىش ئىقتىدارىم يۇقىرىلىقىغا ئىشەندىم، سۆزلىگەنسېرى كاللام گاڭگىراشتىن قۇتۇلۇپ، كۆز ئالدىمدىكى تۇمان پەردىسى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، چۈنكى، باشلىق مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشاۋاتاتتى، دېمەك، جاھان يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىكەن، باشلىقمۇ ھازىرقى «جاھان» غا لايىق سۆزلەپ تۇرغىنى بىلەن، ئىشنىڭ يولىنى بۇرۇنقىدەك تۇتقۇسى بارىكەن.

مېنىڭ قىزغىن داۋاملىشىۋاتقان نۇتقىم باشلىقنىڭ: «سىز شۇنچە يىللاردىن بۇيان قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭىز؟» دېگەن سوئالى بىلەن ئۈزۈلۈپ كەتتى. تۇيۇقسىز قويۇلغان سوئال مېنى بىر دەم تىڭىرقاپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

باشلىق سوئالىنى تەكرارلىدى. مەن مەسىلىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللاندىم. مەن قايسى يىغىنلارغا قاتناشقانلىقىمنى، يىغىندىن ئالغان تەسىراتىمنى، يىغىندا نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىمنى بايان قىلىشقا باشلىدىم. باشلىقنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، دېمەك، ئۇ شۇنچە

خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ئادەمنىڭ بۇ قېتىمقى لوق ئېسىۋىدىن قۇرۇق قالغانلىقىغا ئېچىنىۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىيالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىدۇ ...

مەن بۇ قېتىمۇ يەنە ئۇستۇنلۇكنى ئالىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن هالدا سۆزلەۋەردىم، يەنە داۋاملىق سۆزلىگۈمۇ بار ئىدى. باشلىق يەنە گېپىمنى ئۈزۈۋەتتى:

— مەن سىزدىن قانداق ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭىز دەپ سوراۋاتىمەن!

باشلىقنىڭ سۆزىدىكى بىتاقەت بولۇش تەلەپپۇزى مېنى هودۇقتۇرۇپ قويدى. مەن قايتىدىن يىغىن، تەسىرات ... لار ھەققىدىكى سۆزۈمنى باشلىدىم. خىزمەت دېگەننىڭ ئەڭ مۇھىمى مۇشۇلار - دە؛

— توختاڭا، سىزگە سوئالىمنى چۈشىنىشلىك ئېيتالمىدىممۇ ياكى سىز سوئالىمغا چۈشىنەلمىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزدىن قانداق كەسپىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭىز دەپ سورىۋىدىم، سىز بولسىڭىز ھەدەپ يىغىن - يىغىنلا دەۋاتىسىز، ئىدارىمىز يىغىن ئۈچۈنلا قۇرۇلغان ئورۇن ئەمەسقۇ، — باشلىق يەنە گېپىمنى بۆلدى.

تىلىم راۋانلىقتىن قالدى، بىردىنلا مەن باياتقى ئۈمىدلىرىمنىڭ، باشلىققا بەرگەن باهالىرىمنىڭ يوققا چىققانلىقىنى چۈشەندىم.

— سىز بۈگۈن كەچتە يەنە ئويلىنىپ كۆرۈڭ، بۇ قېتىمقى كەسپىي ۋەزىپە باهالاش خىزمىتى سىزگە نېمىلەرنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈڭ، ئەتە پاراڭلىشايلى، قىلغان خىزمەتلىرىڭىز يادىڭىزغا كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. خاتالىق بولسا تۈزىتىمىز، — دېدى باشلىق، كەينىدىن نېمىشقىدۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

مەن گاڭگىرىغان هالدا ئىشخانىدىن چىقتىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئىشىكتىن كىرىشىمگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم كىتابىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— دادا، ماۋۇ كەسىرلىك ئىپادىنى قانداق يېشىدۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم. كىتابتىكى كەسىرلىك ئىپادىلەرنى قاچاندۇر بىر چاغلاردا كۆرگەندەك، يەشكەندەك قىلىمەن. لېكىن هازىر ئۇلار ماڭا تولىمۇ ناتونۇش كۆرۈندى، قارىغانسېرى كاللام ئېلىشىپ كەتتى. ئاخىرى كىتابنى ئوغلۇمغا تۇتقازدىم - دە، ۋارقىرىدىم:

— شۇنىمۇ ئىشلىيەلمەمسەن؟ ماڭ، ئۆزۈڭ ئىشلە!

مەن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. بۇ جاهان زادى قانداق جاهان؟ ئىدارىدىكى ئىشلارنىڭ مېنى گاڭگىراتقىنى يەتمىگەندەك، بالامنىڭ كەسىرلىرىمۇ گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ راستىنلا بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدىغان جاهان ئوخشىمامدۇ. نېمىشقا ئوخشىمايدىغاندۇ؟ مەن هەر قانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىدىم، ئويلىغانسېرى گاڭگىرىدىم. مېنى گاڭگىرىتىۋەرگەن قانداق جاهان بۇ؟!

1988 - يىل، مارت

# روپاش بوۋىنىڭ سىرى

(ھېكايە)

مۇھەممەت ئىمىن

مايسىخان كۆزىنى لاپپىدا ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى. يۈز - كۆزى قاتتىق تاياق زەربىدىن كۆكىرىپ كەتكەن، يېرىلغان قاپىقىدا قان ئۇيۇپ قالغان، كالپۇكى دوردىيىپ ئىششىپ چىققان بىرسى غەمكىن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئەجەبا، بۇ مېنىڭ جەمىلەممىدۇ؟ ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى نەگە كەتتى؟! قان تېپىپ تۇرىدىغان توقاچتەك مەڭزىدىكى قىزىللىقچۇ؟ جەرەندەك ئويناق كۆزلىرىنىڭ ئۆچۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان جىن چىراغدەك پىلىلداپ قالغىنى نېمىسى؟! ئاھ، خۇدا! مەندەك ئاجىز بەندەڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن! ساددا ۋە نادانلىقىم بېشىمغا بالا بولدى، قاراپ تۇرۇپ يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قوتۇر ئىتقا يەم قىلىپ بەردىم، ئېچىلمىغان غۇنچىنى ۋاقىتسىز ئۈزۈۋېلىپ رەزىل تاپان ئاستىغا چۆرۈپ تاشلىدىم. ئۇ رەھىمسىزلەرچە چەيلەندى، خارلاندى، لايغا مىلەندى. ئەمدى ھەرگىز ئەسلىگە كەلمەيدۇ، مېنىمۇ كەچۈرمەيدۇ! ...

— ئانا! جېنىم ئانا!

ئانىسىنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن جەمىلە ئۆزىنى تۇتالماي قالدى - دە، بېشىنى ئۇنىڭ باغرىغا تىقىپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— ئاپئاق قوزام!

ئانىسىنىڭ ئاۋازى قەھرىتان سوغۇقتا يىلىڭ قالغان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك تىترەڭگۈ ۋە يىغا ئارىلاش چىقتى. ئۇ قىزىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن يۇمشاق چاچلىرىنى قاداق بېسىپ قوۋزاقتەك يېرىكلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن مۇلايىمغىنا سىلىدى. جەمىلەنىڭ كۆڭلى ئانىلىق مېھرىدىن سۇ ئىچتى، ئۇ ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقان بارلىق قايغۇ - ھەسرەت، دەرد - ئەلەملىرىنى، بىراقلا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك تېخىمۇ بۇزۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ تاپتا مايسىخانىنىڭ قان دىدارى قالمىغان تاتىراڭغۇ چىرايىدىن، نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك توختىماي لىپىلداۋاتقان لەۋلىرىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

جەملە توساتتىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈر-
تۈۋەتكەندىن كېيىن ئارقىسىغا قاراپ، خىجىل بولغان ھالدا دېدى:
—خاپا بولۇپ قالمىغانلا، گۈلباھار ئاچا! يىغا بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ھەممىنى ئۇنتۇ-
غىلى تاس قاپتىمەن! سىلى بولمىغان بولسىلىزە، بۇ چاقىچە نېمە بولۇپ كېتەتتىمكىن - تاڭ؟
راستىنى ئېيتسام، بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم جۇمۇ!
مانا شۇ چاغدىلا مايسىخان ئاق خالاتلىق چىرايلىق بىر قىزنىڭ كۈلۈمسىرىگەن پېتى
سۇپا يېنىدا ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆردى، غۇنچە بويلۇق، كېلىشكەن بۇ قىز مايسىخانغا تو-
نۇشلۇق دۆڭ مەھەللىسىدىكى ھوشۇر تېگىمىچىنىڭ كەنجى قىزى گۈلباھار ئىدى. ئۇ مايسى-
خانغا دورا ئىچۈرۈپ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلىغاندىن كېيىن خوشلىشىپ
ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
— رەھمەت بالام! خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلغاي! — مايسىخان دۇئاغا قول كۆتۈر-
دى، شۇ ھامان دىمىقىغا كۈچلۈك يۆگىمەچ ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلدى. ئۇ بوغۇزىغا بىر
نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك دېمى سىقىلىپ، ئاستىنقى لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۆزىنىڭ
ئالدانغانلىقىدىن خورلاندى، ئۆكۈندى، ئازابلاندى، جاراھەتلەنگەن يۈرىكى پۇشايمان قو-
قىسىدا پۇچىلاندى...
— ئانا ساڭا نېمە بولدى؟ چۈشتە كەلسەم ئۆي ھاڭيا ئوچۇق. ھويلىدا قوزىلىق
قوي ئاچلىقتىن مەرەپ تۇرىدۇ، سېنى ئوت ئالغىلى چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ
قوناقلىقمۇ - قوناقلىق ئىزدەپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم. قارىسام، خېدۇڭنى بىلمەي ياتىسەن،
قورققىنىمدىن پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى، شۇنداقتىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆيگە ئەپكىلىۋالدىم.
ئاندىن ئۇچقاندەك بېرىپ گۈلباھار ئاچامنى چاقىرىپ كەلدىم. گۈلباھار ئاچام سېنى تو-
يۇقسىز روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ دەيدۇ. ئېيتقىنا،
جېنىم ئانا، ساڭا شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلغان زادى نېمە ئىش ئۇ؟
مايسىخاننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قاباھەتلىك چۈشتەك بىر كۆ-
رۈنۈش غىل - پال ئۆتتى...
قوناقلىق يېنىك شىلدىرلىدى. ئارقىدىن پاراس - پۇرۇس قىلىپ قوناق شاخلىرىنىڭ سۇن-
غان ئاۋازى ئاڭلاندى. «كالا كىرىۋالغان بولمىسۇن يەنە!» قوناقلىقتىن قوزىلىق قويىغا يۆ-
گىمەچ ئېلىۋاتقان مايسىخان قولىدىكى ئوتۇغۇچنى تاشلىدى - دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ
يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يېقىن بېرىپ قېلىنچىسمان قوناق قۇلاقلىرىنى ئاۋايلاپ قايرىپ قاراپ ئۆز
كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى: خەلىچە بوۋى بىرسى بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ يومىلاقلىشىۋاتاتتى.
بۆۋىسىنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە بېشىدىن ئالماي يۈزىنى چۈمبەل ئورنىدا چۈمكەپ يۈرىدىغان
جىگەررەڭلىك تور رومىلى ئۇلارنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ ياتاتتى. ئەرنىڭ بۇقىدەك سېمىز بويـ
نىغا چىڭ گىرە سېلىۋالغان خەلىچە بوۋى يېشىغا قىلچە ماس كەلمەيدىغان ناز - خۇلۇق
بىلەن ھاياسىزلارچە پىخىلداپ كۈلەتتى، ئالىلىنېمىلەرنى دەپ يېنىك ئىڭرايتتى، ئۆزىنىڭ
ئۈستىگە قونۇۋالغان يوغان گەۋدىگە ماسلىشىپ تەۋرىنەتتى، تىپىرلايتتى...
ياق، بۇ ھەرگىز خەلىچە بوۋى ئەمەس. ئۇ دائىم قىز - چوكانلارنى ئەدەپ - ئەخـ

لاقلىق، دىيانەتلىك بولۇشقا ئۈندەپ كەلگەنغۇ! بۇ، مايسىخاننىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياققان.
شۇڭا مايسىخان بۇنىڭدىن بىر يىلدەك ئىلگىرى بىر چېتى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ
كەتكەن بۇ خىلۋەت يېزىدا تۇساتتىن پەيدا بولۇپ قالغان روپاش بۇۋىگە ئۆز ئۆيىنىڭ
تۆرىدىن ئورۇن بەرگەن. كېيىنچە ئۇنىڭ بەش ۋاخ نامازدىن قالمايدىغان تەقۋادارلىقىغا
ھۆرمىتى، ئەر كىشىگە يۈزىنى كۆرسەتمەيدىغان پاكلىقىغا ھەۋىسى «خەقنىڭ ھەققىنى يەۋې-
لىش ئۆز گۆشىنى يېگەنگە باراۋەر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئىشەنچى ئېشىپ، ئۆ-
يىنىڭ بىر ئاچقۇچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپمۇ قويغان، بۇۋىنىڭ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ
ۋەز-نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا ئاتا-ئانىلار ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ بەڭباشلىقىغا يۈگەن سال-
غان. بۇۋىنىڭ دەۋەت قىلىشىدەك يېزىدىكى خوتۇن-قىزلار، جۇۋان-چوكانلارنىڭ ھەممى-
سى روپاش بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەتە-ئاخشاملىرى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئادەمگە
تىنچلىق بەرمەيدىغان، بولۇپمۇ مايسىخاننىڭ قۇلىقىغا زادىلا ياقمايدىغان ئىشقى-مۇھەببەت
ناخشىلىرى ئازايغان، قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەر بىلەن رىسىدە بولۇپ قالغان قىزلارنىڭ
ئۆستەڭ بويىدا بىر-بىرىنى قوغلىشىپ سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان، خامانغا دۆۋىلەنگەن
يۇمشاق سامان ئۈستىدە قى-چۇ قىلىشىدىغان، ھەتتا بەزىدە پومداقلىشىپ كېتىدىغان بەتقى-
لىقلىرى ئانچە كۆزگە چېلىقماس بولۇپ قالغانىدى. مايسىخان روپاش بۇۋىنىڭ سىڭ-
دۈرگەن ئاشۇ ئەجرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قايىل بولغان، ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇ-
نىڭغا ئۆزىگە ئىشەنگەندەك ئىشەنگەن، تاغدەك ئىشەنگەن. ئەجەبا، ئاشۇنداق پاك-دىيا-
نەتلىك، تەقۋادار، ئولتۇرسا-قوپسا: «بۇ كەمىنىڭ قىزلىرى شەرمى-ھايانى بىلمەيدىغان
بولۇپ كەتتى ...» دەپ قاقشايدىغان بۇۋىسىنىڭ ئۆزى بۇنداق رەسۋاچىلىقلارنى قىلىپ يۈ-
رەرمۇ؟ راستىنلا «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمامدۇ؟» ياق، ئېھتىمال قېرىغانىدا كۆزىنىڭ
نۇرى كېتىپ خاتا كۆرۈپ قالغاندۇ! ...

مايسىخان كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ سىنچىلاپ قارىدى: ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل خە-
لىچە بۇۋىنىڭ ئۆزى ئىدى! مايسىخان ھېلىقى ئەرنىمۇ كەمتۈك ئاغزىدىن ئاسانلا تونۇۋال-
دى: ئۇ ئۆمرىنى شۇ كەمگىچە قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ يېقىن-
يىراققا داڭ چىقارغان روزى پوچۇق ئىدى. قايسىبىر يىلى قوي ئوغرىلىغاندا مىجەزى چۇس،
ئاچچىقى يامان بىر كىشى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ قويۇپ راسا ساۋىغاندىن كېيىن: «تويماس
ئېغىزنىڭ مۇشۇمۇ!...» دەپ يۇقىرىقى كالپۇكىدىن ئازراق كېسىپ تاشلىغانىكەن. شۇنىدىن
كېيىن ئۇنىڭ روزى قىمارۋاز دېگەن لەقىمى روزى پوچۇققا ئۆزگەرگەنىدى.
«ھۇ ھاياسىز شەرمەندە! يەنە كېلىپ شۇنداق بۇزۇق، ئوغرى بىلەن-ھە!...» مايسىخاننىڭ
بېشى تۇساتتىن پىرقىراپ ئايلانغاندەك بولدى، يەر-زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتى-
ۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ قوناقلىققا يىقىلىپ چۈشتى ...

— سورىمايلا قوي، قىزىم، يۈرىكىمنى ئەزمە! مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. ھېلىقى خە-
لىچە بۇۋى، ياق، خەلىچە جەددالنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەي، ئىمتىھاندىن ئۆتكىنىڭدە
ئوقۇغىلى قويغان بولسام، كەلگۈسىدە سەنمۇ گۈلباھار ئاچاڭدەك دوختۇر بولىدىكەنسەن

بالام. ھەي ئىسىت، شۇ چاغدا ئەقلىمنى نېمە يەپ كەتكەن بولغىدى؟ ...

ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى پارچە-پۇرات پۇرۇچلاردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن تەكىگە باش قويۇپ ياتقان مايسىخاننىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياش تامچىلىرى 50 يىللىق جاپالىق ھاياتنىڭ ئەگرى-بۈگرى يوللىرىدەك كۆزى قۇيرۇقىدىن قۇلاقلىرىغىچە سوزۇلغان قورۇق ئىزلىرىنى بويلاپ ئاق سانچىلغان چاچلىرى ئۇستىگە دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى ...

— بولدى ئانا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىنا! — جەملە ئانىسىنىڭ يىرىك ئالقىنىنى مەڭزىگە سۇۋاپ ئەركىلىدى، — ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، قەپەزدىن قۇتۇلدۇم. ئەمدى كەڭرى ئاسمان مېنىڭكى، ئەركىن پەرۋاز قىلىمەن!

— خېتىڭنى ئالدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى مايسىخان زەئىپ ئاۋاز بىلەن، — بىرىنچى ئەردىن يېنىكلىك بىلەن ئاجرىشىش ياخشى ئەمەس ئىدى، بالام. نېمىشقىمۇ ئاۋۋال مەندىن مەسلىھەت سوراپ باقمىغانسەن؟

— مەن ئاجرىشاي دېمىدىم، ئانا! — دېدى جەملە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — راستىنى ئېيتسام، ئۇ مېنى ئەمرىگە ئېلىپ ئىككى ئاي ئۆتە-ئۆتمەيلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. يوقىلاڭ باھانە-سەۋەبلەرنى تېپىپ تىللىدى، ئۇردى، خارلىدى، لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ ھەممىگە بەرداشلىق بەردىم. كېيىنچە «ياخشىلىقچە خېتىڭنى ئال!» دەپ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى، ئۇنىمىدىم. يالۋۇردۇم، لېكىن ئەر بۇزۇلسا باشقا ئامال يوقكەن، يۈرىكى تاشتەك قېتىپ قالىدىكەن. ئايال خەق دېگەننى ھەر قانداق قىلىپمۇ بولسا بەزدۈرىدىكەن. ئۇنىڭ نىيىتىنى خېلى بۇرۇنلا پەملىگەنىدىم. ئۇ باشقا خوتۇن ئېلىش، يەنە بىر غۇنچىنى نابۇت قىلىش كويىدا شاپاشلاپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇقماس بولۇۋېلىپ بىزدىرىپ تۇرۇۋەردىم، ئۇ باشقا ئامال قىلالماي، ئاخىرى بۈگۈن مېنى ھارغىچە ئۇرۇپ «ئۈچ تالاق» دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. يەنە تېخى مېنى: «سەن دېگەن 500 كويغا سېتىۋالغان قۇل-دېدەك، نېمە قىلسام قىلىمەن! باشقا بىرسىگە ھايۋان ئورنىدا سېتىۋەتسەممۇ ھېچكىم «غىڭ» قىلالمايدۇ!... » دەپ ھاقارەتلىدى. مەن ئادەم، ئانا! بۇنداق ھاقارەتكە زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم!

— 500 كوي؟ ئۇنىڭ 500 كويىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ مايسىخاننىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى، — ۋىجدانىنى ئىتقا يالاق قىلىپ بەرگەن يالغانچى موللامۇ-نېمە ئۇ؟

— بۇنى مەنمۇ سورىدىم، — دېدى جەملە ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ، — ئۇ ماڭا ھۆركىرەپ: «سېنى بىكارغا ئالغىنىم يوق. خەلچە بۇۋىڭگە 500 تىڭزىنى شاراقشىتىپ ساناپ بېرىپ ئالدىم» دەيدۇ، ئانا! قارىغاندا ئۆزىمىز خەلچە بۇۋىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايمىز!

مايسىخاننى يەنە يىغا تۇتتى. شۇ خەلچە بۇۋى ھېلىقى موللامنى «ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ئوبدان، يۇۋاش-مۆمىن، بىر-ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەدەب-ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك، مۇسۇلمانچىلىقى بار، ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ئادەم ...» دەپ تەرىپلىگەن: «مەن قىزلىرىنى يامان ئەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ خارلانمىسۇن دەپ مۇشۇنداق

جان كۆيدۈرۈۋاتىمەن. ئويلاپ باقسىلا، بولمىسا بۇنىڭدىن ماڭا بىر تىيىن پايدا كېلىدۇ دەمىلا ...» دەپ ئۆزىنىڭ خالىسلىقىنى ئىزهار قىلغان ئەمەسمىدى؟! شۇنىڭ بىلەن مايسىخانمۇ كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، تۇل قالغاندىن بۇيان ئۆزىگە بىردىنبىر سىرداش، يۆلەنچۈك بولۇپ كەلگەن كۆزىنىڭ گۆھىرى، يۈرىكىنىڭ پارىسى جەمىلەنى 32 پارە قۇرئاننى سۇدەك يادقا بىلىدىغان قوشنا يېزىلىق ھېلىقى موللىغا ھېچقانداق تويلۇق سالمايلا چېتىپ قويغان. شۇ چاغدا جەمىلەنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆكلەم يامغۇرىدەك تۆكۈپ يىغلىغانلىرى، ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئەزگۈدەك مۇڭلىنىپ يىلىنغانلىرى ھېلىغىچە مايسىخاننىڭ شۇنداق ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ. جەمىلە، تىببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىمارلارغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى، ئانىدەك مېھرىبانلىقى بىلەن بىر - ئىككى يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان گۈلباھارنىڭ تەسىرىدە دوختۇر بولۇشقا بەل باغلىغان ھەمدە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ تىببىي تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالغانىدى. ئەپسۇسكى، دەل ھالقىلىق شۇ پەيتتە بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى: خەلىچە بۇۋىنىڭ «قىزلىرىنى ھەرگىز ئوقۇشقا ئەۋەتمىسىلە. ئون بەش - ئون ئالتىلەرگە كىرىپ قالغان قىز بالىنى ۋاقتىدا ياتلىق قىلىۋەتكەن ياخشى، شەھەرگە بارسا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئالمادىس ئۇ قوللىرىغا نىكاھسىز تۆرەلگەن ھارام جاندىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويغۇدەك بولسا يۈزلىرىنى نەگە قويىلا... » دېگەن گەپ - سۆزلىرىدىن بېشى ئايلىنىپ ئىككىلىنىپ تۇرغان مايسىخان قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىغا كىنو كۆرگىلى بارغاندىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كەلدى. كىنودا «نوموس - ئىزا» نى بىلمەيدىغان بىر توپ ياش قىز - يىگىت چەۋەننىڭ گىژدىلدىشىغا، ياشنىڭ غىڭىلدىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاللىقانداق غەلىتە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ پىرقىراۋاتاتتى.

— بۇ نېمە ئالامەت، قىزىم؟ — ئۈيۈلۈپ ئولتۇرالماي قالغان مايسىخان پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كىنو كۆرۈۋاتقان جەمىلەنىڭ بېقىنىغا نوقىدى، — ئۇلار ئېلىشىپ قالغانمۇ - يا؟

— ئانا، بۇنى تانسا دەيدۇ! — جەمىلە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى، — كىنو قويسىزادى كەلگىلى ئۇنىمايسەن. كىنونى كۆپرەك كۆرسەڭ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ قالاتتىڭ!

— ئىلاھىم، كۆزۈم كۆرمىسۇن! ياخشى، بۇرۇن كەلمىگىنىم! — مايسىخان ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە يانغا قارىۋالدى، تۇساتتىن مۇقىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئاغزىنى جەمىلەنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ پىچىرلىدى، — ئېيتقىنا جەمىلە ، شەھەردە ئاشۇ نېمىنى ئوينامدۇ؟

جەمىلە كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە ئوينايدۇ!

مايسىخاننىڭ ئېنى ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. شۇ ھامان قىقىراپ - پىلتىڭلاپ تۇرغان بىر بوۋاق كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇنى چىرايلىرى ساماندەك سارغايغان، قاپقارا چاچلىرى ئەسكى مازدەك چۇۋۇلغان جەمىلە قاققان قوزۇقتەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان ئانىسىغا

ھەدەپ تەگلەيتتى...

— قوپ بالام، كېتىمىز! — مايسىخان كۆزىنى ئېكرانىدىن ئۈزەلمەيۋاتقان جەمىلەنىڭ بېغىشىدىن چىمىڭ تۇتۇپ تارتتى، — مۇلۇندەك قاراپ ئولتۇرىسەنغۇ، تېز بول دەيمەن!

مايسىخان شۇ ئاچچىقىدا جەمىلە تېخى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇپ ئالغان ئۇقتۇرۇشنى «ۋەرتتىدە» يىرتىپ تاشلىدى ۋە ئۇنى خەلىچە بوۋى سايە قىلىپ كەلگەن موللامىغا تېگىشكە قىستىدى. قىزىنىڭ كۆز يېشى ئانىنىڭ مۇزلىغان يۈرىكىنى ئېرىتەلمىدى، ئۇنىڭ قارشىلىقىغا «دېگىنىمگە كۆنمىسەڭ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن» دەپ تەھدىت سېلىش بىلەن جاۋاب بەردى. مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل جەمىلە كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي ئۆزىنى كۆيۈپ-پىشىپ پەپىلەپ ئۆستۈرگەن ئانىسىنى ئارتۇقچە رەنجىتكۈسى كەلمىدى. ئىستىقبالىنى قارا جاڭگالىغا چۆرۈپ تاشلاپ ئانا رايىغا باقتى... ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن گۈزەل ھاياتىنىڭ خوۋلىقىنى ئاز-تولا كۆرگەن بولسا، ئالتۇندەك ياشلىقىنىڭ لەززەت-ھوزۇرىنى باشقا قىزلارغا ئوخشاش سۈرگەن بولسا كاشكى! ئۇنىڭ كۆرگىنى نەھايەت تىل-ھاقارەت، كەمسىتىش، خورلاش، تاياق-توقماق بولدى! شۇندىمۇ ئاق-قارىنى پەرق ئېتىپ قالغان جەمىلە ئانىسىنىڭ يەلكىسىگە قايغۇ-ئەلەم يۈكىنى ئارتماسلىق، ئۇنىڭ پەرزەنتىنى قاتارغا قوشۇش شادلىقىغا چۆمگەن يۈرىكىنى پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتىمەسلىك ئۈچۈن ھەر قېتىم ئۆيىگە قايتقاندا ئۆزىنى خۇشال تۇتتى، يۈزىدىكى كۆكىرىپ چىققان تاياق ئىزلىرىنى «دەرەخكە ئۈسۈپ تاشلىدىم»، ياكى «پۇتلىشىپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم» دەپ يوشۇرۇپ كەلدى. لېكىن چېچەن مايسىخان ئانىلارغا خاس تۇيغۇ بىلەن قىزىنىڭ كۈلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان يىغىسىدىن، كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدا قالغان ياپراقتەك تىترەڭگۈ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ بارلىق دەردىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇنى ئوتقا ئىتتىرىۋەتكەنلىكىدىن ئۆكۈندى. لېكىن ئۇ يەنىلا خەلىچە بوۋىنىڭ: «ياش ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل-ماجىرا دېگەن ئۆتكۈنچى يامغۇرغا ئوخشاش ھەش-پەش دېگۈچە توختاپ قالىدۇ، بۇلۇتنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەندەك ئۇلارنىڭ چىرايىمۇ بىردەمدە كۈلكە قاپلايدۇ، غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، مايسىخان!...» دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنىپ، قىزىنى ئۆز يېنىدا بىر كېچە قونۇپ قېلىشقىمۇ قويماي ئېرىنىڭ ئۆيىگە نەچچە قېتىم ئاپىرىپ قويدى...

مايسىخان ياش يۇقى كۆزلىرىنى جەمىلەنىڭ پەرىشان چىرايىدىن ئۈزۈپ، ئۈستىبېشىغا تىكتى: ئۇنىڭ ئۇششاق گۈللۈك چىت كۆڭلىكى تىتما-كاتاڭ قىلىۋېتىلگەن. بىچارە قىزنىڭ مۇرىسى، بېقىنى ئېچىلىپ قالغانىدى.

— تازىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن دەيۈز. پىخسىق بىر نېمە ئوخشىمامدۇ ئۇ! — مايسىخاننىڭ پۈتۈن ئەزايى غەزەپتىن تىترەپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، — ئادەم دېگەننى قاراپ تۇرۇپ بۇنداقمۇ يولغا سېلىپ قويغان بارمۇ؟ خەق سېنى مۇشۇ تۇرقۇڭدا كۆرۈپ نېمىلەرنى دەپ قالغاندۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ سەت ئەمەسمۇ! ھۇ ئار-نومۇسنى، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان مەخلۇق... قىزىم كاتتىكى بوخچاڭنى ئېچىپ، كۆڭلىكىڭنى ئالماشتۇرۇۋال!

جەمىلە ئىتائەتمەنلىك بىلەن سۇپىدىن چۈشۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئانا، ئۆيگە ئوغرى تېگىپتۇ!

مايسىخاننىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قانداقلارچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، كات ئۈستىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىلگەنلىكىنى، كات ئېغىزىنىڭ يەردە ماكچىيىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئالدىراپ قالغان مايسىخان كات ئىچىگە بېشىنى تىقىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرنى سىپاشتۇرۇپ باقتى. كات قۇرۇقداپ قويۇلغان بولۇپ، جەمىلەنىڭ كىيىم - كېچەك بوخچىسى، يېڭى سېتىۋېلىنغان ئىككى يوتقان تاشلىقى، ئۈچ كىيىملىك چىپەرقۇت قاتارلىق پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى.

— ئانا، ئىشىكنىڭ قۇلۇپى ئاچقۇچى بىلەن بۇ يەردە تۇرىدۇ! — دالانغا چىقىۋالغان جەمىلە كىگىز ئۈستىنى كۆرسەتتى، — ئوغرى كىرسە قۇلۇپنى چاقماي كىرەلمەيتتى. سەن ئۆيىنىڭ بىر ئاچقۇچىنى خەلچە بۇۋىگە بەردىم دەۋاتاتتىڭ، قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى بىلەن بۇ يەردە تۇرغىنىغا قارىغاندا...

مايسىخان پۇت - قولىنىڭ بىردىنلا بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تۇرغان جايىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. «مەن قوناقلىقتا يىقىلىپ چۈشكەندە چاۋىسىنىڭ چىتقا يېپىلغانلىقىنى سەزگەن خەلچە بۇۋى ئۆلۈپ - تىرىلىشىم بىلەن كارىمۇ بولماي، ئۇدۇل ئۆيگە كېلىپ، بار - يوقنى سۈپۈرۈپ تىكىۋېتىپتۇ - دە! ھۇ ئىمانسىز دەيۈز!...» جەمىلە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاۋاتقان ئانىسىنى يۆلەشتۈرۈپ ھويلىغا ئەپچىقىپ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سالقىن سۇپىغا سېلىنغان چۈشەك ئۈستىگە ياتقۇزۇپ تۇرۇشىغا، ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسى يېنىك جاراڭلىدى.

جەمىلە دەرۋازىنى ئېچىپ، كەنت ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى قاسىم ئاكىنىڭ ئارقىسىدا ئىككى ساقچىنىڭ تاياقتەك قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— بۇلار شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن كەپتۇ! — دېدى قاسىم ئاكا ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — خەلچە بۇۋى ئۆيۈڭلەردە باردۇ؟ شۇنى...

— ئاۋۋال ئۆيگە كىرىڭلار! — دېدى ئۆزىنى سەل - پەل ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن جەمىلە كۆكرىكىدە تولغىنىپ تۇرغان ئۈزۈن ئۆرۈمە چېچىنى مىجىغلاۋېتىپ، — گەپ - سۆزلەر بولسا، بىرەر پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن دېيىشسەكمۇ كېچىكمەسمىز.

ئۇلار تولا تەكەللۇپ قىلىپ يۈرمەيلا ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى ۋە جەمىلەنىڭ كۆرپە سالاي دېگىنىگىمۇ ئۇنىماي، سۇپىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇرۇشتى.

— مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە، مايسىخان ئاچا؟ — دېدى قاسىم ئاكا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان مايسىخاننىڭ دۈمبىسىگە تەكى يۆلەپ قويۇۋېتىپ، — چىرايلىرى تاتىرىپلا كېتىپتۇ، دوختۇرغا كۆرۈندىلىمۇ؟

— كۆرۈندۈم، دورا بەردى، — دېدى مايسىخان كۆزىگە چۈشۈۋالغان چېكە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، — يۈرىكىم ئېغىپ، بېشىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ، خۇدا شىپالىق بەرسە ئەتە - ئۆگۈنگىچە تۈزۈلۈپ كېتەرمەن، ئېيتقىنا ئۇكام، بۇ ساقچىلار نېمىگە كەلگەندەك تۇرىدۇ؟

— قويسىلا، مايسىخان ئاچا! — دېدى قاسىم ئاكا ئەلەم ۋە غەزەپ ئىچىدە ئۆكسۈنۈپ، — ئۇ خەلىچە بۇۋۋى ئەمەس. سېسىق نامى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن ئايىزىم سەتەڭ ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپ، چۈمپەردە ئىچىگە يوشۇرۇنغان ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى كۆرەلمەي قاپتۇق ئەمەسمۇ!...

قاسىم ئاكىنىڭ تەرىپلىشىگە ئەگىشىپ، گويا چىۋىن يەۋالغاندەك بىردىنلا كۆڭلى ئاينىشقا باشلىغان مايسىخانىنىڭ كۆز ئالدىدا يىرگىنىشلىك بىر مەخلۇق پەيدا بولدى: قاپقىغا سۈرمە، يۈزىگە ئۇپا، لېۋىگە قىزىل سۈرگەن، بويىنغا بەش قاتار مارجان ئاسقان، قوللىرىغا ئىككى جۈپتىن ئالتۇن بىلەيزۈك سالغان، ئۈستىگە ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇرىدىغان زەر كۆڭلەك كىيگەن قېرى بىر سەتەڭ ئامبارسىمان ئۆيىدىكى ئايلانما دىۋانىدا ئاتنىڭ قېنىدەك قېنىق قىزىل ھاراق ئىچكەچ كېرىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈندۈزلىرى كوچا ئارىلاپ «خېرىدار» ئىزدىگەندە يۈزىنى چىڭ چۈمكىۋالىدىغان چۈمبىلىمۇ ئالدىقاياقلارغا چۆرۈپ تاشلانغانىدى. زەيلىشىپ كەتكەن ئۆي ئىچىدىن قاڭسىق ئەتىر ۋە كۈچلۈك ئاق ھاراق پۇرىقى گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلاتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ياندىكى قاراڭغۇ ئۆيدىن نارەسىدە قىزنىڭ ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن قورقۇپ چىرقىرىغان نالە-پەريادلىرى ۋە ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغان مەستلەرنىڭ شەھۋانىيلىق بىلەن گاھ بوغۇلۇپ، گاھ ئېچىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ھېلىقى دەللە ئېتىكىدىكى چىرايلىق قول سومكىسىدا تومپىيىپ تۇرغان دەستە-دەستە پۇللارنى ئاۋايلاپ سىپاپ، مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ھىجىياتتى...

تۇيۇقسىز، چاچلىرىنى يېڭى تۇغۇلغان قوزا يۇڭىدەك بۇدۇر قىلىنغان، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى ئۈچ بۇرجەك كۆزلىرى چەكچەيگەن، ھوقۇشنىڭ تۇمشۇقىدەك كوتمەك بۇرنى ئاستىغا ياپونچە بۇرۇت قويىۋالغان، چاقماقلىق كۆڭلەك كىيگەن بىر يىگىت ئىشىكنى جالاقشىتىپ ئېچىپ كىرىپ كەلدى ۋە ئاغزىنى كىلەدەك يوغان ئېچىپ، ھاسىراپ-ھۆمىدىگەن ھالدا ۋارقىرىدى:

— خان ئاچا، چاتاق بولدى! ساقچىلار كېلىۋاتىدۇ!

پاتپاراقچىلىق باشلاندى، كىمدۇ بىرى قولىدىكى يېرىملاشقان ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن چىراغلارنى چېقىۋەتتى. ئۆي قاپقارا زۇلمەت ئىچىگە چۆكتى. ساقچىلارنىڭ قوللىرىدىكى قول چىراغ نۇرلىرى زۇلمەتنى يېرىپ ئۆتكەندە، ھېلىقى سەتەڭ — يەر ئاستى پاھىشىخانا خوجايىنى ئارقا ئىشىك بىلەن زەرا تكالىقتا قېچىپ چىقىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى...

ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىكەن، مايسىخان ئاچا! — قاسىم ئاكا ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جىنايەتچى بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالغاندىن كېيىن خۇراپاتلىق ئىدىيىمىزنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ بىزنى قايمۇقتۇرۇپ، قاقتى-سوقتى قىلىپ يۈرۈپتۇ. بىزمۇ ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەي ئۇنى قانات ئاستىمىزغا ئاپتىمىز. ئەمدىغۇ ئۇ روپاش بۇۋۋىنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى. بۇرنىمىزغىمۇ سۇ كىردى. لېكىن...

— توۋا قىلدىم، توۋا! — مايسىخان ئەلەم بىلەن ياقىسىنى چىڭ چىشلىدى ۋە بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋاتقان جەمىلەگە قاراپ، ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى...

# چىغىر يول

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەركىن نۇر

## مۇقەددىمە

بۇ يەردە سۆزلىنىدىغىنى كىشىنى مەست قىلغۇچى ئىشقىي-مۇھەببەت داستانى، سېھىرلىك قەدىمىي ئەپسانە ياكى بۈيۈك شەخس ھەققىدىكى تەسىرلىك رىۋايەت بولماستىن، بەلكى ئاددىيغىنا بولغان بىر چىغىر يول قىسسىسى.

بۇ يول نەدە ئاياغلىشىدۇ؟ ئاياغلاشمايدۇ، يول مەڭگۈ ئاياغلاشمايدۇ.

يول نەگە تۇتىشىدۇ؟ ئۇپۇققا، ئۇپۇقنىڭ نېرىسىغا...

ۋەھالەنكى، بۇ يول تېخى ئەمدىلا باشلانغان. بۇ يول مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ:

## تۇغۇلۇش

پېشايۋانغا ئېسىلغان قەپەزدىكى قۇشلارنىڭ نەغمە-ناۋالىرى بېسىققان، كەڭ، ئازادە گۈللۈك ھويلا ئاستا-ئاستا قاردىيۋاتقان چاغ.

ئۇ، سوقۇلغان دورا-دەرمەكلەر بىلەن لىق تولغان ھاۋانچىنى كۆتۈرۈپ، ھويلىدىن ئۆيگە كىردى. چىراغ ياندى. ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى يۈزى سوزۇنچاق، قارچىغا بۇرۇن، كەككە ساقال كەلگەن ئادەمنى يورۇتتى. ئۇ تۈرلۈك مۇئەللىملەردىن پەننىي مەلۇمات ئالغان تىۋىپ — غوپۇر ئاكا ئىدى.

ھويلىدا بىر بالىنىڭ قىقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ ئاۋازنى تونۇدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، تۆت ياشلىق خالىتجان ئىدى.

— دادا، پەرى مېنى «80 خالتا» نىڭ بالىسى دەپ تىللىدى.

— بالام ئۇ تىل ئەمەس، پەرى «80 خالتا» نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن.

— ئۇنداق بولسا، مېنى نېمىشقا 80 خالتا دەيدۇ؟

— بۇنى بىلگۈڭ كېلىۋاتىدۇ-ھە سېنىڭ، ياخشى، ئۇنداق بولسا ئوبدان ئاڭلا، بۇندىن 200 يىل ئىلگىرى تۈمەن دەرياسى ۋادىسىدا دانىش ھاجى ئىسىملىك بىر يېتىم ئوغۇل ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىچىكىدە باينىڭ پادىلىرىنى بېقىپتۇ. قۇرامىغا يەتكەندە باي ئۇنى ئۆزىنىڭ مەككە بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتناپ چەرچىن ماللار سودىسى قىلىدىغان خاس كارۋانلىرىغا تۆگە يېتىلىگۈچى قىلىۋاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كىشىلەر ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەن-

دەك «قىبرى يىگىت» دەپ لەقەم قويۇشۇپتۇ. بۇ، ئۇنىڭغا هار كەپتۇ-دە، ئەلەم بىلەن يەنە ئۈچ يىلغىچە ئۆيلىنىپ بولالمسام، ئوغۇل بولماي كېتەي دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. لېكىن مۇشۇكىمۇ بىكارغا ئاپتاپقا چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىكى قارا كۈچىدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىسا، كىممۇ ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشنى خالىسۇن؟ بۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇل تېپىشنىڭ غېمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بايدىن ئاز-تولا قەرز ئېلىپ، تەۋەككۇل قىلىپ ئۇششاق-چۈششەك دورىلارنى سېتىۋېلىپ، باينىڭ ھېلىغا قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەپتۇ. خۇدانىڭ رەھمى كەلگەنمۇ بىرىنچى قېتىمدىلا ئۇنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ قولى ئانچە-مۇنچە پۇل كۆرۈپتۇ.

— ھەممە ئىش شۇنداق بولدۇ، بالام، دەسلەپ كىرىشكىنىڭدە تەسكە چۈشىدۇ، ئەمما تىرىكمەي-زىرىكمەي ھەپىلىشۇەرسەك، ئاخىر ئېپپنى بىلىۋالىسەن. سۆزلەپ نەگە كەلگەنتىم، ھە راست، ئۇنىڭ قولى ئانچە-مۇنچە پۇل كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇ جەرياندا مەخسۇس دورا-دەرمەك سودىسىلا قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇ نۇرغۇن دورىلارنىڭ نامى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىنىش ئۇرنى قاتارلىقلارنى بىلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى ھەم دورىپۇرۇش، ھەم ئۇستا تىۋىپ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا دورا تۇرلىرى 80 خىلچە بولۇپ، دانىش ھاجى ئۇنى ئايرىم-ئايرىم خالتىلارغا قاچىلاپ ئىشلىتىدىكەن. بۇنى كۆرگەن دوستلىرى ئۇنىڭغا «80 خالتا» دەپ چاقچاق قىلىپ يۈرۈپ، كېيىن ئۇنىڭغا سىڭىشىپ قاپتۇ. «80 خالتا» دېگەن سۆز ئەنە شۇنداق كەلگەن. شۇندىن باشلاپ كىشىلەر دورىپۇرۇش-تىۋىپلارنى «80 خالتا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

— دادا، سەن ئۇنىڭ توي قىلغان-قىلمىغانلىقىنى دېمىدىڭغۇ؟

— توي قىپتۇ، بالام. توي قىپتۇ. ئۇ توي قىلىپ بالا-چاقىلىق بوپتۇ. ئابدۇراخمان بوۋاڭ، ئاشۇ دانىش ھاجىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىنى ئابدۇراخمان بوۋاڭنىڭ داۋاملاشتۇرۇشىغا تاپشۇرغانىكەن، ئابدۇراخمان بوۋاڭ ئۇرۇمچىدە دۇكان ئېچىپ يۈزنەچچە ياشقا كىرگۈچە تىبابەتچىلىك ئىشىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. رەھمەتلىك ئۆلۈش ئالدىدا ماڭا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ: «ئەمدى مېنىڭ كەسپىمنى سەن داۋاملاشتۇرمساڭ ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ... ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىڭ باشلاپ بەرگەن ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىق!...» دېگەن. قارىماسسەن، مانا مەنمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر تىۋىپ بولۇپ قالدىم...

دادا ھەدەپ قىزىشىپ سۆزلىمەكتە، بالا بولسا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققۇاتقان ھەربىر ئېغىز سۆزنى قىزىقسىنىپ ئاڭلىماقتا ئىدى. سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە خالىقجاننىڭ يۈرىكى بىردىن ئېغىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك، ھېس قىلغاندەك ئىدى. شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە يومران بىر ئارزۇ ئاللىقاچان تۇغۇلۇپ بولغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆزى بۇنى سېزەلمەي قالدى...

## بىۋاسىتە كەچۈرمىش

چىققى چۈش.

ئۆيدە پاتەمخان ئىڭراپ ياتاتتى. ئۇ، خالىقجاننىڭ ئانىسى بولۇپ، ئوقۇمىغان ساددا، ئاقكۆڭۈل ئايال ئىدى. ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ تۇيۇقسىز ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كېسەلى كۈندىن-كۈن-

گە ئېغىرلىشىپ، ئالىددىكىلەرنى ۋەس-ۋەسىگە سېلىۋاتاتتى.

قېرىشقاندەك قىزىل قوغدىغۇچىلار غۇپۇر ئاكىنى «بۇرژۇئازىيىچە باياشات تۇرمۇش كەچۈردى» دەپ چەمبەرچەس باغلاپ، كوچمۇكوچا سازايى قىلىپ، كۈرەش قىلغىلى ئاق مەسچىتتىكى قوماندانلىق شىتابىغا ئېلىپ كېتىپ تېخى قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى.

— غۇپۇراكام ئۆزى بولسىمۇ بىر نۆرى ئىدى، — دېدى تېخى ھېلىلا كىرىپ پاتەمخاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئۇدۇل قوشنا — ئايۇپ ئاخۇن.

— شۇنى دېمەملا.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

— ھە، پاتەمخان ئايلا، — دېدى ئايۇپ ئاخۇن بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، — ئەگلىلىرىنى كىيىپ تەييار بولۇپ تۇرسىلا، ئاڭغىچە مەن بىر يەردىن ھارۋا تېپىپ كېلەي، سىلىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقايلى.

— رەھمەت ياخشى كۆڭۈللىرىگە، رەھمەت ئايۇپ ئاخۇن، — پاتەمخان زەئىپ ئاۋازدا بوغۇلۇپ تەستە سۆزلەيتتى، — دوختۇرغا كۆرسەتمىز دەپ ئاۋارە بولۇشمىسىلا، مەن... مەن بەربىر ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن.

مىشىلداپ يىغلاشلار، ياش تۆكۈشلەر، تەسەللىلەر...

ئۇلار بۆلۈمگە كىرگەندە، بۆلۈمدە ئۈچلا ئادەم تۇراتتى: سۆڭگىچىنى يېرىم ئېچىپ ئوكۇل سېلىشنى كۈتۈپ دۈم ياتقان كېسەل، كېسەلنىڭ يېنىدا قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق سېستىرا ئايال، ئايالدىن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ ئولتۇرغان شاپ بۇرۇت ياش يىگىت.

— ئوھۇش، — دېدى سېستىرا كىرگەنلەرنى كۆرۈپ تۇمشۇقىنى ئۈچلىغانچە، — بىرسىنى يولغا سېلىپ بولالمايۋاتسا، ئادەمنىڭ ئەرۋايىنى ئۇچۇرۇپ كېلىۋەرگىلى تۇردىغۇ بۇ كېسەل كۆرپىلىرى!...

سېستىرا بۇ سۆزنى ئۇلارغا ئاڭلىتىپ، ئەتەي شۇنداق ئۈنلۈك ئېيتقانىدى، ھېچكىم لام-مىم دېمىدى.

— ئۆيىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى بەرسىڭىز، مەن بېرىپ تۇرايمۇ-يا؟

— ۋىيەي، مانىڭ نەپسى تاقىلداپ كەتكىنىنى. ئالدىرىماڭ.

— ئەتىگەندىن بېرى شۇنداقلا دەيسىز، — ھېلىقى شاپ بۇرۇت يىگىت سەل جىلى بولغاندەك قىلاتتى، — جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان بېلىقنى دەريا ساھىلىغا ئاپارغاندىن كېيىن سۇغا قويۇپ بېرىش كېرەك-تە، ئۇنى قىيناپ ساھىلدا تاشلاپ قويغاندىن كۆرە تەشنالىقنى تېخىمۇ قوزغىماي، بىراقلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان تۈزۈك،

— بېلىقنىڭ بىگىسى بولسا دەرياغا ئۆزى كىرسۇن، — سېستىرا كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ يىگىتكە مەنىلىك كۈلدى، — دەريادا ئوينىغان بېلىقنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالمىغاندىكەن نېمىدىن قورقۇش.

ئوكۇل سېلىش نۆۋىتى پاتەمخانغا كەلدى.

— ھوي، قانداق ئادەم سىلە، مەندىن بىسوراق مېڭىشسىلا، ئىشخانىنى تاقايمەن.

— بۇ، بۇ...

— نېمە بۇ، بۇ، ئىشتىن چۈشتۇق، ئىشقا چۈشكەندە كەلسىلە.

— بۇياقنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر، ئۆزىمۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمايۋاتىدۇ، ئوبدان سىڭلىم، بىزدىن يانمىسا...

— نېمە ئۇنداق كوت-كوت ئادەم ماۋۇ، گەپ بىر، قۇلاق ئىككى، ماڭسىلا، ياغ سالغان چايدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرماي.

ئۇ، بۇ ئۇچەيلەننى ئاخىر چىقىردۇەتتى - دە، شۇ ھامان ئىشىكنى جاڭگىدە ياپتى. ئىشىك - دېرىزىلەر جىرىڭىدە قىلىپ تىترىدى. ئۇلار، ئىشىكتىن چىقىپ بىرەر قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بۆلۈمدىكى سېستىرا بىلەن يىگىتنىڭ قاتتىق كۈلكە سادالىرى كاردورنى بىر ئالدى...

بەش ياشقا ئەمدىلا توشقان خالىقجاننىڭ تېنى يىلان سۆركىلىپ ئۆتكەندەك شۈركىنىپ، بۇدرۇق قوللىرى ئاستا - ئاستا يۇمۇلۇپ، كىچىككىنە مۇشتۇمى قاتتىق تۈگۈلدى، چىشلىرى بىر - بىرىگە ئاجراتقۇسىز دەرىجىدە كىرىشتى. ئۇنىڭ تونغاقتەك يۇمشاق كۆكسىگە تاشتەك قاتتىق، مۇزدەك سوغ بىر نەرسە پاتۇرۇلۇپ كىردى. ئۇ نەرسە بىر پەستىلا بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر، ئۇچلۇق ۋە كۈچلۈك تىرناقلا ئايلىنىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىستى، مۇجۇپ چاڭگاللىدى، تاتىلاپ تىلغىدى، تىتىپ تاشلىدى. ئۇ قول ئاجايىپ قورقۇنچلۇق، ئاجايىپ غالجىر، ئاجايىپ رەھىمسىز قول بولۇپ، ئۇ يۈرىكىنىڭ ئاستىغا، ئاستىنىڭمۇ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە سوزۇلۇپ كىرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆكسىنى ئۆزى يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋەتكۈسى، يۈرىكنى سۇغۇرۇپ تاشلىۋەتكۈسى كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى، دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر پارچە ئوتقا ئايلىنىپ كۆيۈۋاتاتتى، ئوت ھەممىنى بىراقلا يۇتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك ئۇزۇن تىللىرىنى تېخىمۇ سوزاتتى... ئۇنىڭ يۈرىكى جۇغۇلدىدى، جۇغۇلدىدى. قانداقتۇر بىر شېرىن ئەمما تولىمۇ ئازابلىق بىر تۇيغۇ تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىگە قاراپ ئاقاتتى. ئۇ، ئۆمرىدە تۇنجى نۆۋەت ئۆزىنىڭ شۇنچە ئاجىز، بىچارىلىكىنى ھېس قىلدى ھەمدە بىرىنچى قېتىم بۇ كىشىلەرنىڭ، بۇ دۇنيانىڭ رەھىمسىزلىكىنى چۈشەندى.

ئۇ كاردور تېمىغا يۆلەنگىنىچە جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق، سۇيۇق بىر نەرسە ئاققاندەك قىلدى، ھە ئە، راستىنلا بىر نەرسە ئېقىشقا باشلىدى...

ئۇ، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاق خالاتلىق بىر دوختۇر بولۇپ چۈش كۆردى.

## تېڭىرقاش

قارلىغاچلار باھارنى قايتۇرۇپ كەلدى.

لېكىن، 16 ياشلارغا كىرىپ قالغان خالىقجاننىڭ قەغەزدەك ئاق، بوش ئۆتۈپ كەتكەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. ئۇ قالايمىقانچىلىق يىللىرىنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە ئاران - ئارانلا 2 - سىنىپقىچە ئوقۇيالىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ دورا دۇكىنىدا ئىشلەپ، دادىسىغا ياردەم بېرىدىغان بولغانىدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئاساسەن ھاۋانچىدا دورىلارنى سوقۇش بولۇپ، دورا سوقۇۋاتقاندا ھاۋانچىدىن «پۇل، پۇل، پۇل...» دەۋاتقاندەك ئاۋاز كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ، دادامۇ شۇنداق دېسۇن، ئەمدى ھاۋانچىمۇ شۇنداق دەمدۇ؟! — دەپ غۇدۇراپ قوياتتى ئىچىدە.

ئۇنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كېتىشتى. ئۇ، بۇ دوستلىرى بىلەن ھەربىر ئۇچراشقاندا گويا ئۇلار ئالدىدا قانداقتۇر بىر ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قويغاندەك ئۆز - ئۆزىدىن خىجىل بولۇپ، بېشى يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇمۇ ئوقۇشسىز قالمىغان بولسا، دوستلىرىغا ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇماسمىدى!

ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان ئاز بىر قىسىم دوستلىرى بولسا، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئورنىغا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا باشلىدى. ئەمما، بۇنىڭ ئۇچۇنمۇ

ئانچە - مۇنچە ئوقۇغان، مەكتەپ يۈزى كۆر-
گەن زىيالىي ياشلار بولمىسا بولمايتتى. ئۇ،
ئىشقا ئورۇنلىشىشتىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالدى.
ئەمدى ئۇ نېمە ئىش قىلسۇن؟ قارا كوچىنى
سېتىپ پۇل تاپسۇنمۇ؟ كوچا دوقمۇشىدا يۇل-
تۇرۇپ مايلامچىلىق قىلسۇنمۇ؟ ئەتىدىن كەچ
كىرگىچە مۈكچىيىپ كىشىلەرنىڭ يىرتىلغان،
يىخسىپ تەر پۇرايدىغان ئەسكى كەشلىرىنى يا-
مايدىغان موزدۇزغا شاگىرت كىرسۇنمۇ؟ ياكى
ئۇستۇرا بىلەن كاپىلغۇچنى قولىغا ئېلىپ، ساتىراشلىق قىلسۇنمۇ ۋە ياكى...

ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادا تامامەن ئارتۇقچە ئادەم
ھېس قىلدى، تۇغۇلۇپ قالغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى.

ئۇ، ئىلگىرى رەستىدىكى دورا دۇكىنىدا ئىش-
لەپ، دادىسىنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بو-
لۇشنى، دورا - رېتسېپلارنىڭ نامى، خۇسۇسى-
يىتى... قاتارلىقلارنى يادقا ئېلىش، ئۆگىنىش
ۋە تىرىشچانلىق ئەخلاقى ھەققىدىكى دادىسىنىڭ
بەرگەن تەلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاشنى
ھۇزۇرلۇق، مەنىلىك ئىش بىلەتتى.

بىراق، ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئۇنى، ئۇنىڭ مەي-
لىنى ھېچنەرسە ئۆزىگە تارتالماس بولۇپ قال-
دى. ئۇ، ھەمىشە پىنھان جاينى خالايدىغان،
ئولتۇرغان جايىدا كۈنلەپ - كۈنلەپ خىيال
سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ئويچان، غەم-
كىن بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قالدى. دادىسى ئۇ-
نى بىرنەچچە رەت سىلىكىشلەپ، «سەن مەجنۇن
بولدۇڭمۇ؟» دەپ كايىدى.

دېمىسىمۇ، دادىسىنىڭ ئېيتقىنى بىر ھېسابتا
توغرا ئىدى. چۈنكى ئۇ يېقىندىن بۇيان بىر
قىزنىڭ ئىشقىدا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرەتتى. ئۇ
قىز شۇنچە خۇش پېئىل، شوخ ۋە نازاكەت-
لىك ئىدى. خالىقجان بىر يىلغا يېقىن ئۇنىڭ-
غا سەزدۈرمەسلىككە ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باققان
بولسىمۇ، بىراق قۇياش نۇرىنى ھېچنەرسە يو-
شۇرالمىغاندەك، ئۇمۇ سەمىمىي، پاك سۆيگۈسى-
نى يوشۇرالمىدى. ئۇ، ئۆز - ئۆزىنى ئالداۋې-
رىشنىڭ تولىمۇ ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ،
ئاخىر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. ئۇلارنىڭ قەلب
بېتىگە سېھىرلىك تۇنجى مۇھەببەت لېرىكىسى-
نىڭ دەسلەپكى سادا، ئەمما بۇزۇلغان مىسرالىرى
يېزىلدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۈندىن - كۈن-
گە شېرىنلىشىۋاتاتتى، كۈندىن - كۈنگە قىيامىغا
يېتىۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككى
يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، بۇ مەشۇقىنىڭ كەل-
گۈسى مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولۇپ قالىدىغانلى-
قىغا شەك - شۈبھىسىز ئىشىنەتتى.

«ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن-
دەك، كۈنلەرنىڭ بىرى ئۇ قىز خالىقجاننى
تاشلاپ، باشقا بىرسى بىلەن تېپىشىۋالدى. يەنە
كېلىپ ئۇنىڭ تاپقىنى بىر قېرى يىگىت ئىدى.

ئۇنىڭ نەرى ئارتۇقكىنە؟ ئۇ ئۆزىنى ئۇنىڭ-
غا سېلىشتۇرۇپ باقتى. ھېچقايسى تەرەپتىن
ئۆزىنى بېسىپ چۈشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.
كېيىنچە شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، ئۇ يىگىت
ئەسلىدە بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەشۇقىنى،
ئۇنىڭ بەختىنى، ئۇنىڭ تەختىنى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى،
ئۇنىڭ ھەممە - ھەممە بارىنى يۇلۇپلا ئېلىۋالغان
نەرسە دەل ئۇنىڭ پۇلى، نىجىس پۇلى ئىكەن.

ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى لەرزىگە كەل-
دى. سوغۇق شامال تەگكەن ياپراقتەك تىترى-
دى. ئۇ دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن پۇلنىڭ گېپ-
پىنى تولا قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ۋە پۇل-
نىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندى.

پۇلنىڭ قۇدرىتى شۇنداق زور بولىدىغان
بولسا، ئۇ ئەمدى پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى قى-
لىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پۇل تاپىدۇ.
پۇل توپلايدۇ!...

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى، بىراق ئۇ قان-
داق قىلىپ پۇل تاپسۇن؟

## كۈتۈش

1978 - يىلى، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى.

خالىقجان بىر تەرەپتىن قايغۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ قايغۇسى، دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىدىن بولسا، خۇشاللىقى دادىسى ساقايغىچە دۇكاندا ئۆزى يالغۇز ئىشلىۋالىدىغانلىقى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى مۇستەقىل، ئەركىن، بىمالال ھالدا ئەمەلىي ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىدى.

ئۇ، بىر مەزگىللىك تېكىرقاشتىن كېيىن، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىقمۇ كۆيمەيدىغان بىر يولنى تاللىۋالدى. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پۇل تېپىش ئارزۇسى پەقەت تىۋىپلىق بىلەن ئاسانراق ئەمەلگە ئاشاتتى، يەنە كېلىپ ئۇنى دادىسىمۇ ھە دېسىلا ئاتا كەسپىنى ئۆگىنىپ تىۋىپ بولۇشقا ئۈندەيتتى.

ئۇ، ئۆزلۈكىدىن تىبابەتچىلىككە ئائىت «قارا باتىن قادىر»، «قارا باتىن ئەئزەم»، «قارا باتىن كەبىر»، «ئىغىل ئەئزەم»، «شىفائىي قۇلۇپ» دېگەندەك بوۋىلىرىدىن قالغان ئەرەب، پارس، چاغاتاي يېزىقلىرىدىكى تەۋەرۈك كىتابلارنى زوق بىلەن ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى.

ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ بىلىملىرىگە خېلىلا ئىشەنچ تۇرغۇزىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭچە بولسا، ئۇ دادىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، يالغۇز بىر دۇكان ئاچقان ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىپ بىمارلارنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولغان بولاتتى.

ئەپسۇس، دادىسى ئۇنى كىچىك ھەم بىلىمسىز چاغلاپ ئادەتتىكى كېسەل بولسىمۇ ئۆزى كۆرمىسە كۆڭلى ئىمىن تاپالمايتتى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ دادىسى ئاغرىپ قېلىپ، دۇكان ئۇنىڭغا ئۆتكىچە قالدى. ئۇ بۈگۈن دۇكانغا ئادەتتىكىدىن ئەتىگەن كېلىپ تازىلىق قىلدى. بىر ئازدىن كېيىن، كونا قارا سومكىلا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال تۇنجى بولۇپ دۇكانغا كىردى. خالىقجان بۇ ئايالغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ چەت يېزىدىن كەلگەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ ئايالنىڭ كىيىملىرى سەھرا پاسونلىرىدا بولسىمۇ، ئۆزى خېلى گۈزەل ۋە مېھرى ئىسسىق ئىدى.

خالىقجان بىرىنچى قېتىم، ئۆزى كېسەل كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئىسمىڭىز؟

— ئايشەمگۈل.

— نەچچىگە كىردىڭىز؟

— 29 غا.

— يۇرتىڭىز؟

— لەمجىن.

خالىقجان ئوڭ قولىنىڭ تۆت بارمىقىنى ئايالنىڭ بېغىشىغا قويۇپ تومۇرىنى تۇتتى، بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھۆكۈم چىقاردى:

— سىز تېخى پەرزەنت يۈزى كۆرمەپسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مەن يولدىشىم بىلەن توي قىلغىلى ئون يىل بولدى، بىراق خۇدا بىزلەرگە پەرزەنت نېسىپ قىلمىدى، — ئايال كۆزىگە ياش ئالدى، — يولدىشىم ماڭا تەسەللىي بېرىپ، بۈگۈن نېسىپ قىلار، ئەتە نېسىپ قىلار دەپلا كەلدى. بىز مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان، قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلىرىم خەققە مېنى ئوغلىمىزغا چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى دەپتۇدەك. يەنە تېخى مېنى «سەندەك تۇغماس خېچىر ئوغلىمىزغا لايىق ئەمەس...» دەپ تىللاپ ئۆيدىن قوغلاشتى... ئۇكام، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كەتسەم...

— خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم ساقايتىمەن. سىزدە ئۆزى بىرىنچىدىن ئاق خۇن زىيادە كۆپ ئىكەن. ئىككىنچىدىن ئۆزى، بالىياتقۇ ھايماق ئورۇنلىشىپ قالغان...

ئايال ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىيالىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى.

— كۆڭلۈڭىزنى يېرىم قىلماڭ، كېسىلىڭىز ئۇنداق بولغان بىلەن ئېغىر ھېسابلانمايدۇ،— دېدى خالىقجان ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەلنى ساقايتىش - ساقايتالماسلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.

خالىقجان ئايالنىڭ بىرنەچچە ۋاق يەپ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن دورىلارنى بەردى. ئايال رەھمەت - تەشەككۈرلەر بىلەن ئۇزىدى. شۇنىدىن باشلاپ خالىقجان كېسەللەرگە ئەستايىدىل، جىددىي مۇئامىلە قىلىپ بىر ئايدەك ئىشلىدى. لېكىن، كېسەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ دۇكان كۈندىن - كۈنگە كېلىدىغانلار ئازىيىپ چۆلدەرەپ قالدى.

—قارىغاندا، سىنىڭ كېسەللەرگە تۇتقان مۇئامىلەڭ قوپال،— دېدى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان غوپۇر ئاكا كېسەل يېتىپ،— كېسەللەرنىڭ كۆڭلى نازۇك، سەن ئۇلارنى رەنجىتكەن ئوخشايسەن. بىلىپ قوي، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىچى پۇشۇق...

بۇ گەپ خالىقجانغا ھار كەلدى. چۈنكى ئۇ ھەممىلا كېسەللەرگە ئوخشاشلا ئاجايىپ ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدىغۇ؟ ئۇ قانداق سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈپ قويىدىكەن؟

خالىقجان كېيىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىدىن خەۋەر تېپىپ كۆپ ئازابلاندى: غوپۇر ئاكىنىڭ ئورنىدا مۇشتەك بىر بالا تىۋىپلىق قىلىۋېتىپتۇدەك، دېگەن خەۋەر كوچىمۇ - كوچا ئېقىپ يۈرگەن ۋە بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتكىلى بۇ دۇكانغا كېلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى.

ئۇنى كىشىلەر قاچانغىچە كىچىك كۆرىدۇ؟ كىچىك بولۇپ قېلىش گۇناھمۇ؟ كىشىلەر يەنە قاچانغىچە ئۇنى تىۋىپلىقتا نائۇستا ھېسابلايدۇ؟ بۇ گەپچە، ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش ئارزۇسى شۇنىڭ بىلەن كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟ ياق، ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، يۈرىكى ئۆز رىتىمىدا سوقۇشتىن توختاپلا قالمايدىكەن، ئۇ ئايرىم دۇكان ئاچىدۇ. بىراق تېخى پەيتى ئەمەس، ئۇ كۈتۈشى، سەۋىرچانلىق بىلەن كۈتۈشى كېرەك. ئەمما، ئۇ نېمىنى كۈتىدۇ؟ قاچانغىچە كۈتىدۇ...

ئەمەتھان

خالىقجان دېگەندەكلا ئايشەمگۈل يەڭگىدى.

بۇ ئىش ئايشەمگۈلگە، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە چەكسىز شادلىق ئېلىپ كېلىپلا قالماي، خالىقجانغا ھەتتا ئۇنىڭ دادىسىغىمۇ شادلىق ئېلىپ كەلدى.

دادا ئىشەندى، ئۆز ئوغلىنىڭ ئاتا كەسپىنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغانلىقىغا ئىشەندى. دەرۋەقە، خالىقجان ئىككى يىل جاپالىق ئىزلىنىپ نېرۋا كېسەللىكلىرى، بۆرەك، ئاشقازان جىگەر، رېماتىزىم، جىنسى ئاجىزلىق... قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تېز ۋە ئۈنۈملۈك داۋالىيالايدىغان بولغانىدى.

غوپۇر ئاكا دۇكاننى خالىقجانغا ئۆتكۈزدى. ئورۇن بوشىتىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كۈچ ئۇلاش

گۈلخېنىنى تۇتقۇزدى.

خالىقجان بۇ ئىشتىن تولىمۇ شادلىناتتى، خۇشال بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى ۋراچ بولمىغانلارنىڭ دۇكان ئېچىپ، ئۆزى خالىغانچە كېسەل كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، قارا تۇرۇك ئادەم تۇرسا، ئۇنىڭ تېخى ئەمدىلا تاپقان يولى ئېتىلىدىمۇ؟

ئۇ، 1984 - يىلى ئىيۇندا شەھەر بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى ھەمدە ۋراچ بولدى. ئۇنىڭ غەيرىتى ئۇرغۇپ تاشتى، ئۇ بىر يىل ئىچىدىلا 5 مىڭ ئادەم قېتىم كېسەل كۆرۈپ، ئۇلارنى روھىي ۋە جىسمانىي ئازابلاردىن قۇتقۇزدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ تەرىپى ئۈرۈمچىگە پۇركەتتى، ھەتتا كېسەللەر ئۇنى چەت، يىراق ناھىيە - يېزا - قىشلاقلاردىنمۇ ئاتايىن ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. شۇ يىلى يازدا ئۇ ئىلى رايونىغا يەرلىك سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بېرىپ، 9 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم كېسەل كۆرۈپ، خەلقنىڭ چىن دىلىدىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۇ، ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ شىپا تاپقان كېسەللەرنىڭ رەھمەت - تەشەككۈرى يوللانغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان بولدى. بۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئىشەنچ، تېخىمۇ زور مەدەت بېغىشلىدى.

قېرى - چۆرى، مېيىپ - ئاجىزلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېرىپ داۋالاش، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن پۇل ئالماي ھەقسىز داۋالاش، خالىقجاننىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندى.

ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا ئېلېكتر دولقۇنلىرى ئارقىلىق شىنجاڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە تارقىتىلدى.

ئۇ، بۇنداق شان - شۆھرەتلەردىن مەست بولۇپ يۈرمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ بېرىلىپ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەمدى بىمارلار ئالدىدا، خەلق ئالدىدا ھايات ئىمتىھانى بېرىش پەيتى كەلگەنىدى.

خالىقجان، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئاتا - بوۋىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى، تەجرىبىلىرى جەريانىدا يىغقان ماتېرىياللارنى رەتلەپ، مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتى.

ئۇ يەنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. شۇ قاتاردا ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش - ئاكىسى ئابدۇرېھىمغا تىۋىپلىقنى ئۆگىتىپ، رەستىدىكى شىپاخانىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆزى بولسا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەنۇبىي ئازادلىق يولى 122 - نومۇرلۇق دۇكاندا تىجارەت باشلىدى.

ئۇ ھازىر تېخىمۇ تىرىشىپ، نېرۋا، بەش ئەزا، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەلى ۋە ھەر خىل يامان سۈپەتلىك يارا - جاراھەتلەر قاتارلىق يۈز نەچچە خىل كېسەللىكلەرگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، تېز ساقايتالايدىغان بولدى.

## خاتىمە

مەن يېقىندا تېخى ئەمدىلا 27 گە كىرگەن بۇ ياش ۋراچنى زىيارەت قىلدىم.

ئۇ، ھازىر ئۆزىنىڭ مېھنىتىگە يارىشا ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەككە دوختۇرلار ۋە دورىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باش رەئىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ

(ئاخىرى 80 - بەتتە)

## شېئىرلار

# تەڭرىتاغ سۆيگۈسى

### خېۋىر تۆمۈر

ھەر قېتىم ئويغىنىپ كۆز ئاچقان بوۋاق،
تەلمۈرۈپ باققاندەك مۇشپىق ئانىغا.
ھەر كۈنى ھەر ۋاقىت ئىختىيارسىز،
تەلمۈرۈپ قارايمەن تەڭرى تېغىغا.

مەۋجۇتتۇر قەلبىمدە ئوتلۇق بىر سۆيگۈ،
چىگىلگەن كۆڭۈلگە ئۈزۈلمەس رىشتە.
ھەر قېتىم قارىسام يۈكسەك قامىتىڭ،
كۆرۈنەر سۆيۈملۈك گويا پەرىشتە.

ھەر سەھەر قارايمەن قۇياش نۇرىدىن،
بەرق ئۇرۇپ نۇر چاچقان ئاق چوققىلارغا.
بىر قاراپ بىر غۇلاچ ئۆسىدۇ كۆڭلۈم،
يېنىمدا ھامى بوپ تۇرغانلىقىڭغا.

ھەر سەھەر قارايمەن سەندىن سىرىلگەن،
يېقىملىق ھاۋاغا كۆكسۈمنى تۇتۇپ.
ھۇزۇر ھەم ھالاۋەت ئالىمەن نەپەس،
گۈل - چېچەك ھىدىغا تويماي زوقلىنىپ.

ھەر كۈنى قارايمەن يۈرىكىم پۈتۈن،
كۆك تىرەپ تۇرغاچقا گىگانت قامىتىڭ.
سەن بىلەن كۆڭلۈم توق، كۆز ۋە باغرىم توق،
نۇرلىنىپ تۇرغاچقا نازۇ — نېمىتىڭ.

قارايمەن ھەركۈنى يايلاقلىرىڭغا،
گوياكى پايانسىز ياپيېشىل دېڭىز.
ئۇپۇقتا لەۋلەشكەن ئۆركەشلىرىڭدە،
بوتاكۆز ئاھۇلار يايرايدۇ غەمسىز.

تۈندىمۇ قارايمەن قانچە ئۇن قېتىم،
يۇلتۇزلار ئەركىلەپ قىلغاندا جىلۋە.
قارايمەن ئاي تۇغۇپ سۈبھى سەھەردە،
چولپانلار قوينىدا قۇرغاندا بەزمە.

قارايمەن گاھىدا ئىپتىخار بىلەن،
ئويلايمەن بەك ئۇزاق ئىرالىرىڭنى.
ئەسلەيمەن ئالەمنى باسقاندا توپان،
بىر ئۆزۈڭ چۆكمەستىن تۇرغانلىقىڭنى.

ئويلىسام تارىخنى ئۇلاپ ھازىرغا،
غۇرۇرۇم تېخىمۇ ئاشار پەلەككە.
تەۋرەنمەس ئىرادە بەرداش قامىتىڭ،
ئۇزغۇتۇپ باشلايدۇ ئالىي تىلەككە.

تاڭ بىلەن باشلانسا بىر قۇتلۇق كۈنۈڭ
كەڭ ۋادىڭ تاۋلىنىپ چاچار ئالتۇن زەر.
ھەر ئاخشام باشلانسا ئاراملىق كېچە،
قوينىڭدا جانلىقلار كۆشەر قەن - شېكەر.

تەڭرىتاغ گوياكى ئويغانغان دېڭىز،
شاۋقۇنلار جۇش ئۇراز قاينام ۋە ئۆركەش.
سۆيگۈنى ئويغىتىپ سانسىز ئوغۇل - قىز،
قىلماقتا گۈزەللىك يولىدا كۈرەش.

شۇڭلاشقا قارايمەن ئىختىيارسىز،
قايتىدىن ئۆزگىچە مۇھەببەت قويۇپ.
دىلىمدە ئېتىقاد تىلىمدا زىكرى:
«ئۆتىمەن مەڭگۈ تەڭرىتاغنى سۆيۈپ!»

# سۆيگۈ تىنىقلىرى

(ياشلىق ئالبومىدىن)

چىلىلى

### بىر - بىرىگە ئاشىق تىنىقلار

سۇ بويىدا مەن ۋە مەشۇقۇم،
دۇپپۇلدەيدۇ يۈرەكلىرىمىز.
يىراقلارغا تاشلايمىز نىگاھ،
قاناتلانغاچ تىلەكلىرىمىز.

تىلەك ساغلام، رىشتىمىز تۇتاش،
«كۆيدۈم، پىشتىم» دېيىش نەھاجەت.
بىر - بىرىگە ئاشىق تىنىقلار،
دىلغا ۋاپا بېغىشلار قەۋەت.

### تىللىرىمىز لالدۇر نېمىشقا؟...

ئۇچراشقاندا سۆزلىشەلمەيمىز،
تىللىرىمىز لالدۇر نېمىشقا؟
خېلى ئەپچىل يالماپ يۇتىدۇ،
ئېغىز تەگسە ئەمما يېمىشقا...

گاھ ئېگىزلەر، گاھى پەسىيەر،
بىزنىڭ كۆكرەك قەپەزلىرىمىز.
قوشۇلىدۇ ئۆز ئارا پات - پات،
ئوتتەك قىزىق نەپەسلىرىمىز.

بىلدۇق ئاخىر مۇھەببەت سېھرى،
تىلىمىزنى قىلغانىكەن لال.
ئۆكۈنمىدۇق سۆزلەلمىگەنگە،
ئىككىمىزنى قوشقاچقا ۋىسال.

### ھەر قاراشتىن سۆيۈنەر دىللار

ئولتۇرىمىز ياندىشىپ يېقىن،
يېشىل چاچلىق تالنىڭ تۈۋىدە.
جىلۋە قىلار بىر جۈپ كۆلەڭگە،
كۈمۈش رەڭلىك دەريا سۈيىدە.

كۆڭلىمىزدە قىلچە گىنا يوق،
نېچۈك سۆزگە كەلمەيدۇ تىللار؟
كۆزلىرىمىز ئۇچرىشار لېكىن،
ھەر قاراشتىن سۆيۈنەر دىللار.

تىلى سۆزگە كەلمەيدىكەن دەپ،
ئۇنى «گاچا مۇھەببەت» دېمە.
سۆيگۈ شۇنداق بولسا پاك، پىنھان،
نېمىسىگە يەتمەيدۇ نېمە!؟...

### بۇ ئالەمدە، ئۇ ئالەمدىمۇ...

بىز ھەقىقىي مۇھەببەتداشلار،
بەكمۇ گۈزەل قىلىقلىرىمىز.
بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەس،
گىرەلەشكەچ تىنىقلىرىمىز.

ئېجىل - ئىناق ئۆتىمىز بىللە،
بۇ ئالەمدە قاقاقلاپ كۈلۈپ.
ئايرىلمايمىز ئۇ ئالەمدىمۇ،
نىگاچاندا كەتسەك تەڭ ئۆلۈپ.

1987 - يىل، قەشقەر

# شېئىرلار

## زۇنۇن ۋېھەم

### ئىنتىلىمەن شادلىققا

بۇلبۇل سايراپ ھاياتقا زوق بەرگىنىدەك،
خەندان ئۇرۇپ ھەر تاڭدا گۈلگە قارايمەن.
سەھەر چېغى باشلىنار شاد ناخشام مېنىڭ،
ئىش - ئەمگەكتە ئاتلانسام خۇشال يايرايمەن.

ئالتۇن قەدەھ جامىدىن ئىچتىم مەي - شاراب،
چاڭقاقلىقىم ھەم قاندى دىل - تىنىم يايراپ.
قايغۇ بىلەن خوشلاشتىم روھسىزلىق كېتىپ،
ۋۇجۇدۇمغا بەھىساب كۈچ - قۇدرەت تاراپ.

ئىنتىلىمەن شادلىققا باغلاپ ئەقىدە،
يورۇقلۇققا پەرۋانە ئىنتىلگىنىدەك.
بەخش ئېتەر ئۇ شادلىق، ئۈمىد ۋە غايە،
ئۇپۇق سۆيۈپ زەر قۇياش نۇر چاچقىنىدەك.

يۈرىكىمنىڭ قېتىدا ئۇرىدۇ دولقۇن،
«شادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىل دېگەن بىر سادا».
ئىرادە لەشكىرىم تىزىلدى سەپكە،
ئۈمىد ۋە بۇرچۇمنى قىلماققا ئادا.

ئىنتىلىمەن شادلىققا باغلاپ ئەقىدە،
يورۇقلۇققا پەرۋانە ئىنتىلگىنىدەك.
بۇنىڭدىنمۇ بولامدۇ ئارتۇق ئىپتىخار،
ئەي زۇنۇنى سەن ئۈچۈن پەخىرلەنگۈدەك.

### ئۈمىدلىرىم دەريا مېنىڭ

ئۈمىد بىلەن تاڭلار ئارا باقىمەن يىراق،
جەڭدە ئېگىز كۆتۈرۈپ غالىبان بايراق.
جاپا - مۇشكۈل داۋىنىدا كۈي ئېيتتىم ياڭراق،
خەتەرلەرنى مەنسىتمەي گۈمران قىپ ھەر ۋاق.

ئىجتىھاتتىن كەمەر چىڭگىدىم بەلگە چېلىشتا،
ئۈمىد ئاتلىق تۇلپارىمنى سېلىپ بەيگىگە.
تاغۇ - داۋان قاپتۇ مېنىڭ ئاياغ - ئاستىمدا،
مەنزىل ئاتلاپ نەزەر سالسام ھەر بىر قەدەمگە.

ئۈمىد مېنىڭ قانلىرىمغا سىڭگەن ئۇدۇم بوپ،
تاشقا ئويغان مۆھۆر خېتى ھېچ يۇتمىگەندەك.
يۈرىكىمدە نۇر چاچىدۇ ئۈمىد قۇياش بوپ،
ئالتۇن قەسىر تۈۋرۈكلەرسىز ھېچ پۈتمىگەندەك.

ئۈمىدلىرىم ئەزىم دەريا ئويناقشىپ ئاققان،
دولقۇن ياساپ ۋە مىنگىشىپ تەڭگە چاچراتقان.
دىلىم گويا گۈلشەن ۋادە ئىپارغا تولغان،
تەنۇ - جىسمىم ئۈمىد بىلەن چىڭ قۇچاقلاشقان.

## ئانا دەريا

ئانا دەريا، ئەزىم دەريا، دىلكەش دەريا،
ئۈزۈپ - ئويناپ چوڭ بولغانتىم سۇلىرىڭدا.
گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ چۆكۈپ ھەم ئەركىلەپ،
شۇڭغۇغانتىم بېلىق ئوخشاش قايىنىمىڭدا.

داستىخاندەك يېيىلىپ كەڭ تەكشىلىككە،
سەلكىن ياساپ ئاقساڭ ئويناق دولقۇنلىنىپ.
بېرەر ئىدى چەكسىز ئىلھام يۈرەكلەرگە،
كۆمۈش تەڭگە چاچراتساڭ شاۋقۇنلىنىپ.

مېنى مەپتۇن قىلار ئىدى بىژغۇنلۇرۇڭ،
سەيلە قىلىپ بارسام سېنىڭ بويلۇرۇڭغا.
گاھى سۆيۈپ قىرغاقلارنى، تالنى لىۋىدىك،
ئۈنچىلەرنى چاچىرىتاتتى يوللۇرۇمغا.

بەزى كەزسەم قاشلىرىڭنى باشتىن - ئاياغ،
گۈل - گۈلىستان ئىپار ھىدلىق بويلۇرۇڭنى.
شاۋقۇنلۇرۇڭ دولقۇن ئۇرغان ئۈنلىرىڭدىن،
ئاڭلار ئىدىم مۇقام - قوشاق كۈيلۈرۈڭنى.

ئانا دەريا سىمۋولى ئەي گۈزەل ۋەتەن،
تامچە بولۇپ قوشۇلسام مەن دولقۇنىڭغا.
ئۇندىن ئارتۇق بەخت بولماس ئىپتىخار شان،
سىڭىپ كەتسەم گۈلشەن ئارا ياپراقىڭغا.

1987 - يىل، ئۈرۈمچى

# ئىككى شائىر

## مۇھەممەت روزى

### سېغىندىم

بىر كۆرۈشكە تەشنامەن، ۋىسالىڭنى سېغىندىم،
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن جامالىڭنى سېغىندىم.

ئېسىڭدىمۇ ھېلىقى سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەر،
يەنە تىڭشاي دەپ ئىشقى ئىزھارىڭنى سېغىندىم.

يېنىپ - يېنىپ باقاتتىڭ خۇما كۆزلىرىڭ بىرلەن،
كۈلكە ئوينىغان ئايدەك چىرايىڭنى سېغىندىم.

غۇنچە لىۋىڭ ئېچىلسا بال تاماتتى تىلىڭدىن،
بۇلبۇل، كاككۇك ئۈندەك ئاۋازىڭنى سېغىندىم.

پۈچۈلدۈم كۆپ ھىجرىڭدە، ئوي - خىيالىم شۇ پەقەت:
«ئۇچۇپ كەلگىن پەرىشتەم دىدارىڭنى سېغىندىم!»

### ئىست!

تالاي چاغ قىلمىغانىمىدىم ساڭا مەن كۆپ ۋاپا ئىست!
لېكىن سەن بىۋاپا كۆڭلۈك بىلەن سالدىڭ جاپا ئىست!

چۈشەنمىدىڭ ساڭا بولغان يۈرەك ئىشقىمنى ئەسلاكى،
سېنىڭچۈن بولدۇم پەرۋانە ھەمىشە جان پىدا ئىست!

ھېسابسىز ياخشىلىق قىلدىم، بۇنى سەن بىلمىدىڭ ئەسلا،
تىنىم تاپماي قىلىپ كەلدىڭ ھامان تەنە - تاپا ئىست!

بۈگۈن دەل يىغلىغۇم كېلۇر ساڭا قىلغان ئەقىدەمگە،
ھەقىقەتەنمۇ سەن قىلدىڭ يۈرىكىمنى ناكا ئىست!

سىنىڭدەك بىۋاپا يارنىڭ ماڭا نە كېرىكى بولغاي،
كۆزۈممۇ كۆرمىگەي سېنى، مېنى قىلدىڭ خاپا ئىست!

# مەي - شارابتىن تۇغۇلغان مىسرالار

## روزى نىياز

چوڭ - كىچىك قەدەھتىن سۇمۇردۇق شاراب،
قانمىدۇق بىز ئاڭا يۈرەكنى چىلاپ.
قالدىكىن بۇندىن قاي خاتىرە دېسەم،
يۈرۈپتۇ «مەيخور» دەپ نامىمىز تاراپ.

گۈزەللىكنى سۆزلەيمىز سورۇن - تويلاردا...
مەي تولغان گۈل قەدەھنى تۇتۇپ قوللاردا.
سۆزىمىزنىڭ ھورلىرى قۇرىماي تۇرۇپ،
ياتقىنىمىز نېمە بۇ كوچا - يوللاردا؟!

ئىچكەچ مەينى «چىڭگىتىمىز» دوستلۇقىمىزنى،
چوڭقۇرلۇقتا نەق كۆرمەيمىز ئاڭا دېڭىزنى.
ھايال ئۆتمەي «خوش كەتتى» نىڭ ئورنىدا ئەمدى،
قان ئىچكەندەك بويىمىز بۇرۇن - ئېغىزنى.

جىممىتە ياتقان بىلەن شىشىدە شاراب،
ئىچكەندە ئوت ئالار تەن قان ئۇرغۇپ - تاراپ.
كۆڭۈل خۇش بولسا ئۇندىن مەيلىدى، بىراق،
بىركىملەر ئۇزايدىكەن لەھەتكە قاراپ.

بىردەمگە نەچچە رەت ئوتلاپ قەدەھتىن،
ئۆزۈڭچە سۆز ئاچتىڭ نومۇس - ھەرتىلىكتىن.
سۆزۈڭنى ئاڭلىغان بەزدى سورۇندىن،
يىركىنىپ سەن تەرگەن بالا - سەتلىكتىن.

تېگىپ كەتسە لېۋىڭگە شاراب تولغان جام،
ئاشۇ جامغا يوقلا گەپ بىر ھازا ئارام.
ئىچكىنىڭدىن كۆپرەك كۆزۈڭدىن ياشلار،
تۆكۈلدۇ يىغاڭدا تارام ۋە تارام.

سېنى كۈتەر يارىڭ بۇدەم ئۆزۈك ئۆيىدە،
سەن ياتىسەن مەست بوپ سىرتتا—تامنىڭ تۈۋىدە.
ۋەدىلەردىن چاقماق چېقىپ دېگەن ئىدىڭغۇ:
«كەلگىن گۈلۈم، مەن كۈتىمەن شەنبە كۈنىدە.»

ئۇيقۇغا چۆكتۈردى مېنى مەستلىكلەر،
تېنىمنى چىرمىدى ئاغرىق - نەسلىكلەر.
قېنى، مەي، سەندىكى شېرىنلىك - شادلىق،
يۈرەكنى يىغلاتتى كۆڭۈل غەشلىكلەر.

1987 - يىل، 18 - سېنتەبىر

# توپماق

(ھېكايە)

مەتتۇرسۇن سۇلايمان

ھاۋانىساخان ئەندىكتى، ئەجەپلىنىپ سورىدى:

— ھە...! نېمە...نېمە ئىش بولدى؟

— «غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار، ئۇنىڭدىن بىمەرەز» دېگەندەك خۇمدانغا ئوت ياققان ئىكەنمىز، چاتاق چىقتى، بار-يوق قومۇشىمىز يەتسە، ئەتە ناشتىغا ئاران يېتەر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىگە ھېچنېمە يوق. ئەگەر ئەتىگە ھەر نېمە قىلىپ ئۈچ ماشىنا قومۇش بېسىپ چىقالمىساق ئوت ئۆچىدۇ، مىڭ يەرگە بېرىپ يالۋۇرۇپ باقتىم، ئادەم يوق، ئەتە يىكەنلىك كۆلگە سەنمۇ بارساڭ بولارمىكىن.

— مەنمۇ، يىكەنلىك كۆل شۇنچە ئۇزاق تۇرسا... مەيلى مەنمۇ بارغان بولاي، شۇنداقتىمۇ يەنە ئادەم بولمىسا بولماس.

— ئېيتقىنىڭغۇ راست، — دېدى جاپپار دامان ۋە ئۇھ قىلىپ بىر تىندى، — ئەلۋەتتە باشقا يەنە بىر قانچە ئادەم تاپمايمۇ بولمايدۇ، نەدىنمۇ تاپساق بولار، تۆت تەرەپكە قاتراپ باش قاتتى. ھەممىسى ئېتىز-ئارەك بىلەن ئالدىراش ئىكەن. ئىش ھەققىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ ئېيتتىم، «ئەتە كۈزگى بۇغدايلىقنىڭ تۇنجى سۇ نۆۋىتى، بارالمايمىز» دېيىشىدۇ. بۇ كېلىشمەسلىكنى قارا؛ سۇ نۆۋىتى بېرىلمەكچى، «ھاۋا گۈلدۈرلىسە ئاسماندا بازار بارمۇ» دېگەندەك بىز بۇ يېقىنى ئويلىماي خۇمدانغا ئوت يېقىپ قويۇپتىمىز... توختى چوكىنى تاپسام بولارمىكىن، يەنە باشقىلار بىلەنمۇ ئۇقۇشۇپ كۆرسۇن،

× × ×

ئوتتۇز يەرگە قاتراپ، ئېغىزى تالغۇچە يالۋۇرۇپ ئەتىسىگە ئاران تۆتچە ئادەم تاپقان جاپپار دامان بۇگۈن قومۇشقا بارار كۈنى خۇمداندا قالدى. چۈنكى ئوت قالاشنىڭ بۇگۈنكى نۆۋىتى ئۇنىڭ ئىدى ھەم ئۆزى نەق مەيداندا بولمىسا بولمايتتى. يەنە كېلىپ تاپقان ئادەملىرى ئۆز ئايالىنى قوشقاندا ئۈچ خوتۇن ۋە توختى چوكىدىن ئىبارەت تۆت كىشىلا بولۇپ، توختى چوڭ ئاياللارچىلىكمۇ كۈچى يوق، شامالدەك لەيلەپ تۇرىدىغان ئاجىز

بوۋاي ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇلارنى بولسىمۇ كۆزنى يۇمۇپ يولغا سالغان جاپپار
دامان ئۆزىدە سەل - پەل يېڭىلىكلىك ھېس قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تازا خاتىر-
جەممۇ بولالمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ئەندىشىسى ھازىر گۇمانى شۈبھىلىنىشىنىڭ تامامەن
تەتۈر ئەكسىنى تاپقان، يەنى، ئۇلارغا بۈگۈن يولۋاستەك قارا كۈچى بار خالىس بىر ئەم-
گەكچىنى — ئابدۇل نەزەر كېلىپ قوشۇلغانىدى. ئابدۇل نەزەرنى «بىزگە
ياردەم بەر» دەپ ھېچكىم چاقىرمىدى. ئۇ بۇغدايلىقنى ئايالىنىڭ سۇغۇرۇشىغا
تاپشۇرۇپلا، كەتمەننى يول ئۈستىدە تاشلاپ ماشىنىغا چىقتى. ھەر نېمە بولسا خۇدانىڭ
ياخشىلىقى بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغانىكەن، ئۇ بولمىغىنىدا بۇ ئاياللار قومۇشلارنى قانداق بې-
سىشاتتىكىن، باسقىنىدىمۇ ئېھتىمال بۇ جاينىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل ساسلىق پاتقاقلىرىدا نەچچە
قېتىم چۇۋۇق ئوڭشاپ تاڭ ئاتقۇزارمىكىن، ھەقىقەتەن بۇ ئىشنىڭ ئېغىرلىقى ھەركىم ئال-
دىدا بەكمۇ روشەن بىلىنىپ قالغانىدى. شۇڭىمۇ ئۇلار ئابدۇل نەزەرنىڭ بىرگە كەلگەنلىكى-
دىن تاغدەك يۈرەك ھاسىل قىلىشتى. ئۇمۇ بىردەم تىنىم تاپمىدى، قومۇشلارنى ئېگىزلىتىپ
پەم بىلەن باستى. قۇدرەتلىك كۈچى بار ئىكەن، توشۇغىنى كۆپەيتىش شەكلىدە ئوراپ نەچ-
چە يەردىن چىگىتىپ تارتتى، ئۇلغىماچ سالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۈگۈن پېشىنگىچە ما-
شىنىنى ئىككى قېتىم يولغا سالدى. ماشىنا ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر كەلسە ئۇلار ۋەزىپىسىنى
يورۇقتىلا تاماملاپ چىقىپ كەتمەكچى.

ئابدۇل نەزەرنىڭ بۇ خالىس پىدائىيلىقىنى قوشنىسى — «دوستى» جاپپار دامان ئېتى-
بارغا ئالارمۇ، ئالماسمۇ، ئېھتىمال ئېتىبارغا ئالار، قوبۇل كۆرەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يۇ-
قىرىقىدەك دوستانە ياردەمدىن تولىمۇ مەمنۇن ھەم خۇشال ئىدى. ئۇنىڭچە ئارىدىكى سوغۇق-
چىلىق مۇشۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئۆز ھاجىتىگە دۇرۇس بىر ئامىل، ياخشى سە-
ۋەب تۇغۇلاتتى.

شۇنداق، ئابدۇل نەزەر بۈگۈن «دوستى»نىڭ تۆت پۈتى يەرگە تەگمەيۋاتقىنىدا خالىس
بۇرچىنى ئادا قىلغىنى ئۈچۈن تولىمۇ مەمنۇن، مۇھەممى ھاۋانساخاننىڭ داۋاملىق چايغا چىل-
لاپ، پىششۇرۇلغان غىزالىرى بىلەن كۈتۈۋالغىنى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ روھلۇق ئىدى. ئۇ ما-
شىنىنىڭ مەھەللىگە ئىككىنچى قېتىم چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يېكەنلىك كۆلنىڭ
نىڭ سول چېتىنى خېلى ئۇزاق ئايلاندى. سۇ بېتىگە زەڭ سېلىپ قارىدى. كۆلنىڭ سۈيى
ساغۇچ، رەڭگى تىنىق، ئۇنىڭدا گويا كۈچسىز شامالنىڭ تەسىرى بىلەن يەلپۈنۈپ ئۆتكەن نېپىز
شايىنىڭ دولقۇنلۇق جىلۋىسى ئوينايتتى، سۇ تەكتىدە بىر سېھرى كارامەت يوشۇرۇنۇپ يات-
قاندەك ئىدى. توغرا، ياشلىق خۇددى بىر ئېقىن، ئۇ كىشىلەر خاتىرىسىدە ئەبەدىي - ئەبەت ساقلىنى-
دۇ، كۈنىرايدۇ. يېڭىلىنىدۇ ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ. ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئابدۇل نەزەر ئەزالارنى
بۇ جايغا شال تېرىشقا باشلاپ كەلگەن، شۇ چاغدا مۇشۇ كۆل ئۇنى، ئۇلارنى قانغۇچە چۆمۈل-
دۈرۈپ ئويناتقان، ياۋا ئۆردەك چۈجىلىرىنى، يىگەن توخۇسى، مەشۇلارنى قوغلاتقان ھەمدە
راھەتلەندۈرگۈچلەردىن بەلگىلىك ھارارەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدە ساقلاپ قالغان ئەمەسمىدى.

قاردىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرەك قېتى تاۋۇشسىز بىر خىل ئاھاڭ بىلەن تولدى، ئۇ ئاستا -
ئاستا كېلىپ يان تەرەپ، پاكار دۆڭ يېنىدىكى سۆگەت ئالدىدا ئولتۇردى. ئاندىن سۇ يۈ-

زىدگە يېڭىباشتىن يۈزلەندى.

راست، ئۇلار بۇ كۆلگە ئىلگىرىدىمۇ بىرنەچچە قېتىملاپ چۆمۈلۈشكەن بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىر-
قى قېتىمدا، يەنى — ئۇ ئەزالارنىڭ شال تېرىشىغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەندە، كىشىنىڭ خىيا-
لىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئويۇن توساتتىن پەيدا بولغانىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ،
جاپپار دامامىمۇ ۋە باشقىلارمۇ دەل كۆل ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئىككى بوۋاي بىر - بىرىگە ئا-
مانەت تاپشۇرۇشقانىكەن. پەرەڭ كۆزلۈك بوۋاي چار ساقاللىقنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ كەلدى -
دە، ئالقىنىنى «شارت» چىقىرىپ: «تاپشۇرۇش ۋاقتىڭ كەلدى، قېنى ئال، توپىقىمنى بەر!» —
دېدى. چار ساقاللىق ئىككى يېنىغا قاراپ كۈلدى ۋە ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ: «... مانا ...
بار، ئالامسەن ... مۇشۇنداق چاغدىمۇ» دەپ دوق قىلدى. پەرەڭ كۆزلۈك ئۇنىڭدىكى دۇ-
دۇقلاشنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ قەتئىيلىشىپ كەتتى ھەم قايتا - قايتا سوراۋەردى. چار
ساقاللىق ئۇنى تازا قىزىقتۇرغاندىن كېيىن بىر شۇڭغۇپ قولىنى سونچۇقىغا ئۇزاتتى - دە، بىر
تال ئىنچىكە يىپنى ئۈزۈپ ئېلىپ: «مانا تاپشۇرۇپ ئال، قانائەتلەندىڭمۇ؟» — دېدى. پە-
رەڭ كۆزلۈكنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغىنى دەل ئۆزىنىڭ ئامانىتى — توپىقى ئىدى. ئۇ ئۆز كۆز-
گە ئىشەنمەيلا قالدى، خىجىللىقتىن گەدەنلىرىمۇ بىراقلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇتماقچى ئىدى،
بىراق تەكشۈرۈشنى بەك يۈزە تاماملاپ، چوتنى خاتا سوققانىدى. ئۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن، پە-
قەت ئۇتۇش ئۈچۈنلا چار ساقاللىقنى ياشلار كەينىدىن ئۆزى باشلاپ كەلگەن ھەم سۇغا
چۈشكەندىن كېيىن، پۇرسەتنىڭ ئېپىنى پەملەپ تۇرغانىكەن، دەرۋەقە، چار ساقاللىق سۇغا
چۈشۈپ بىردەمدىن كېيىن، كۆلنىڭ چوڭقۇرراق يېرىگە بېرىۋاپتۇ - دە، تامبىلىنى سۇغۇرۇپ،
بىر دۆۋە قومۇشنىڭ كۆتىكىگە يېپىپ قويۇپ، كۆپچىلىك ئارىسىغا يېتىپ كەپتۇ، خېلىدىن
بېرى شۇنى — ئۇنىڭ قىپ يالىڭاچ بولۇشىنى پايلاپ تۇرغان پەرەڭ كۆزلۈك ئامانىتىنى دەر-
ھال ئۇتماقچى بوپتۇ - يۇ، قولىغا ئېلىۋالغان بولمىسۇن ئۈچۈن، بىر باھانە بىلەن تامبال
يېنىغا بېرىپ تەپتىش قىپتۇ، قارىسا تامبال يانچۇقىدا خېلى يوغان بىر مونەك چوخچىيىپ
تۇرغۇدەك، ئۇ شۇنى «دەل توپىقىنىڭ ئۆزى» دەپ مۆلچەرلاپتۇ - دە، ئۈزۈپلا كېلىپ سوراپ-
تۇ. ئەسلى مۇشۇ ئېھتىمالنى نەزەردە تۇتقان چار ساقاللىقنىڭ ئۆزىنى دانلاتقانلىقىنى ئۇ نە-
دىنمۇ بىلسۇن، ئۇ ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاھىدە خۇشاللىنىپ:
«خوپ، تاپشۇرۇۋالدىم، يارايسەن يىگىت» - دېدى.

ئۇ ئوڭايسىزلىنىشقا ھەم ئالاھىدە خۇشاللىنىشقا ئەلۋەتتە ھەقلىق ئىدى، چۈنكى توپىق
قوينىڭ ئىككى يوتىسى — ئوتتۇرا ئىلىكىدىن ئايرىم چىقىدىغان، كۆرۈنۈشى خۇددى
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدىغان ئادەتتىكى بىر كىچىك سۆڭەك، قارىماققا ئۇ ئەھمىيەتسىز
بىر نەرسىدەك بىلىنىدۇ. ئۆزەڭمۇ تويماي قالىسەن، بىرسى ساڭا بىر پارچە گۆش سۇنۇپ
«توپىق كەتتى!» دەپ جاكا قىلسا، ئۇ دەرھال دوستلۇقنىڭ نىشانىسى، يادنامىسىغا ئايلىنى-
دۇ. ئۇ سېنى بىر يىل، ئىككى يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئون، يىگىرمە يىل سىنايدۇ.
ئىمتىھان ئالىدۇ. سىناقتىن ئۆتەلمىسەڭ، يەنى سورىغاندا ئۇنى نەق تاپشۇرالمىساڭ چەكسىز
خىجالەتچىلىكتە قالىسەن. بېشىڭ تۆۋەن چۈشىدۇ، تىلىڭ قىسىقرايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئۇت-
قان دوستۇڭنىڭ مېھمانلىرىنى ساق بىر كۈن كۈتىسەن، ئەگەر ئۇتتۇرغان تۇرۇقلۇقمۇ بې-

شىڭنى تىڭشىپ يۈرسەڭ، شەكسىزكى دوستلۇقتىن تانغان بولىسەن، بەكمۇ سەتچىلىك، ئۇنداق قىلىشقا ئەسلا رايىڭ ئۇنىمايدۇ.

ئەمدى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى رەسمىيەت بويىچە ئۆتقان، سىناقتىن ئۆتكەن دوستىنىڭ شەرىپىگە بىر توپاق ئۆلتۈرۈش ئىدى. لېكىن ئۇ مەزگىلدە توپاق نەدە دەيسىز، شۇنداق قىلىپ توپاق ئورنىغا قوي ئۆلتۈرمەكچى بولدى، شۇ كۈنى پەرەڭ كۆزلۈك بوۋاي «كاپىقىنى گۆل كەلتۈرەر، ئاپىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك ئائىلىسىگە دەررۇ چىقىپ بىر ئېرىك ئەپكىردى-دە، ئەتىسى كەچلىكى ئۇنى بوغۇزلاپ قېرى دوستىنىڭ شالدىقتىكى يېقىنلىرىنى ۋە تۈنۈگۈن بىرگە سۇغا چۆمۈلۈشكەنلەرنى مېھمان قىلدى، زىياپەت مەشرەپ تۈسىنى ئالغانىدى. بۇ قىزىق ھەم كۆڭۈللۈك زىياپەتتە ئابدۇل نەزەرگە راست كېرەكلىك يەردىن بىر پارچە گۆش چىققانىكەن، ئۇمۇ مۇشۇ بوۋايلارنى دوراپ، قولىدىكى گۆشنى جاپپار دامانغا سۇنۇپ: «توپىق كەتتى!» دەپ ئېلان قىلدى، پاراققىدە كۈلكە باشلاندى، سورۇن ئەۋجىگە چىقتى، جاپپار دامان قىزغىنلىق ئىچىدە گۆش ئىچىدىن توپىقنى ئاۋايلاپ چىقىرىۋالدى.

ئابدۇل نەزەر بۇلارنى ئەسلىگەندە ھاياجاندىن سۆيۈنۈپ كەتتى. قەلبى ياشلىق دەرياسىغا شۇڭغۇپ تېنى يايراپ كەتتى، لېكىن بۇ بەختلىك مىنۇت ئانچە ئۇزۇنغا داۋاملاشالمىدى. ئۇنىڭدىكى بايىقى جۇشقۇن كەيپىيات يەنە سۇسلىشىپ كەتتى. ئېنىقكى، شۇ پەسلى مەزگىلىنىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، يېڭىباشتىن قايتىپ كەلمەيدىغانلىقى، پەقەت غۇۋا چۈش سۈرىتىلا بىر خىل تاتلىق ئۈمىدكە چىلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ يادىغا يەتكەنىدى،

ئىسست، ۋاقىت كەتتى، كاللىندار ئارقىمۇ-ئارقا نەچچە رەت ۋاراقلاندى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ جاپپار دامانغا توپىق بەرگەنلىكى ئەمەلىيەت، ئۇ چاغدا ئۇلار ھەقىقەتەن قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. ھازىر ھەر ئىككىلىسىگە ناھايىتىمۇ ئايان، ئۇنى سوراشنىڭ ئورنى قالمىدى. ئېھتىمال ئۇمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندۇر، توپىقنى ئاللىبۇرۇن بېشىدىن چۆرۈپ تاشلىۋەتتى، ئاھ! شور پىشانىلىق ھەممىسى كەلمەسكە كەتتى، ئەمدى ئىزدىشىۋاتقىنى، كۆزلىگىنى پەقەت قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت، ئاندىن باشقىغا ئىنتىلىش ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغان بىلەن باراۋەر. شۇ تۇرقى ئابدۇل نەزەرنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى يېتىمسىراپ، ئىچى دەرتلىك ئەلەمنىڭ دېڭىزى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. يىراقتىن گۈركىرەپ ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ يەلكىسىنى خۇددى بىر ئېغىر تاش بېسىپ تۇرغاندەك ئورنىدىن ناھايىتى ئەستە قوپتى.

× × ×

شۇ كۈنى يېكەنلىك كۆلدىن يېنىپ چىققان ئابدۇل نەزەر بىرنەچچە ۋاقىتقىچە سەۋرى قىلىپ جاپپار دامانىنىڭ رەھمىتىنى كۈتتى. بىر ئېغىز بولسىمۇ ھالىغا يارىشا ياخشى گەپتىن تەمە تۇتتى، ئۇ بۈگۈن يەكشەنبە خۇسۇسىي ئىش-كۈشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، سېغىزلىق يارغا بېرىپ، ئۇنىڭ پىشۇرۇلغان خىشلارنى خۇمداندىن يۆتكىۋېلىشىغا ياردەملەشتى، شۇنداق قىلىپ كەچ كىرگەندە ھەممىسى ئۆيلىرىگە يېنىشقاندىن كېيىنلا سۆزلىنىشى

پۈرستى تۇغۇلدى:

— مەن، ئۆزلىرىدىن... يەنە ئۆتكەنكى گەپ، — دېدى ئۇ يولدا ئۆزىنى تاشلاپ كېتىۋاتقان جاپپار دامانغا يېتىشىۋېلىپ، — ... سۆزلىشىپ گۈك - مۇك بولۇشايلى دەپ ئويلىغىدىم، ئەمما زادى مۇمكىن بولمىدى - دە، كاساپەت، سىلە بار چاغدا مەن يوق، مەن بار چاغدا سىلە، تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم، جاپپىراخۇن.

جاپپار دامان يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

— هە ... هە ...

— ئوتتۇرىمىزدا تالاپ - تارتىشىدىغان هېچنەرسە يوق، ۋە يەنە ... قىرىقلارغا بېرىپ قاپتىمىز، ياش بۇ يەرگە يەتكەندە داۋاملىق سىڭا قاراشساق ئۆزىمىزگە بىر پۇللۇق پايدىسى يوق. مېنىڭچە سىلىدە تېخىچە كەتمىگەن بىرغوم بار.

— شۇنداقراق چانامدۇ؟

— شۇنداقراق چانامدۇ، چانىمامدۇ بۇ تەرەپى سىلىگە ئايان.

— ماڭا ئايان، قىزىق گەپ، — دېدى جاپپار دامان ۋە ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — باشقىلارغا ئايان ئەمەس، هەركىم ئۆز ئەيىبىنى كۆرەلمەيدۇ. كىمدە غوم بار بىلىپ يەتمەك تەس.

ئابدۇل نەزەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— ئىشىنىمەنكى، خۇدا گۇۋاھ، — دېدى، — ئۆزەمگە تەئەللۇقنى يەتكىچە تارتتىم، تۇرمىدىن يېڭىلا چىقتىم، ئەگەر تۇرمىدىن چىققان ئادەم ئەبىدى قارا سانىلىشقا هەقلىق دېيىلسە، ئۆزلىرىنىڭ تونۇشى، بۇ تامامەن باشقا گەپ، ئەمما مەن شۇندىن بېرى سىلىگە ۋە باشقىلارغا هېچقانداق يامانلىق سېغىنمىدىم.

— ئېھتىمال.

— ئېھتىمالنىڭ نېمىسى؟ هەق دىلىمىدىن دۇرۇس گەپ قىلىۋاتىمەن، ناۋادا ئۆزەمۇ بىلمەستىن مەندە بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا، شۇنىڭ بەدىلى — ساۋدىلىشقىمۇ تەييارمەن. ئۆزلىرىنىڭمۇ هەم سوكۇت ساقلىماي جايىدا تەنبىھ بەرگەنلىرى تۈزۈك.

— هەققىم يوق. مەن سەۋەنلىك ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزگۈچى تەپتىش ئەمەسمەن. ئۆز هالىمنى ئۆزۈم ئاران باشقۇرىمەن ۋە يەنە سىلىنى، ئاداش، ئەيىبكىمۇ بۇيرۇيالمايمەن. مېنىڭچىمۇ ياخشى تەرەپلىرىڭ كۆپ، خوپ، راست گېپىڭ ... نېمە دېمەكچىدىڭ؟

— ئېيتتىمغۇ، كەك - تاشا ئۇلتۇرۇپ قورساق كۆپۈكنى چىقىرايلى دېمەكچىدىم.

— قانداق قورساق كۆپۈكى، ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، راست گېپىڭ، مەندە بىر ئىلىشىڭ بارغۇ دەيمەن.

ئابدۇل نەزەر تېخىمۇ جىملى بولدى ۋە جايىدا بىر قەدەم توختام ئۇنىڭغا تامشۇندى:

— ئەستاغپىرۇللا، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟...

— مەسىلەن، — دېدى جاپپار دامان كەنت ياقىسى تار يولنىڭ دوقمۇشىغا يەتكەندىن كېيىن، — يىكەنلىك كۆلگە بېرىپسەن، بۇگۈنمۇ ئىشلىدىڭ هەم يەنە بىز ئۈچۈن قىلغان باشقا ئەمگىكىڭمۇ بار.

هېچبىر خىيالغا يەتمەستە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ غەيرىدي گەپ ئابدۇل نەزەرنىڭ جان جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نېمە دېيىش كېرەك، ئۇ خېلىغىچە دېمىنى

ئىچىگە يۇتۇپ تىن سۇرمەدى، يول ئەگرى - بۈگرى، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق يۈگەپ كەلمەكتە ئىدى. بىر ئاز ئۆتۈپ چوڭ بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇ:

— ئوسال ئادەم ئىكەنلە — دېدى ۋە تېتىكلىنىپ باش سىلكىدى، — سىلە كىم، مەن كىم ھەممىمىز ئوخشاش. ئەمدى بىلسەم، سىلىنى مەن خاتا چاغلاپتىمەن، ئاردىغا سالغۇچىلىك قانچىلىك ئىشتى. ئانچە - مۇنچە، ھە، پە، دېيىشىپ بەرسەك ھەق داۋاسى ئۈچۈن ئىكەن - دە. خىياللىرىدا مەن كۈچۈمنى سىلىگە پۇلغا سېتىپتىمەن - دە.

— ئەيتاۋۇر، — دېدى جاپپار دامان پەرۋاسىزلارچە قەدەم تاشلاپ، — مەيلى ئوسال ئادەم بولسام بولاي ئۆزەمگىغۇ ياخشى، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئىش ھەققىڭنى تۇتۇپ قالالمايمەن، چۈنكى مەن سېنىڭدىن چاغلىق ھەر قانداق نەرسەڭنىڭ ماڭا ئۆتۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىمەن. خەتەرلىك، ئاغىنە. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. بولسا ئىشلىمىگىنىڭمۇ ياخشىدى، ئىشلەپ قالدىڭ، پۇلۇڭنى جايىدا راۋۇرۇس ھېسابلاپ قويمىسام بولامدۇ؟ قانائەتلەنمىسەڭ، ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس، پۇلۇڭنى ئەتىلا قولۇڭدا كۆرىسەن.

ئۇنىڭ سەممىيەتسىزلىكى ئابدۇل نەزەرنى يەنىمۇ تېرىكتۇرۇۋەتتى، ئۇ پېشىنى قېقىپ گەۋدىسىنى ئالمان - تالمان ئۇنىڭغا بۇرىدى:

— يوقسۇ، كېرىكى يوق، سىلىنىڭ پۇللىرىڭنىڭ ماڭا مۇتلەق لازىمى يوق. ئىش نۆۋىتىدە شۇ مەۋقە ئۈستىگە قويۇلسا ئېيتقانلىرى دۇرۇس، ئەلۋەتتە، مەنمۇ ھەققىمنى جەزمەن ئالماي قويمايتتىم. بىراق شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك، مۇددىئالىرىچە، مەن تۇرمۇشتىن قىسىلىپتىمەن، پۇل ئۈچۈن ئىشلەپتىمەن - دە، مېنىڭ ھەققىم سىلىگە ئۆتۈپ قاپتۇ - ھە! تولىمۇ چاتاق بوپتۇ. سىلىنى تون بويى بىئارام قىپتۇ. ئەسلى ئۆزۈممۇ بىر خام ئادەم. نېمىشكە مەن سىلىگە يېقىنلىدىم، گەپكە تۇتتۇم، توۋا، كارامەت، ئۆزۈممۇ ھەيران. راستىنى ئېيتسام، سىلىدىن ھەق تەلەپ قىلغۇچە مازاردىن دۇئا تەلەپ قىلغىنىم ياخشى.

جاپپار دامان يامان ئاتتەك تىپىرلىدى، شۇ يوسۇندا ئۇلار خۇددى بىر - بىرىگە خىرىس قىلماقچى بولغان خورازلاردەك يىراقتىن دىۋەيلەشتى. يېرىلغۇدەك ئاچچىق ئىچىدە يەنە بىردەم ئۇلۇق - كىچىك تىنىشقاندىن كېيىن ئايرىلىشتى.

× × ×

جاپپار دامانىنىڭ دەرۋازىسى ئارقىمۇ - ئارقا جاراڭشىپ ئېچىلدى، بىر كىملەر پاراڭ سېلىشتى، ئۆيدە ئۇنىڭغا ساداي ياڭراتتى، پەرەز قىلىدىكى، ئۇ مېھمان چاقىرغانىدى. توغرا، مېھمان - قەدىناسلىق. بەزىدە ناھايىتى مۇھىم سەۋەبلەر، ۋەدىلەر مۇشۇنداق سورۇندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تەلەپكە ئىرادە تىكلىنىدۇ، نەتىجىسى بەربىر ئاخىر كۆپچىلىك ئارىسىدا سىنىلىدۇ. ئۇ نېمىشقىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەندۇ. ھەقىقەتەن، ئەسلى بۇ چاغ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مېھماندارچىلىق بولۇپ ئۆتكەن ئەمەسمۇ، ئۇ شۇنى دەررۇ يادىغا ئالدى-دە، روھلىنىپ كەتتى. ئالدىنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ھەممىنى بىراقلا ئۇنتۇدى ۋە خۇددى كەيپى تاشقان ئادەمدەك مەغرۇر چامداپ جاپپار دامانىنىڭ بوسۇغىسىغا ئاتلىدى:

— ھە، ھاۋانىساخان، جاپپىراخۇن ئۆيدىمۇ؟

هويلىدا چاي شامىسىنى تۈكۈۋاتقان هاۋانىساخان ئۇنى كۆرۈپلا قىزغىن قارشى ئالدى.

— خوش، ئۆيدە، ئوبدان كىرىپلا، قېنى ماڭىسلا.

ئىچكىرىدىكە 8 - 9 چە ئەر - ئايال مېھمان يىغىلىشقانىدى؛ هاۋانىساخان نېپىز پەردىنى ئىشىك ئۈستىگە ئىلدى:

— كىرىڭەرسىلە مۇشۇ، سىلىمۇ ئوخشاش مېھمان، — دېدى ئۇ ۋە مۇرابىبا قۇتىسى بىلەن هەپىلىشۋاتقان ئېرىگە مۇراجەت قىلدى، — هوي، مېھمان كىردى، ماياققا قارىسلا.

جاپپار دامان مېھمانغا ئېنىق سەپسالغۇچە ئابدۇل نەزەر ئولتۇرغانلار بىلەن سالاملىشىپ بولغانىدى. هەيرانلىقتا كۆزى توختاپ قالغان جاپپار داماننىڭ بىردىنلا چىشى قېيىشتى:

— هە، ئاداش، كىرىپ قاپسەن ؟!

— هەئە، بىر زۆرۈرىيەت كىرىشىمگە سەۋەب قىلدى.

— بوپتۇ، ئەمسە ئولتۇر ...

باشقىلارمۇ بىردەكلا ئورۇن بوشىتىشتى:

— چىقىسىلا، ياخشى، مانا ماياققا، ئابدۇلاخۇن.

ئۇلارنىڭ تەكەللۇپلىرى قىزغىن ئىدى، بىراق ئابدۇل نەزەر جازا مەيدانىدىكى مەردانە مەھبۇستەك قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

— خوش، دادىغادا تۇرغاندەك كېرىلىپ تۇرۇۋەرمە، ئاداش، داستىخانغا چىق.

— مەن غىزا نەمە تۇتۇپ كىرمىدىم، — دېدى ئابدۇل نەزەر بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، — سەن بىلەن يەنە مەلۇم مەسىلىدە سۆزلەشمەكچىمەن.

ئۇنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى سۆز ئورامى قاتتىق، باشقىچە بىر تۈستە قەتئىي ئىدى. جاپپار دامان سەل تەمتىرىدى خۇدۇكسىنىدى:

— ئۇنداق بولسا ... خوش، بولىدۇ، ... هە، ئېيتىقىنا، يەنە نېمە مەسىلىدە سۆزلەشمەكچىسەن:

— بەلكى خاتىرەڭدىدۇ، ئىلگىرى مەن ساڭا بىرنەرسە بەرگەنىدىم.

— نېمە ... شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەلۋەتتە تانالمايسەن.

«ۋاھ! بوھتان، دېمەيدىمۇ مانا خەۋپ، بۇ قارا يۈز قاچانمۇ ماڭا بىر نەرسە بەرگەن بولغىدى» بايىقى ئەندىشىگە ئەمدى يېڭىدىن ئالاقزادىلىق قوشۇۋالغان جاپپاردامان يىراق - يېقىن خاتىرىسىنى بىر قۇر ۋاراقلاپ چىقتى. لېكىن قانچە ئاختۇرسىمۇ ئېسىگە هېچنەرسە كەلتۈرەلمىدى. ئارايىش بولمىغىلى ئۇن يىلدىن ئېشىپتۇ، ئىچىلىپ - يېيىلىپ هالى كۆندۈك نېمە دەپ سوراپ بېقىشقانىمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن زادى نېمە ئۆتتى؟ ئۇ تېڭىرقاش ئىچىدە ئېسىدەپ هاۋانىساخانغا قارىدى. هاۋانىساخان ئۇنى باشلاپ قويۇپلا ئۆز ئىشىغا چىقىپ كەتكەنىدى. «تۆھمەت!» دېدى ئۇ ئىچىدە، — «ماڭا بوھتان چاپلىماقچى، كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا سۇۋاپ، تاشقىرىغا يايماقچى، قولىدىن هەر بالا كېلىدۇ. گۇناھ ئارتىدۇ. يا مەندە هەقىقەتەن بىرەر سەۋەننىڭ ئۆتكەنمىدۇ. خۇمدان ماڭدۇ-

رۇپ ساپتىمەن، پۇل تاپتىم، ئىقتىسادىي قائىدىگە خىلاپ بىر ئىش يۈز بەرگەنمىدۇ»

ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ، ئۆزىدىنمۇ ئەندىكتى، ئويلىغانسېرى يۈرىكى ئەنسىز پۇلاڭلاپ، كۆڭلى دەككە - دۈككە بىلەن تولدى. ئۇ ھودۇقۇش ۋە بىسەرەمجانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا ئاستا كۆز يۈگۈرتتى. ئاشۇ «نائەھلى» رەقىبى ئابدۇلنەزەرنىڭ تۇرقى - ھالىتى ھەرگىز بۇنىڭدىن بىر نەچچە ۋاقىت ئىلگىرىدەك ئەمەس، بەلكى بىر «ئەسەبىي» خاراكتېردا مەغرۇر ئىدى. يەنە كېلىپ مىيىقىدا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك بىر غەيرىي ئالامەت بار ئىدى. بۇنى كۆرۈپ جاپپار دامانغا تېخىمۇ دەھشەت ياماشتى، دېمىسىمۇ راست، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتامدۇ. ئۇنىڭ تەكەللۇپ مەنىسىدىكى «ئۆزلىرى» مانا ئەمدى «سەن» گە ئالماشتى. تۈنۈگۈنكى يېتىم قوزىدەك مۇلايىم بويىنى ھازىر گەجگىسىدىن نەشتەردەك تىغ كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭدىن ئاشكارا كېلىدىغان يامانلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەسمۇ. ئۆز ۋاقتىدا، مۇشۇنداق كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا بۇ ھالەتنى خۇددى ھازىرقىدەك ئەينەن كۆرسەتكەن، شۇ تۇرقىنى ئۆتكەنكىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ئىككىنچى قېتىملىق تەكرارلىنىشى ئەمەسمۇ؟

جاپپاردامان ئۆز سوئاللىرىغا ئۆزى جاۋاب تاپاتتى، تەستىقلايتتى. تەستىقى كۆپەيگەنسېرى ئۆز - ئۆزىدىن گۇمانلىناتتى. شۈبھىلىنەتتى، خۇدۇكسىرەيتتى.

شۇنداق، ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇلنەزەر مۇشۇ پېتىچە ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ مىيىقىدا ئاچچىق كۈلۈمسىرىگەن، شۇنىڭ بىلەن كەربالانىڭ دەھشىتىنى ياڭراتقانىدى. بۇ ئون يىل ئالدىدىكى ئىش، دەرھەقىقەت، شۇ مەزگىلگە يەتكۈچە ئۇلار قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. يەنە كېلىپ، بىرى، «چوڭ قازان» نىڭ خاتىمىسىدە ۋەزىپە - ھوقۇقى ئامبارچىلىقتا قىسقا مۇددەت توختىغان دادۇي ئاشلىق كىردىم - چىقىم ھېساباتچىسى يەنە بىرى، ئامانەت قەرز كوپىراتىپىنىڭ ئاكتىپ كاسسىرى ئىدى.

بىر كۈنى جاپپار دامان كەپتەر باچكىلىرىنىڭ ئۇچىشىنى تاماشا قىلىپ، ئابدۇل نەزەرنىڭ ئۆيى كەينىدە، قالدۇرۇق يەرلىرىدە ۋە ھويلا ئەتراپىدىكى ئېرىق - ئورمانلاردا خېلى ئۇزاق ئايلىنىپ يۈردى، ئۇنىڭ باچكا ئۇچۇرىشىدىن خاتاگۇمان قىلغان بىرسى ئابدۇلنەزەرنى كەچلىكى ئاتايىتەن ئىزدەپ تېپىپ: «ئۆزلىرىگە ئاگاھ بولسىلا، ئۇكام، جاپپارداماننى ئادەممىكىن دېسەم — ھايۋان ئىكەن. ھەردائىم سىلىگە ئورا كولاپ يۈرۈپتۇ، قەستلىرىگە چۈشۈپتۇ، پايلاپ يۈرۈپتۇ. خىيالىمدا ھەر ئىككىڭلارنى ئاغىنە، سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەيدۇ. توپان بالاسى كەلسىمۇ تىزىغا چىقمايدۇ دەپ چاغلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. خۇدايا توۋا، بىر كىمنىڭ دىلىغا كىرىپ چىقماق تەس ئىكەن، بۇنى قارىماملا، ئەتىگەندىن بېرى ئۇ سىلىنىڭ تەۋەلىك يەرلىرىنى ھەتتا ھويلا - ئارام، باغلىقلىرىنى بىرمۇ - بىر قەدەملەپ چىقتى. ئەتىمالىم ئىككى قەدەمنى بىرگۆك ھېسابلىدى بولغاي، ئىشقىلىپ ھېچنېمىنى ئالا قويمىدى، قايتا - قايتا جىمجىپ ھېسابلىدى، بىر نېمىنى يازغاندەكمۇ قىلدى، ئۇھ!، دېدىم، مانا يانلىرىغا كەلدىم، ... ئۇ سىلىگە دۈشمەن ئىكەن» — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپلا ئابدۇلنەزەرنىڭ رەڭگى سارغايدى، ئەرۋايى ئۇچتى، ئۇنىڭسىزمۇ ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭ پېرى كۆپ دېگەنگە ئوخشاش غەيۋەتلەرمۇ بار ئىدى، بۇ ئىككىسى بىر قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ئوغىسىنى شۇنداق قايناتتىكى، ئۇ بىردەممۇ سەۋرى - تاقەت

قىلالماستىن ئۇ‌ك - تەتۈر دەسسەپ، ئۇدۇل جاپپاردامانلارغا مەجلىس بولۇۋاتقان ئىشخانىغا
چاپتى ۋە كىرىپلا مىيىقىدا مەسخىرلىك كۈلۈپ: «سەندىن بىرنەرسىنى سورىماقچىمەن جاپپار،
قېنى ئوچۇق جاۋاب بەر!» — دېدى، جاپپاردامان ھـاڭ - تاڭلىقتا قېتىپلا قالدى، باشـ
قا مەجلىس ئەھلىمۇ ئوپۇل - توپۇل بولۇپ قېلىشتى. «سەندە خىيانەت بار» — دېدى ئۇ،—
«سەن ئۆزەڭنى پاك ئادەم ھېسابلامسەن تېخى، ۋاھ! ئاقىللىقىڭنى ... ئۆزەڭچە ھۆججەت يا-
سىمىدىڭمۇ، دۆلەتتىن نامراتلارنى بەختلەندۈرۈشكە بېرىلگەن پۇللارنى نېمە قىلدىڭ، كۈك-
شېنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ياردەم پۇلىنچۇ ؟»!

بۇ كەسكىن ئىسپات شۇنچە جىددىي خاراكتېرنى ئالدىكى، ھېلىلا مەجلىستە تەمكىن
ئولتۇرۇۋاتقان جاپپاردامان مۇشۇ سائەتلەردىن كېيىن تامامەن باشقا ھالغا، بېشىنى سالپايتىپ
ئولتۇرۇشقا، ھېسابات تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، قۇتقۇزۇشقا تېـ
گىشلىكلەر خىزمىتىنى تېخىچە ئىشلىمىگەن ئىككى دادۈيـنىڭ پۇلىنى بەزى يېقىن - يورۇقلارغا
ۋاقىتىنچە قەرز بـېرىۋەتـكىنى: ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشكە بېرىلگەن ياردەم پۇل 8 يۈز
كويىنى تېز تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىپ، بىر شۇجىنىڭ ھاجىتىگە دۈرۈس قىلدۇۋەتكىنى ھېسا-
بات قائىدىسىگە تۈپتىن خىلاپ ھەم يېقىندىلا سادىر بولغان ئەمەلىيەت، ئاساسلىقى ھۆججەتسىز
قەرز تارقاتقىنى كوكۇلـسىدىن تۇتۇۋېلىشىغا بىردىن بىر سەۋەب بولدى. ئالدىنقىسىنىڭ ئور-
نى بار، كېيىنكىسىگە كەلسەك، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭدىن قەرز ئالـدىغانلارنىڭ تولىسى ساۋات-
سىزلار ئىدى: ئۇلار خەت بىلمىدىغانلارنى تاپالمىغاندا، ھۆججەت يېزىشنى ھامان جاپپـاردا-
ماننىڭ ئۆزىگە ھاۋالە قىلىشاتتى. يېزىلغاندىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك نۇسخىسىنى ياخـ
شى ساقلاپ قويۇشمايتـتى. ئىككىنچىدىن، جاپپاردامان يۇمشـاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۆزى
ئالدىراش بولغاندا، قەرز سورىغانغا ئىسپات تەلەپ قىلماي پۇلنى ساناپ بېرىپلا كېتىۋېرەت-
تى. مانا مۇشۇنىسى ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاسلا قالدى، زىممىسىدە كەم - كۇتىسىز ئىككى مىڭ
ئىككى يۈز كوي چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ «خىيانەت» نىڭ ئورنى بار، خاتىرى-
سىگە يېزىقلىق ئىدى. بىراق «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمايدۇ» دېگەندەك قەرزدارلارنىڭ
بەزىلىرى ياخشى كۆڭدە جانغا ئەسقاتقان پۇللاردىن تېنىۋالدى. ھەتتا ھۆججەت بەرگەن قىس-
مەنلەرمۇ ئۇنىڭ سىڭايان بولغانلىقىنى كۆرۈپلا ئاغزىغا توپا سوۋاپ ئاللا راخمان دەپ تۇرۇ-
ۋالدى. نەتىجىدە ئۇ ھېساباتىدا كەم كۆرۈلگەن بۇ پۇللارنى ئېغىلىدىكى مال - ئۇلىغى، ئا-
تىسىدىن مىراس قالغان كونا ئۆي - ۋاقىنى سېتىش يولى بىلەن تۆلەپ قۇتۇلدى.

زىيان ئاچچىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوستىدىن كەلگەن سەممىيەت شۇ، دېمەك، ئۇمۇ پا-
ئالىيەتچانلىق رولىغا ئۆتمەي تۇرالمايتتى. شۇڭا ئۇ خىيانىتىنى تۆلەپ، گۇناھتىن خـالاس
بولغان كۈنـىنىڭ ئەتىسىگە ئۇنىڭ ئۈستىدىن «تۆۋەن ئېرىق گۈگشېسىغا ئورۇق تېـگىشكەلى
بارغاندا ئىككى تاغار بۇغدايىنى غەلىت قىلدى. بىر تاي يۇڭدا كىگىز ئەتتۈردى، توختى پو-
مېشچىكنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى دادۈي ھېسابىدا ساتتۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە جاھاز ئەتكۈزدى»
دەپ مەلۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئەمدى بىۋاسىتە ئابدۇل‌نەزەرگە تۇتاشتى.

تەكشۈرۈش، چوڭقۇر قېزىشتىن مەلۇم بولدىكى، ئابدۇل‌نەزەرنىڭ ئىككى تاغار بۇغدايـ
نى بىر چۆپـقىتى ئارقىلىق سېتىۋەتكىنى راست، يۇڭدا كىگىز ئەتتۈرگىنى يوشۇرغىسىز پاكىت

بولۇپ چىقتى. يۇڭ دادۇي چارۋىلىرىنىڭ قىرقىپلا جىگدىلماي كەچتە يايلاقتىن ئەپچىقىپ، ئۇنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە تاپشۇرۇلغان ھەم ئۇنىڭدىن بىر تايىنى قانداق ئىشلەتكەنلىك كىگىزچى تەۋەپپەددىن جاپپاردامانغا ئالىدىقاچان ئاڭلىتىلغانىدى. توختى پومىشچىكنىڭ ئۆيىنى بولسا، توختى پومىشچىك ئۆزى يالغۇز ھەم داۋاملىق ياقا-يېزا قالاردا ئىشلەپ كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ئىككى كۆنلۈك ئۇزاقتىكى تاغ باغرى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا ماكانلىشىپ قېلىشنى ئويلىغانىدى. ئابدۇل نەزەر نورمەددىن تاشقىرى ئاشلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ھەم ئۇنىڭغا يېقىندا كېلىدىغان سىياسىي كاپالەتتىن بىشارەت بېرىپ شۇ ئاساستا ئىككى ئېغىز ئۆيىنى دادۇيچە ئەرزان باھا — توخسەن كويغا سېتىۋالغان ھەم ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئۆزى ئىشلەتكەندى. بۇ جەھەتتىكى خاتالىق ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر پاتقاققا ملىدى، كولغانسېرى مېزى چۆۋۈلۈپ مەخسۇس ئاشلىق مەسىلىسىدىلا ناھايىتى زور پەرق — ئۈچ مىڭ بەشيۈز جىڭچە ئاشلىق، مايلىقدان ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى يەكۈن — جاپپاردامانىنى كاسسىرلىق خىزمىتىدىن توختىتىش، ئابدۇل نەزەرنى ئامبارچىلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ئۇنى داۋاملىق مەسىلە تاپشۇرۇشقا قالدۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتى.

مانا يۇقىرىدىكىلار زىددىيەتنىڭ باشلىنىشى، پارتلىشى، دوستلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ئىدى. ھازىر ئۇ ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى، قاچان بولمىسۇن خىزمەت ئىستىلى جەھەتتىكى بۇخسۇپ چىقىشقا تېگىشلىك ئاچار كەيپىياتلار بىر يولى چىقىپ كەتتى، ئۇزاپ كەتتى. ئەمدى ئادەم بولۇشنىڭ، دوستلۇقنى يېڭىباشتىن قەدىرلەشنىڭ نۆۋىتى يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەل مۇشۇ پەيتتە ئابدۇل نەزەر «سەندە بىر نەرسەم بار» دەپ نامايىشكار ھالەتتە ئۇنى سارا سىمىلىككە سېلىۋاتاتتى.

— مەندە بىر نەرسەڭ بارمۇ؟ — دېدى جاپپاردامان بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن خەۋپى چېكىگە يېتىپ، — خوپ ... ھە، ئېيتە، نېمەڭ بار!؟

— سەندە بىر ئامانىتىم بار.

— ساراڭ بولۇپ قاپسەن، جۆيلىمە.

— يادىڭدىن چىقىپتۇ-دە، مەن ساڭا توپىق بەرگەنىدىم.

— ھە، شۇمىدى، — جاپپاردامانىڭ يەلكىسىدىن بىر تاغ يېقىلغاندەك بولدى، توۋاندىن قۇتۇلغان ئادەمدەك ئۇزۇن بىر تىنىق ئالدى، چۈنكى «توپىق» ئۇنىڭغا «توپاق» بولۇپ ئاڭلانغان ھەم ئۇنىڭدىن يەنە باشقا يامانلىق ئۆتمىسە توپاقنىڭ يولى ئاسان، ئۇنى بېرىپ قۇتۇلۇش ئوڭاي ئىدى، — بېرىپتۇ، توپاقنى ئال، بايا ئۇنىماپتىمەن، پۇشايمان قىلدىم، ئەپچىقىپ ئىشلەت، پۇلنى تاپساڭ بېرەرسەن، تاپمىساڭ قالار.

— يوقسۇ، ماڭا توپاق كېرەك ئەمەس.

جاپپاردامان ھاڭ-تاڭ قالدى:

— ئەمىسە نېمە كېرەك، ئۆزەڭ سورىدىڭغۇ.

— مەن توپاق دېمىدىم، ئاغىنە، توپىق دەۋاتىمەن.

جاپپاردامان ھەيران قالدى:

— ھە! ماڭا توپىق بەرگەنىمىدىڭ، سەن بىلەن قاچان ... توپىق ئويناپمىدۇق.

— ئېسىڭدىن چىقىپتۇ، يىگەنلىك كۆلدە، ساتمىدا، كەچلىكى زىياپەت مەيدانىدا مەن

ئۇنى ئىككى قوللاپ سۇنغانىدىم.

— شۇنداقمىدى ؟ — چاپپاردامان دەررۇ يادىغا ئالدى. پۇت - قوللىرىنى سۇسلاشتۇ-
رۇپ ۋۇجۇدىدىن ئىللىق بىر ئىقىم بۆسۈپ ئۆتتى، ئۆزىمۇ سەزمەستىن، — ... هە ... هە
...، — دېدى.

توغرا ئۇ شۇ چاغدا بىر توپىىق بەرگەنىدى. ئۇ ئۇنى ناھايىتى ئاسراپ ياخشى ساق-
لىدى. بىراق كېيىن ئاردا «توپىلاڭ» يۈز بەرگەندە ئەمدى ئۇنىڭ رولىنىڭ كاردىن چىق-
قانلىقى، ئىگىسىنىڭ تۈرمە پىرقرالىقىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، شۇ سەۋەبلىك ئاخىرىمۇ بىر كۈنى
بۇ توغرىدا ھەرگىز پاراڭ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنى توزۇستا تاشلاپ قويغانىدى،
قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۆي كۆچكەندە قولىغا چىقىپ قېلىۋېدى، نەپرەت بىلەن
قاغاپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ تاشلىۋەتتى. ھالا كۈنى مۇشۇ پەيتكە يەتكەندە ئۇنىڭ سۇرۇش-
تە قىلىشىنى كىم بىلسۇن. ئۇ ئۇنتۇماپتۇ، ئېسىدە مەھكەم ساقلاپتۇ. سوراپ قالدى، قانداق
جاۋاب بېرىش كېرەك، مۇشۇكتەك كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇش كېرەكمۇ، مۇمكىنمۇ، چېكى يوق
ئاداۋەت، ئەقىدىسىزلىك، ئۇنداق بولسا مۇشۇ بىرلا ئامانەتتە ئەقىدىسىزلىك كىمدىن ئۆتتى،
ئۇ ئۆزىگە جاۋاب بېرىپ بولالمايتتى، ئىچىنى بىر نەرسە مۇجۇپ تاتىلاۋاتقانىدەك ئېچىشتۇراتت-
تى. كۆكسى دۈپۈلدەپ نەپەسنى بوغاتتى. بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ، پۇتلىرى ئىختىيارسىز ماغ-
دۇرسىزلىناتتى، ئىلاجىسىزلىق، كەم ئەقىللىق ۋە تىلى قىسقىلىق ئۇنى شۇ تۇرقى ئىنتايىن خىجىل-
مۇمىن بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. قىسقىسى، ئىلگىرىكى بويىنى ئۆرە چاپپاردامان
ئەمدى ھېچيەردە يوق، يىلى چىققان توپتەك بوشاپلا كەتكەنىدى. ئۇ بىر دەم سۈكۈت
قىلدى، ئاندىن ئۆزىنى ئاقلاشقا ھېچقانداق سۆز تاپالماي:

— مەن ئالدىڭدا ناماقۇل ئاداش، بۇ توغرىدا ئۆزەم ئەيىبلىك، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپلا ئابدۇلنەزەرنىڭ كۆڭلى، «پاللىدە» يورۇدى:

— ياقەي، ئۇنداق دېمە، ئاداش.

— ئەلۋەتتە، مەندە توپىقىڭ بار، ئەمما مەن ئۇنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن، سەن ئۇقتۇ-
تۇڭ، مەن قول كۆتۈردىم، تەسلىم بولدۇم. بۇنىڭ بەدىلى ئېغىلىمدىكى توپاق ساڭا ئۆتسۇن.

— يوقسۇ - يوقسۇ، — دېدى ئابدۇلنەزەر ئۆزىرخاھلىق بىلدۈرۈپ؟ — گەپ ئۇ-
نىڭدا ئەمەس، مېنىڭ قەستىم ئۇ ئەمەس، پەقەت ... پەقەت ... ئاداش ...

— بىلىمەن، بىلىمەن، ئەلۋەتتە سەن توپاق ئۈچۈن كىرمەپسەن. شۇ ئەمەسمۇ، ئاۋۋىلىسى بەر-
خېلى ئۇزاق يىرىكلەشتۇق، ئەتۇر قاراشتۇق، ئەكتىنى سۈرۈشتۈرسەك بىزقوشنا، يەنە كېلىپ...

ئابدۇلنەزەر ئالمان - تالمان ئۇنى توستى:

— بولدى، بولدى، مۇشۇ سۆزىڭلا ھەممىگە كۇپايە، سۆزلىمە ... سۆزلىمە ...

— شۇنداق بولسىمۇ توپاق سېنىڭ، — دېدى چاپپاردامان، — يەنە سېنى مېھمانلى-
رىڭ بىلەن ئايىرىم كۈتۈشۈم لازىم. ھازىرچە مۇشۇ قېتىممۇ مېھمان بول، ئايالىڭنىمۇ چاقىر-
سۇن. ھە، ھاۋانىساخان ...

— مانا كىرىدىم بولدى، — دېدى ھاۋانىساخان.

ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىسىزمۇ ھاۋانىساخان ئۇنىڭ ئايالىنى ئالىبورۇن باشلاپ كىرىپ ئاياللار

قاتاردا ئولتۇرغۇزۇپ بولغانىدى. جاپپاردامان روھلاندى، ئۇنىڭ بىلەن قىسقىلا سالاملاشتى.
ئاندىن ئېخىچلا پەگادا تۇرۇۋاتقان ئابدۇلنەزەرگە:

— قېنى، ئىلتىپات قىل، كاردۇاتقا چىق، ئاداش، — دېدى.

باشقىلارمۇ تەڭ تەكلىۋانە قوللىرىنى سۇنۇشتى:

— چىقسىلا، ئابدۇلاخۇن، مانا بۇ ياققا قېنى مەرھەمەت!

ئابدۇلنەزەرگە تۈزۈت قىلىشقا، بولۇپمۇ تۆپاقنى ئالماسلىق توغرىسىدا ئىزاھ بېرىشكە ئامال بولمىدى. جاپپاردامان ئالدىراپلا كېلىپ ئۇنى كاردۇاتقا چىقىشقا زورلىدى. شۇ ئارىدا ئۇزلىرىمۇ سەزمەستىن بىر جۈپ قول بىر - بىرىنىڭكى بىلەن جىپىلىشىپ قالدى. بۇ ئاجايىپ باشقا تۇستە سىقىلغان قوللار ئىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ كىشىلەر ئۇلارنى ناھايىتى يېقىن ھەمكارلىشىۋاتقان ھالەتتە كۆردى.

## ئاپتور ھەققىدە

«ئالاھىدە ئەترەتنىڭ ئارمار قىلىنىشى» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى مەتتۇرسۇن سۇلايمان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئۇ ھازىر كېرىيە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

(بېشى 112 - بەتتە)

تەيخې قۇردۇم بويىدىكى ئىمدىگاننىڭ ئاتىسى توخسۇن ئاغىنى يىرقلاپ كېتىشكە ئىجازەت ئىسالغانىدا، تىممىسقىلاپ يۈرگەن تىكچى ئۇلارغا شەھەر چېتىدىن قوشۇلۇپ، بىر ئاز يەرگىچە ئۇزۇتۇپ باردى - دە، ئاندىن ئېغىر بوي تەيخېگە غىلجىڭلاپ، ئىمدىگانغا «ئالغا چىپىپ كەت!» — دەپ بۇيرۇق بەردى. بالابۇنىڭ ئېيتقىنىغا كۆنمىگەندىن كېيىن، تىكچى تۇتۇق يالنىڭ ئېتىغا قامچا ئۇردى. شۇ چاغدا پەيلى بۇزۇلغان ئىمدىگان:

— سەن چاپساڭ - چاپمەن! — دېدى

— ئەگەر يېتەلمىسەڭ، ئېتىڭنى ماڭا بېرەمسەن؟ — سوردى تىكچى تۇتۇق.

— بېرۇرمەن!

— ئەممىسە كەتتۇق! — دېدى - دە، توغان تىكچى ئېتىنى دېۋىتىپ، بارچە قويۇۋەتتى. ئىمدىگان ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ئاز يەرگىچە قوغلاپ باردى - دە، ئاندىن غانجۇغىسىدىكى تاسما سالىمنى ئېلىپ، ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ ۋە ھەش - پەش دېگۈچە تىكچىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بېشىغا سالما تاشلىغانىدى. ئېمە بولغىنىنىمۇ بىلمەي يەرگە غولىغان توغان تىكچى، بىر ئاز يەرگىچە تاسما ئاغامچىغا ئېسىلىپ سۆرەلدى - دە، ئاندىن قولى ئاغامچىدىن ئاجراپ، بويىنىدىن بوغۇلۇشتا باشلىدى. بالا توختىغان چاغدا ئۇنىڭ بەدرەڭ كۆزلىرى چىڭقىلىپ چانىقىدىن چىقىاي دەپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى. ئاكىسى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن تەيخېمۇ ئىمدىگانغا تىكچى تۇتۇقنى بوشىتىشنى ئېيتتى. لېكىن ئىمدىگان تىكچىنى بوشىتىش ئىسالدىدا يەرگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى - دە، ئاندىن:

— ئەمدى ئاجونويانغا بېرىپ ئېيت! — دېدى ئۇ ئىمنتايىن قەتئىيلىك بىلەن، ئۇدزەر ئاكىسى چاكىمەندىن ئەكىلىپ بەرگەن پولات خەنجىرىنى چىقىرىپ، — بەردىبىر مەن سېنى مۇشۇ سالما، مۇشۇ پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈمەن!

— قىلىچىمنى بەر - دە، كېتىۋېرىڭلار، مەن بۇ ھالنى ھېچ كىمگە ئېيتمايمەن ... ئېيتالمايمەن!

تەيخې ئېيتقىنىچۇ ئىنىگىغا: قورالىمنى بەرسۇن.

— بېرىۋەت، ئىمدىگان، ئەمدى ئۇ بىزگە ھېچ نېمە قىلالمايدۇ. بېرىۋەت، ئۇنىڭ ئەگىر قىڭغىرىقىنى، «قىڭغىراق» دېگەن سۆزدىن، ئىمدىگان بالىلارچە قاقاقلاپ كۈلدى - دە، قىلىچىنى يەرگە تاشلاپ، سالىمنىڭ سىرتىمىقىنى تىكچى تۇتۇقنىڭ بويىنىغا يېقىن يەردىن كېسىپ ئېتىغا مىندى. مانا بۇ ۋەقەنى، چەتتىن كۆرگەن بىرلىرىدىن ئاڭلاپ، ئاخىرى تۇتۇق ئۆزىنى ئىمتىرار قىلدۇرغان ئاجونويان، ھېچ كىمگە جازا قوللانماي، ئىمنتايىن قىزىقىپ كۈلگەنىدى.

# ئۇلار باي بولماقچى

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا رېقىپ

باھار ئالدىقاچان كىرىپ بولغان بولسىمۇ، بۈگۈن ھاۋا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ سوغۇق بولۇپ قالدى. ناھىيىلىك خەلق سوت جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسىنىڭ سوراقخانىسىدا تۆت نەپەر ياش باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان، بەزىلىرى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، يۈزىدىكى سوغۇق تەرنى يېڭى بىلەن توختىماي سۈرتەتتى.

سودىيە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھازىر ھۆكۈمنامىنى جاكالايمىز، — دەپ تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلدى، — ئەمەتكە بەش يىللىق، تۇرسۇنغا ئۈچ يىللىق، ساتتار بىلەن قادىرغا ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

× ×

بۇ ياش باللار يېزىدىكى خېلى ئابرويلۇق ئائىلىلەرنىڭ باللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى، يەنى ئەمەت بىلەن تۇرسۇن تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئاگرونومىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يارىملىق ئاگرونوم بولۇپ چىقالىشىدا گەپ يوق ئىدى.

ساتتار بىلەن قادىر يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاچقان مېۋە كونسېرۋاسى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى بولۇپ، ھەر يىلى «خىزمەت ئىلغارى» بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ تۆت يىگىت ئەسلىدە ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغانلار ئىدى. پۈتۈن يېزىدىكى توي-تۆكۈن، مەشرەپلەرنى قىزىتىدىغانلارمۇ شۇلار ئىدى. ئۇلار جىنايەتچى بولۇپ قالدى دېسە كىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كېلىسۇن؟ بىراق ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن مەخلۇقتە. مانا ئۇلار بۈگۈن سوت ئالدىدا جىنايەتچى بولۇپ، جاۋابكار ئورنىدا تۇرۇپتۇ.

× ×

بۇلتۇر قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدىكى تويدا بۇ تۆتەيلەننىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بەزىلىرى موتسىكلىت مىنىپ كەلگەنىدى، ئۇلار سودىگەرچىلىك قىلىپ، خېلى پۇللۇق بولۇپ قالغاچقا، تويغا ئېسىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىشكەنىدى. تۆتەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەس ھېس قىلىپ خىجالەت بولۇشتى. لېكىن توي مۇشۇ شوخ يىگىتلەر بىلەن قىزىغاچقا، بۇ كەمتۈكلۈك تولۇقلىنىپ كەتكەندەك بولدى.

تويدىن كېيىن بازارلىق دوستلىرى ئۇلارنى قويۇپ بەرمەي، مېھماندارچىلىق كېيىنچە بېرىپ قاتار مەشرەپكە ئايلىنىپ قېلىپ، ئاخىرى ئۈزۈلمەي نەچچە كۈن داۋام قىلىدى.

بۇ ساۋاقداشلار مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن بېرى بۇنداق جەم بولۇپ باقمىغانىدى، ئولتۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. تونۇر كاۋاپ، قاتلىما، سامسا، پېتىر مانتا قاتارلىق تائاملار، ۋىسكى، كونياك، براندى، كاكىكالو قاتارلىق تۈرلۈك ئىچىملىكلەر... ساھىپخان داستىخانىنى كۆز قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە ھەرخىل نېمەتلەر بىلەن بېزەۋەتكەنىدى. ساھىپخان ئارىلىقتا مېھمانلارنى ئىككى قەۋەتلىك كەڭ كارىدورلۇق ئۆيلىرىدىن باشلاپ چىقىپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغقا ئېلىپ چىقتى.

— بۈگۈن راۋرۇس ئوينايمىز، يىغىلىمىقىمىز ئاسان ئەمەس، كەچ قېلىشتىن قورقماڭلار، كىچىك ماشىنا، موتو بىلەن ئۆيلىرىڭلارغا ئاپىرىپ قويىمىز، — دېدى ساھىپخان ئۆيلىرىگە ئالدىرىغانلارنى توسۇپ.

بۇ يىغىلىشتىكى رومانتىكىلىق خۇشاللىق بىلەن ھاراقنىڭ كەيپىدە روھى كۆتۈرۈلگەن ئەمەتنىڭ ساھىپخانىنىڭ ئېسىل قورۇ جايىغا، ئۇنىڭ مەرت سېخىلىقىغا ۋە قاراڭلارچۇ، مەن نېمە دېگەن توچى دېگەندەك مەغرۇر كەيپىياتىغا ھەسلىكى كەلدى. ئۇ مەكتەپتىكى چاغلارنى ئەسلىدى، ھازىرقى بۇ مەغرۇر ساھىپخان ئۆز ۋاقتىدا دەپتەر-قەلەمگىمۇ چىقىش قىلالمايدىغان گاداي ئەمەسمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دائىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلاردىن ئىدى. ھازىرقى بۇ چوڭ پەرقنى مەكتەپتىكى چاغلاردا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىر ئەمەت رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئاگرونوم كەسپىنى پۈتتۈرگەن تېخنىك. لېكىن ئۇنىڭ ئايلىق تاپىدىغان كىرىمى بۇ سودىگەر ساۋاقدىشىنىڭ بىر قېتىملىق ئەيش-ئىشرىتىگە سەرپ قىلغان چىقىمى ئالدىدا سەي بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ھەسەت تۇيغۇسى قوزغالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاۋۇتتىن نەرىم كەم دېگەن سادا جاراڭلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن قانداق باي بولغانلىقىنى سوراپ باققۇسى كەلدى، ئۇ بۇرۇندىنلا باي بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەنىدى. بۈگۈن بۇ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچلەندى. بىر رومكا ھاراقنى توشقۇزۇۋالغان ئەمەت ساھىپخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سەن كارامەت باي بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ، ئاۋۇت! سېنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى.

— رەھمەت، تېخى باي دېگۈچە ئەمەس، بۇندىن كېيىن باي بولارمىز.

— بۇنىڭ يولىنى دەپ بېرەلەمسەن؟ قانداق باي بولدۇڭ؟

— سودىگەر دېگەن دېھقانغا ئوخشاش بىرلا ئىشنى قىلمايدۇ. تۈگمىدىن تارتىپ ئاپتوموبىلغىچە، قول ياغلىقتىن ئەدىيالغىچە نېمىدىن پايدا بولسا شۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ئاتىدىغان گەپ.

— ھەر ئايدا قانچىلىك پۇل تاپالايسەن؟

— ھەر ئايدا دەيسەنغۇ، ھەر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن، ئايغا ساقلاپ تۇرساق كادىرلاردەك بوغالتىرغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالمايمىزمۇ، بەزىدە بىر سائەت، بەزىدە بىر كۈندىلا نەچچە يۈز، نەچچە مىڭنى قىرلايمەن، بۇ ئاسانلا گەپ. پەقەت تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقمىسىلا بولىدۇ. بىزنىڭ ناھىيە ھاكىمى ھەر ئايدا 224 يۈەن ئالغۇدەك. كۈنىگە ئاران يەتتە كوي نەچچە مو بولىدىكەن. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ مائاشىدىن رازى. مەن كۈنىگە يىگىرمە يۈەن كىرىم قىلساممۇ رازى بولمايمەن. پۇل دېگەن قاچانلا بولسا كېرەكلىكتە.

ئەمەت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويغان

كىشىدەك ھېس قىلدى. تېخىمۇ تېزراق، بولسا ھازىرلا باي بولۇپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىپ كەتتى. ئۇ ئويلايتتى، مەكتەپتە مۇئەللىم: بىلىم دېگەن پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق دېگەنىدى. ئۆزىمۇ بۇنىڭغا ئىشىنەتتى. ئۇ بىلىمگە تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ ئەڭ بۇرۇن ھاللىق دەرىجىگە يېتىپ، زىيالىي دېھقان بولغىنىدىن پەخىرلىنەتتى. بىراق ئاۋۇتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆز قاراشلىرىدا تەۋرىنىش بولدى. بىلىمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىر تىلىم تاۋۇز ئالغىلى بولمايدۇ، بىر موچەن بولمىسا بىر تىلىم تاۋۇز يېيەلمەيسەن، ئۇنىڭ دېگىنى راست، قاچانلا بولسا پۇل كېرەكتە. ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارى شۇ بولدىكى، قانداقلا ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلغان بىلەن تېز باي بولماق تەس، شۇڭا ئاۋۇتتەك سودا بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك!

× ×

ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىپ بۇ تۆت نەپەر ياش ئۆز يېزىسىغا قايتىشتى. ئۇلار بىرھازا جىم مېڭىشقاندىن كېيىن ئەمەت سۆز ئاچتى:

— ئاغىنىلەر، ئەۋلادىمىزدىن تارتىپ «يەر شارىنى رېمونت قىلىپ» زىرائەت تېرىپ بىزەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتىمىز. مۇشۇ جايادىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئەمدى تاپتىم. بىزمۇ سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلساق قانداق؟

— راست، — دېدى تۇرسۇن، — بىز كىمدىن قالاتتۇق.

— ئۇنداق بولسا تۆت دوست شېرىك ئىش قىلايلى، — دېيىشتى قادىر بىلەن ساتتار.

ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە بېرىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئون مىڭ يۈەندىن پۇل چىقىرىپ شېرىك سودىگەرچىلىك قىلماقچى بولۇشتى. بۇ خىيال بەگمىنىڭ خىيالى دېمەگەن-دىمۇ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاتا-ئانىسى نەچچە يىللار كەتمەن چېپىپ تەر تۆكۈش بەدىلىگە توپلىغان پۇللىرىنى بۇ تەجرىبىسىز گۆدەك، قارام بالىلىرىغا ھەرگىز بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەي ئەمەت ئاۋۇتنى ئىزلەپ باردى ۋە ئۆز ئويىنى ئېيتتى.

— يارايسەن، ئوغۇل بالا! ئەگەر ئېپىڭ بولسا تۆت ئەتراپىڭنىڭ ھەممىسى پۇل.

— بىراق دەسمايەم يوق، شۇڭا...

— ساڭا پۇل كېرەك بولۇپتۇ - دە، قولۇمدا بىرئاز مال بار. ئۇنىڭ پايدىسى چوقۇم ساڭا يېتەرلىك دەسمايە بولىدۇ.

— ماللارنى كۆرۈپ باقاي.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزئارا كېلىشتى. ئەمەت ھېلىقى تۇرسۇن، ساتتار قاتارلىق ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ بۇ ئون مىڭ يۈەنلىك مالنى ئېلىپ بىللە ئوقەت قىلىشقا كىرىشتى. بۇ چىكەن، ئىرىدكە، ھاۋارەڭ سۇنئىي سارجا قاتارلىق ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان ماللار بولۇپ، باھاسىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ھەر مېتىرىدىن ئىككى-ئۈچ يۈەن پايدا ئالالايتتى بۇ مەزگىل قىشلىق كىيىملەرنى تاشلاپ ئەتىيازلىق كىيىم كىيىش پەيتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سودىسى يۈرۈشتى. تېزلا سېتىپ بولۇپ ئون مىڭ يۈەننى تۆلىگەندىن كېيىن ئىككى-ئۈچ مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. شۇنچە سىرلىق بىلىنگەن باي بولۇشنىڭ يولى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىراقلا روشەنلىشىپ كەتكەندەك بولدى.

ئەمدى ئۇلار تېرىقچىلىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزدى. ئۇلار ئاۋۇتتىن ئىككىنچى قېتىم ئالغان مېلى ئىككى مىڭ مېتىر تۈرلۈك نىلۇن توقۇلمىلار بولۇپ، ھەر مېتىرىنى 11 يۈەندىن ھېسابلاپ جەمئىي يىگىرمە ئىككى مىڭ يۈەنگە ھۆججەت بېرىشتى. ئۇلار ھەر مېتىرىنى 12 - 13 يۈەندىن ساتساق ئاز دېگەندە تۆت - بەش

مىلك يۈەن پايدا ئالىمىز دەپ چوت سوقۇشتى. لېكىن كىشىلەر تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ نەيلۇن توقۇلمىلارنى ئانچە كىيمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇلار ئېسىگە كەلتۈرۈشمىدى. بىر ئاي ئاۋارە بولۇپ يىگىرمە ئىككى مىلك يۈەننى قايتۇرغاندىن باشقا قىلچە پايدا ئالالمىدى. ئەمەتنىڭ دادىسى بىلەن ساتتارنىڭ دادىسى ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— باللىرىم، سودىگەرچىلىك دېگەن ئاسان ئىش ئەمەس. دەسمايەڭلار يوق پۇل تاپىمەن دېمەڭلار، ئاغىنە دېگەن بىلەن ئۇنىڭ پۇلى سىلەرگە ئاغىنە ئەمەس. زىيان بولسا بەكلا چوڭ زىيان بولىدۇ، ئۇنى تۆلەپ بولالماقتەس، — دېدى.

— سودا دېگەن تەۋەككۈل دەرياسى، بىردە زىيان تارتسا بىردە پايدا بولىدۇ. بۇ قېتىم دەسمايىنى ساقلاپ قالدۇق، زىيان بولمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمەت. ئۆزىگە بەك ئىشەنگەن بۇ ياشلار ئالدىدا قېرىلار ئاقىۋەت جىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئەمەتلەر ئەمدى شۇنى ھېس قىلىشتى، ئۇلارغا كەڭ ئالاقە تورى لازىم ئىدى. پەقەت ئاۋۇتنىڭ قولىغىلا قاراپ قالسا باي بولالمايتتى. ئۇلار باي بولۇشقا شۇنچە ئالدىرىغىنى بىلەن مەزمۇت پۇختا قەدەم لازىم ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھېمىت ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ھېمىتنىڭ گەپ-سۆزلىرى ناھايىتى جايىدا بولۇپ، بۇلار ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى. بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ دائىم گۇاڭجۇ، خەينەنداۋلاردا يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى، قولىدا بىرنەچچە مىلك مېتىر گاباردىيون بارلىقىنى، ئۇلار ئالماقچى بولسا ئەرزان بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ سودىدىن كۆپ پايدا كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ پايدا بىلەن مۇستەقىل چوڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسىغا يېتىشكە يېقىنلىشالايتتى. شۇنداق قىلىپ ئەمەتلەر يىگىرمە مىلك يۈەن پۇلنى ئېلىپ ھېمىت بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. سەپەر جەريانىدا ئۇلار تېخىمۇ ئىجىللىشىپ سىرداش دوستلاردىن بولۇپ كېتىشتى. ھېمىتنىڭ مەرت-سېخىيلىقى ئۇلارنى قايىل قىلدى. «پۇل دېگەننىمۇ تېپىش كېرەك، ئاغىنىلەرنىمۇ رازى قىلىش كېرەك» دەپ سۆزلەپ كەلدى ھېمىت.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ھېمىت بىلەن بۇ ياشلار مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمەت مال ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن ھېمىت بىر كىچىك ئاپتوموبىل بىلەن كەلدى.

— ھازىر زاۋۇتقا بېرىپ مالنى ئالىمەن. ئالدىنقى ئايدا زاكاس قىلغان. قانچىلىك ئالىسىلەر؟

— 600 مېتىر ئالايلى.

— ئۇنداق بولسا مېنى مېھمانخانىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار، ئىككى سائەتتىن كېيىن مالنى ئېلىپ كەلگەندە ئۆزۈڭلارغا تېگىشلىكىنى ئايرىۋېلىڭلار.

— بولىدۇ، — دەپ پۇل ساناشقا باشلىدى ئۇلار.

پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ھېمىت شۇ كەتكەنچە ئىككى سائەت ئەمەس، ئىككى ھەپتىگىچە كەلمىدى. ئەمەت قاتارلىق بۇ تۆت ياش ھەر يانغا قاتراپ ھېمىتنى ئىزلەشتى. ج خ ئىدارىسىغىمۇ ئەنگە ئالدۇردى. قولىدا قالغان ئازراق پۇلمۇ ياتاق-تاماق پۇلى بىلەن ئاخىرى تۈگىدى. ئۇلار ئاقىۋەت پۈتمەس دەرد-ئەلەم بىلەن ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلدى. ئەمما ھېچكىمگە بۇ ئىش توغرىلىق زۇۋان سۈرمىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ «سوداڭ قانداق بولدى» دېگەن سوئاللىرى ئۇلارنى بەك

ئازابلايتتى. بۇرۇنقى خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ قەدرى ئۇلارغا بەك ئۆتۈلدى.

بۇ يىگىرمە ئىككى مىڭ يۈەن پۇل ئاۋۇتتىن قەرز ئېلىش ئارقىلىق تەييارلانغانىدى. بۇ قەرز ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق سىرتماقتا ئايلاندى. ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قالسا تۆگىمەس تاپا - تەنىگە قالاتتى.

— ئەمەت ھەرخىل پىلانلارنى قىلىپ باقتى. قېچىپ كېتەيمۇ؟ — نەگە قاچىدۇ، قاچسىمۇ پۇل كېرەكتە! تازا بېشى قېتىۋاتقاندا بىر بالا كىرىپ:

— ئەمەت ئاكا، بازارلىق بىرسى سېنى بارمىكىن دەپ مېنى كىرگۈزدى، — دېدى.

ئەمەتنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. چىقىپ قارىسا دەرۋەقە ئاۋۇت كەپتۇ.

— ئەمەت، سېنى ئىزلەپ كەلگەنىدىم، ئازراق ئىش بار ئىدى، — دەپلا بىر تال ئالدىي دەرىجىلىك تاماكا تۇتتى.

— گەپىڭ ئۇچۇقىنى دەي، مەن كېلەر ھەپتە ئىچكىرىگە ماڭماقچىدىم.

— ھازىر قولۇمدا بىر نېمە يوق، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاپىرىپ بېرەي.

— بولىدۇ، يەكشەنبە كۈنى بەرسەڭمۇ بولىدۇ، يەنە بىرنەچچە ئاغىنىلەردە بىر ئاز بىرنېمىلەر بار ئىدى. ئۇلارغىمۇ دەپ قوياي، — دېدى - دە، موتسىكلىتنى مىنىپ كېتىپ قالدى.

ئەمەت دەرھال قالغان ئۈچ شېرىكىنى ئىزدەپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

قانداق قىلغۇلۇق؟...

— ئوغرىلايلى!

بۇ سۆزدىن ئۈچ يىگىت چۆچۈپ كېتىشتى.

— بولمايدۇ، تۇتۇلۇپ قالساقچۇ؟

تۇتۇلساق سولاقتا ياتارمىز شۇ! نېمىشقا تۇتۇلۇشنى ئويلاپ، تۇتۇلماسلىقىنى ئويلىمايسىلەر، — دېدى ئەمەت.

— ئوغرىلايلى، بىزنىڭ پۇلىمىزنى ئالداپ ئېلىۋالغان ئوغرى ئەنە قۇيرۇقىنى تۇتقۇزماي بىخارامان يۈرۈپ بىزنى قىيناۋاتامدۇ؟!

بۇ تۆت يىگىتنىڭ كۆزىدە بىر خىل ئوت يېنىشقا باشلىدى. بۇ غەزەپ، قارامىلىق، ئەسەبىيلىك ئوتلىرى ئىدى...

(بېشى 78 - بەتتە)

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

— باشلىق، بۇ شەھەر خەلقىنىڭ بەزىبىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسىكەن.

— ھە، ھە، ئۇقتۇم، كۈن تەرتىپىنى ئۆزگەرتىڭ. بۈگۈن...

— خوپ!

2

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەلۇم بىر ئۆيى، 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

تېلېۋىزور قويۇلماقتا. ئائىلە ئەزالىرى تېلېۋىزور نومۇرلىرىدىن شەھەر باشلىقىنىڭ پىيادە خىزمەتكە كېتىۋاتقانلىقىنى، نەق مەيدانغا بېرىپ سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىغانلىقىنى، مەلۇم مەكتەپنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيلىرىنى ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى...

× × ×

شەھەر ئۇيقۇدا...شەھەر تەقەززالىق بىلەن قۇياشنى كۈتمەكتە...

# مىكرو ھېكايىلەر

خەلىم سالىخ تەرجىمىسى

تەرجىمانىدىن

تۇرمۇشتا ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان، بىزار قىلىدىغان ۋە بەزىدە چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغان ھېكايىلەر تولىمۇ كۆپ. بىز ئەنە شۇنداق ھېكايىلەر دېڭىزىدا ياشايمىز، كۈرەش قىلىمىز، ئىجاد قىلىمىز. بىز مۇشۇ ھېكايىلەر ئىچىدىن ئۈزۈپ چىقىپ، تۇرمۇشنى باشقا بىر نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەممىسى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە شادىخۇراملىق گىرەلىشىپ كەتكەن مول كىشىلىك تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ ھامان تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپ، بىزگە تۈگىمەس - پۈتمەس مەنىۋى ئوزۇق بېرىدۇ. ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئەھۋالدا كىشىلىك تۇرمۇشى بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، قېنى، مۇنۇ كىچىك ھېكايىلەرنى ئوقۇپ، تەمىنى تېتىپ كۆرۈڭ، تۇرمۇشتا شۇنداق ۋەقەلەرگە دۇچ كەلگەنمىدىڭىز؟ دۇچ كەلگەن بولسىڭىز، قانداق مۇئامىلىدە بولغان ئىدىڭىز؟ دۇچ كەلمىگەن بولسىڭىز، بۇ ھېكايىلەردىن چوقۇم خېلى ئىلھام ئالىسىز. بۇ ھېكايىلەر سىزگە چوقۇم ئىلھام بېرەلەيدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، ئوقۇپ كۆرۈڭ!

## كىچىككىنە ئىش

### شاۋباۋجيەن

قار ئۇچقۇنلىرى لەپىلدەپ چۈشمەكتە.

مېنىڭدەك بىر يېڭىياچى مال سېتىۋالغۇچىنىڭ بىرىنچى قېتىم تەنھا ئۆلكە مەركىزىدىكى E شىركىتىگە كەسپىي ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى بېرىپ، يېرىم كۈنگە قالمايلا ئىشنى پۈتتۈرگەنلىكىگە كىممۇ ئىشىنىدۇ دەيسىز. بۈگۈن — ئايالىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئۆيگە قايتمىشقا ئۈلگۈرىمەن. ھە، ئاپتوبۇس شىركىتى ئالدىدىلا تۇرۇپتۇ.

— يولداش، — ھاۋارەڭ سۇلياۋ كۆڭلەك تۇتقان بىر كىشى مېنى چاقىردى، — كەچۈرۈڭ، بىر ئىشىم باردى، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغانلىقىم ماڭا مەلۇم، ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، — ئۇ ساپ ئەدەبىي تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، گېپىنىڭ ئاز قىسمى خۇشامەت، كۆپ قىسمى ئۆتۈنۈچ ئىدى.

مەن توختاپ، ئۇنىڭغا سەپسالدىم. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق، ئاۋاق، ئېگىز ئادەم بولۇپ، قانسىز يۈزىنى توغرىسىغا بىر نەچچە تال قورۇق باسقانىدى. بېشىدا كونا سوكنو شەپكە بولۇپ، نېپىز پاختىلىق چاپىنىنىڭ بىر مۇنچە يېرى قار سۇيىدە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. قىسىلغان مۇرىسىگە ئېسىۋالغان ئۆڭۈپ كەتكەن سومكىسى ئادەمگە بىر خىل سولغۇن، چۈپەي ۋە ئازدۇر - كۆپتۇر غۇۋالىق تەسىرىنى بېرەتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى ھەدېسىلا يەرگە تىكەتتى، ئۇ قاپىقىنى بىر كۆتۈردى - دە:

— تولىمۇ بەختسىز ئادەمكەنمەن، سەپەردە پۇل قاپچۇقۇمنى يوقىتىپ قويدۇم، ئۆيگە قايتقۇزۇم بار، يىراق ...، — دېدى.

— ئۆيىڭىز نەدە؟ — دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ سەمىمىي ۋە ھەسرەتكە تولغان ئاۋۇشى قەلبىمنى تەسىرلەندۈرگەنىدى.

— N ناھىيىسىدە، — ئۇ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ ياردەم تىلەۋاتقان ھالىتى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

مەن بەش يۈەن چىقاردىم. بۇ ئۇنىڭ يول خىراجىتىگە يېتەتتى.

ھېلىقى ئادەم ئاۋاق قوللىرىنى ئۇزاتتى:

— رەھمەت سىزگە.

مېنىڭ يۈزۈم قىزاردى:

— ئەرزىمەيدۇ.

ئۇ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى:

— سىز ماڭا ئىسىم - فامىلىڭىز بىلەن خىزمەت ئورنىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ ئەلۋەتتە، ئېيتىپ بەرسىڭىز، ھەرگىز بۈگۈن ماڭا پۇل بېرىپ، كېيىنچە قايتۇرۇپ بېرىدۇ دېگەن تامادا بولمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ئەكسىچە، ماڭا رەھمىتىمنى ئېيتىشقا بىر نۆۋەت پۇرسەت بەرگەن بولىسىز، — ئۇنىڭ گەپلىرى ناھايىتى راۋان بولۇپ، ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە جاراڭلىق ئىدى.

مەن يەنە ئازراق پارچە پۇل چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سۇندۇم:

— فامىلەم لى، C شەھىرىدىكى A شىركەتتە ئىشلەيمەن. تۈزۈت قىلماڭ، تۈزۈت قىلماڭ.

ئۇ ياق دېمەيلا ئالدى. خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە يولدا تۇرۇۋېلىپ، ماڭا باش لىڭشىتىپ رەھمەت ئېيتتى، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن كەتتى ...

ئەپسۇس. ئاخىرقى ئاپتوبۇس مېڭىپ كېتىپتۇ. بەزىلەر، كېچىلىك پاراخوت بىلەن قايتساقمۇ بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پىرىستانغا كەلدىم ۋە كېمە بېلىتى ئالدىم.

پاراخوت قوزغىلىدىغانغا تېخى بالدۇر ئىدى. پاراخوت كۈتۈش زالىدا بىرمۇ بوش ئورۇن يوق. مەن پىرىستان ئالدىدىكى كىچىك مەيداندا ئايلىنىشقا باشلىدىم. ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلۇق بېسىشقا باشلىدى. قار تېخىچە لەپىلدەپ ياغماقتا.

كىمنىڭدۇر كۈنلۈكى كۈنلۈكۈمگە سوقۇلدى.

— يولداش، بىر ئىشىم بارىدى، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغانلىقىم ماڭا مەلۇم، ئالدىڭىزدا ...، — قەيەردىدۇر ئاڭلىغان، تولىمۇ تونۇش بىر ئاۋاز قۇلاق پەردەمگە ئۇرۇلدى.

مەن كۈنلۈكۈمنى بىر ياققا قايرىپ قارىدىم، ھە، يەنىلا ھېلىقى پۇل قاپچۇقىنى يوقىتىپ قويغان مۇرىلىرى سەل قىسىلغان ئادەم. ئۇنىڭ يۇمۇشنى ئۇنتۇپ قالغان ئاغزىدىكى تاماكا ئىسىدا سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى كۆرۈندى. ئۇنىڭ بۇنداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىدىن چۆچۈۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. ئۇ يۈزلىرى قىزارغان پېتى كەينىگە چېكىنىپ، بىردەمدىلا

كىشلەر ئارىسىدا غايىپ بولدى.

مەن خامۇش ھالدا پاراخوتقا چىقتىم. بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى خەققە ياردەم قىلىپ تاپقان خۇشاللىقىم يوققا چىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئادام خالتىغا چۈشكەندىن كېيىنكى ئېغىر كۆڭۈل غەشلىكى باستى. مەن، بۇنىڭدىن كېيىن چىنلىق بىلەن ساختىلىق ئايرىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا ئۆزۈمنىڭ سەممىيلىكى ۋە ھېسداشلىقىمنى بىلدۈرسەم بولامدۇ-يوق؟ دەپ ئويلىدىم. مەن چوڭقۇر ئويغا پاتتىم...

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىدارىمىزنىڭ خەت-ئالاقە كاتىپى مېنى ئىشخانىغا چاقىرىپ، پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن بىر چەكنى تونۇپ ئالغىن، دېدى.

مەن سىنچىلاپ قارىدىم:

پۇل سانى: بەش يۈەن 60 پۇڭ.

پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسى: C شەھىرىدىكى A شىركەت.

پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى: يولداش لى.

پۇل ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى: N ناھىيە خېخۇا يېزىسى فاڭساۋ كەنتى.

پۇل ئەۋەتكۈچى: ليۇ تيەنيا.

پۇل ئەۋەتكۈچى قوشۇمچە خەت يازىدىغان جايغا ئۇششاق چىرايلىق ھەرپلەر بىلەن: «ياردەم قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

مەن ھاڭ-تاڭ قالدىم، نېمىشقىدۇر يۈرىكىم ئىسسىق دولقۇنلانىدى، كۆز چاناقلىرىم نەملىشىشكە باشلىدى.

# «پارقىراق ئاغا»

## شاۋباۋچيەن

باغچە ئېمىنىڭ كۈنپېتىش يېقىغا بىر مۇنچە ئادەم توپلىشىۋالغانىدى. نېمە بولغاندۇ؟ ھورۇنلۇق ۋە بىشەملىك بىلەن داڭ چىقارغان توكۇر «ئاقساق» ئاياغ مايلاشقا چۈشۈپتۇ. يېڭىلىق!

ئۇنىڭ سودىسى باشتا ئاقمىدى، كېيىنچە ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ھۈنىرىنىڭ ياخشىلىقىدىن كۈندىن-كۈنگە بازار تېپىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا قارا، سېرىق، كۆك، بېغىرەڭ ئاياغ مايلىرى رەتلىك تىزىلغانىدى.

تامغا بىرئەينەكلىك رامكا ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە شەخسىي تىجارەت گۇۋاھنامىسى چاپلانغانىدى.

ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، بۇ رامكىنى سۈرتۈپ ۋالىلدىتىۋېتەتتى.

— پارقىراتمىسا پۇل ئالمايمەن! — ئۇ ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى قىزغىنلىق بىلەن سودىغا چاقىراتتى.

ئۇ ئىللىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بىر ئايال خېرىدارنى كۈتۈۋالدى:

— پۇتىڭىزنى مەيەرگە قويۇڭ، — ئۇ ساندۇق شەكىللىك ئورۇندۇققا يانتۇ ئورنىتىلغان ئاياغ شەكىللىك تاختاينى كۆرسەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ھۆل لاتىدا ئاياغنىڭ چېتىدىكى لاي داغلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئىككى پارچە تېرىنى ئاياغنىڭ ئىككى يېنىغا تىقتى. ماي سۈركىدى. چوڭ چوتكا بىلەن چوتكىلاپ بولۇپ، يەنە كىچىك چوتكىنى ئىشقا سالدى. ئاندىن ئىنچىكە ئىشقا ئۆتتى. ئۇ تۈپتۈز تارتىلغان ئۇزۇن لاتىنى ئاياغقا سۈركىگىلى تۇردى، لاتا ئاياغ يۈزىدە بىر نەچچە قېتىم ئېگەر-تەگمەيلا كۆ-

تۇرۇلدى، ھۆنەر دەل مۇشۇنىڭدا ئىدى. شىرت-شىرت ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ مىزىلدىك شارابىنى تېتىۋاتقاندەك، ئاغزىنى ئۆمچەيتتى. مەرۋايىتتەك تەرتامچىلىرى ئۇنىڭ ئاجايىپ كەڭ پېشانىسىنى قاپلاپ كەتكەنىدى.

—ئىككى موبەش پۇڭ،—ئۇ قىلچە تەكەللۇپسىزلا خېرىدارلاردىن پۇل ئالاتتى.

خېرىدار ھاڭ-تاڭ قالدى:

—شۇنچە قىممەتمۇ؟!

«ئاقساق» تارتىنغان ھالدا خېرىدارغا ئايىغىنى كۆرسەتتى:

—قىممەت، قىممەت ئەمەسلىكى ئايىغىڭىزنىڭ پارقىرىغان-پارقىرىمىغانلىقىدا.

بىر قېتىم مايلاش ئىككى موبەش پۇڭ. ئۆزى قويغان باھا. ئۇنىڭ خەقنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ ئوشۇق ئېلىۋالغۇسى يوق، خەقمۇ ئۇنىڭغا بىر تىيىننى ئاز بېرىش خىيالىدا بولمىسۇن.

«ئاقساق» ئۆزىگە لايىق تېپىۋاپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى، ئۇمۇ بىر يەككە تىجارەتچى بولۇپ، كەشتە تىكىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ كەشتىچى ئايال بىلەن كىنوغا بارغىنىنى كۆرگەنلەرمۇ چىقتى. ھەرگىز يالغان ئەمەس. ئۇنىڭ كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ ئىشلىگىنى بىكار ئەمەسكەن. ئۇ يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئاياغ يامايتتى، ناھال قاقاتتى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى مايلامچىلىقىنى قىلاتتى. 48 ياشقا كىرىپ قالغان ئادەمنىڭ خوتۇن ئالمىقى ئاسان ئەمەس. پۇل دېگەن ئۆزىنىڭ ئاققۇزغان تەرى ھېسابىغا كېلىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ بىر ئاز تۇرمۇش تەجرىبىسى دېسە بولىدۇ.

بىر كۈنى، كوچىغا چىرايلىق بىر ساياھەت ماشىنىسى كەلدى. ماشىنىدىن بىر مۇنچە چەتئەللىك ساياھەتچىلەر چۈشتى. شەھىرىمىزدە ئىشلەنگەن ماي قەلەم مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق، ئۇنىڭدىن باشقا تۆمۈر بۇت ئىبادەتخانىسى، فېپىيىگتا مۇنارىسى قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلار بولۇپ، كىشلەرنى قاتتىق جەلپ قىلىدۇ. تەمى ئۆزگىچە بولغان چۆچۈرىسىنى تېتىپ باقسىمۇ، ساياھەتكە كەلگىنى بىكار كەتمەيدۇ.

ئىككى چەتئەللىك سالاپەت بىلەن «ئاقساق» تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىككىسىنىڭ پۇتىدا خۇرۇم ئاياغ بولۇپ، ئۇچلۇق تۇمشۇقلىرىنى توپا-چاڭ باسقانىدى.

ئېگىز بويلۇق چەتئەللىك پاكار، دوغىلاق چەتئەللىككە قول ئىشارىتى قىلدى. «ئاقساق»نىڭ چىرايىدا قارشى ئېلىش كەيپىياتى جىلۋىلەندى:

—ئاياغ مايلىتامسىز؟—ئۇ ئىنتايىن يېقىنلىق ۋە سەمىمىيلىك كۆرسەتتى، لېكىن قىلچىمۇ خۇشامەت قىلمىدى.

ئېگىز بويلۇقى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى-دە، يۆلەنچۈكلۈك بامبۇك ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ئورۇندۇق بىر ھازاغىچە غىچىرلاپ كەتتى. ئېگىز بويلۇقى بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭدىن مەنمەنلىك، كۆزگە ئىلماسلىق چىقىپ تۇراتتى.

«ئاقساق» ئىككى پارچە تېرىنى ئېھتىيات بىلەن ھېلىقى يوغان ئاياغنىڭ ئىككى يېقىغا تىقتى. توساتتىن، ئۇ بىر نېمىنى سەزگەندەك بولدى-دە، چاققان قوللىرى قېتىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بېشىنى بۇراپلا، ھېلىقى پاكار، دوغىلاق چەتئەللىكنى كۆردى.

«ئاقساق»نىڭ چىرايىنى بىردىنلا ھارغىنلىق قاپلىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، قول ئىشارىتى قىلىپ سۆزلىگەچ، چەتئەللىك مېھمانغا ئۆزىنىڭ بىر كۈن ئىشلەپ قوللىرى تېلىپ كەتكەنلىكىنى، ھەقىقەتەن خىجالەت بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بامبۇك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان چەتئەللىك

(ئاخىرى 71 - بەتتە)

# ئوغۇلنىڭ مېلودىيەسى

( ھېكايە )

شۇپېڭ

نەيىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

ئوغلى ئىشتىن ياندى، ئاتىسى ئالدىراشلىق بىلەن ئوغلىنىڭ قەدەم تىۋىشىنى ساناپ تۇردى، دەرۋەقە، ئوغلى ئىشىكنى «جالاققىدە» ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئاتىسى گەپ - سۆز قىلماي ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئوغلى بولسا ئاتىسىغا قاراپمۇ قويماي، بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاتقاندەك قىلىپلا پالۇشۇپكىسىنى سالغاچ ئۆز ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئۈنئالغۇدىن مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى. ئوغۇل بالا!

ئىككىيلەن روبىرو ئولتۇرۇپ غىزاغا تۇتۇندى.

ئوغلى كالا گۆشى كونسېرۋاسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ئاتىسى ئوغلىنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق غەيرىي نورماللىق سەزمىدى.

— مەن ۋەزىپەمدىن قالدۇرۇلدۇم، — دېدى ئاتىسى گەپنى ۋەزىنلىك قىلىپ، — ئەتىلىككە ئېلان قىلىدۇ.

ئوغلى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا لاپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ چىرايىدا غىل - پاللا كۆرۈنۈپ ئۆتكەن بۇ ھەيرانلىقتىن ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى. بۇنىڭدىن نە ئېچىنىش، نە تەسەللى، نە كۆڭۈل غەشلىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— سىزگىمۇ دەم ئېلىش زۆرۈر ئىدى، — دېدى ئوغلى غىزادىن باش كۆتۈرمەي.

ئاتىسىنىڭ دىمى سىقىلىپ نەپىسى بوغۇلغاندەك بولدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوغلىغا قادىلىپلا قالدى. ساغلام، قاۋۇل ئوغلىنىڭ توم كەلگەن تومۇرلىرىدا ياشلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئوغلى گەپ - سۆز قىلمىدى، ئاتىسىمۇ ئوغلىغا تىكىلگىنىچە ئۈندىمەي ئولتۇردى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىراپ - سالدىراپ چوكىسىنى قويۇپ، كېيىمىنى ئىزدەۋاتقىنىنى، يەنە تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزدى. بىردىنلا جۈمەكتىن شارقىراپ سۇ چۈشۈۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئوغلىنىڭ ناخشا ساداسى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن مېھرىبانلىق ۋە ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ چىقىپلا تۇراتتى. مېلودىيەسى دولقۇنلۇق ھەم جاراڭلىق ئىدى.

ئوغلۇم! ئوغلۇم! ئوغلۇم!

ئوغلۇم، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغانسەن؟

ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولۇپ ئاتاڭغا چوقۇنمايدىغان بولدۇڭ، بارغانسېرى تەمكىن بولۇپ كېتىۋاتىسەن، ئەمدى يەنە ئاتاڭنىڭ جانسىز، قاتماللىقىدىن رەنجىپمۇ يۈرمەيدىغان، خىلمۇخىل سىياسىي مەسلىلەر ئۈستىدە ئاتاڭ بىلەن دەر تالاش قىلىپمۇ يۈرمەيسەن، ئاتاڭنى تەرسالىق قىلىپ ئۆز گېپىنىلا يورغىلىتىدۇ دەپمۇ يۈرمەيسەن. ئوغلۇم، ھەتتا ئاتاڭنى كۆزۈڭگىمۇ ئىلماسسەن ئەمدى. ئەجەبا ئاتاڭ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالسىمۇ، يەنىلا پەسەنت قىلماي يۈرۈيسەنا؟ ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ سوغۇق ئاقىلانىلىقىمۇ بۇ؟ سېنىڭ ھاپىلا-شاپىلا تاماقىڭنى يەپ، يۈز-كۆزلىرىڭنى يۇيۇشۇڭ، ھېلىقى ماشىنىست قىزنىڭ سەن بىلەن تىياتىرغا كىرىشكە ساقلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ لېكىن، ئوغلۇم، مەن ئەزەلدىن ساڭا ھازىرقىدەك مۇھتاج بولۇپ باقمىغان، مېنىڭ مەنسەپ ستاژىمۇ سېنىڭ يېشىڭدىن خېلىلا چوڭ.

تېلېۋىزوردا شىياڭشىڭ نومۇرى بېرىلىشكە باشلىدى. ئاتىسى غۇۋا كۆز نۇرى بىلەن تۆت ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئوغلىنىڭ سىرتقا چىقماي ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقىنىنى كۆردى-دە، ئىختىيارسىز دىققەت بولدى. ماشىنىست قىز بۇرناكۇنلا تىياتىر بېلىتى ئېلىپ قويغان ۋە خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا بىللە بارىدىغان، بارمايدىغانلىقىنى سورىغان ئىدىغۇ...

ئاتىسى كېچىنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ تاڭغا ئۇلىدى. ئوغلىمۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ بىر كىرپىك قاقمىدى. ئاتام ياشىنىپ قالدى، ھەممە جەھەتتىن قېرىدى. ئاتامنىڭ ئۆتكەن پۈتۈن ئۆمرىگە ئوبدان ماسلىشىپ بەرگەن ئارقا كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تايىنسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دەۋر. يالغۇز قىزغىنلىق سەممىيلىكىنىلا تەلەپ قىلىدىغان چاغلار ئەمەس...

ئەتىسى ئوغلى قاق سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاتىسى ئەتىگەنلىك چېنىقىشتىن يېنىپ كىرگەندە، ئوغلى ئەتىگەنلىك چاينى تەقمۇ-تەق راسلاپ قويغانىدى، ئۈنئالغۇدىن توختىماي ناخشا-مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بەلكى مىلودىيەسى تېخىمۇ جاراڭلىق ئىدى.

ئاتا-بالا ئىككىيلەن يەنىلا لام-جىم دېيىشمەي يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ غىزالاندى. ئوغلى بىر نەچچە قېتىم گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئاتىسى ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن ئۇ ئاخىرى گەپ قىلمىدى.

ئاتىسى مۇكچەيگەن ھالدا كىيىم يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ ئوغلىنىڭ كاستۇم تەڭلەپ ئارقىدا تۇرغىنىنى خېلىغىچە تۇيمىدى.

— مۇنۇنى كىيسىڭىز روھلۇقراق كۆرۈنىسىز، — دېدى ئوغلى ۋە، — بۇيرۇق ئېلان قىلىش يىغىنىغا بارامسىز؟ — دەپ سورىدى يەنە ئاتىسىغا گالىستۇكنى تەڭلەپ. ئاتىسى ئارسالدا بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— مەن تاقاپ قوياي، — دېدى ئوغلى ئاتىسىغا تىكىلىپ. ئوغلىنىڭ يۇمران قولى ئاتىسىغا ئۆزىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن رەپىقىسىنىڭ قولىنى ئەسلەتتى-دە، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوغلى ئېڭىشىپ ئاتىسىغا قاراپ.

ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئەينەككە قارىدى. سۈكۈت ئىچىدە ئاتىسى تەئەججۈپ بىلەن بالىسىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

ئوغلى ئەينەكتىن ئاتىسىغا قاراپ:

— بىر كېچىنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ قېرىپلا كېتىپسىز، — دېدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاۋازى

تۈۋەن، لېكىن مۇلايىم ئىدى، — لېكىن دېدى ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ، — مەن باشتىن - ئاخىر سىزدىن پەخىرلىنىپ كېلىۋاتىمەن، سىزنىڭ ئۆ-مۈرۋايەت ئادىل، خالىس بولغانلىقىڭىز، ئە-قىدىڭىزگە ئاخىرغىچە سادىق بولغانلىقىڭىز ئۈ-چۈن پەخىرلىنىمەن. سىز پۈتۈن كۈچىڭىزنى سەرپ قىلدىڭىز.

ئاتىسىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى. يە-كىنىدە تۇرغان ئوغلىنىڭ قولى بەكمۇ ۋۇزۇن-لىك بىلىندى. ئۇ خۇددى مىجمغلىنىپ پۈرلىشىپ كەتكەن شارغا ھاۋا قاچىلانغاندا كۆپۈپ چىق-قاندەك قەلبىدىكى ئۆز ئۆزىگە بولغان ئە-شەنچىنىڭ يېڭىباشتىن تولۇپ تېشىۋاتقانلىقى-نى ھېس قىلدى.

شۇ ئەسنادا ئاتىنى خىزمەتكە ئاپىرىپ - ئە-كىلىدىغان پىكاپنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى.

ئاتىسى ئىشىكنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوغلىدىن سورىدى:

— ئاخشام نېمىشكە تىيانشانغا بارمىدىڭلار؟

— ئايرىلىشىپ كەتتۇق، — دېدى ئوغلى بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن.

— مەن تەختتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ، بىراق بۇنىڭ ھېچقىسى يوق. ئوغلۇم! ئوغلۇم! ئوغلۇم!

ئاتىسىنىڭ ياشانغان كۆزلىرىدىن ياش تام-چىلىرى لۆمۈلدەپ چىقىشقا باشلىدى. ئوغلى ئىككى قولىنى ئاتىسىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە قو-يۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئاخىرلىششش — يېڭى باشلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. مەن شۇنىڭغا ناھايىتى خۇشكى، ئەمە-دى مەن ئۆز نۇرۇمنى سىزنىڭ نۇرىڭىزسىز چاقنىتىدىغان بولدۇم، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئوغلۇم! ئوغلۇم! ئۇنىڭ ئاۋازى-نى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەت.

(بېشى 68 - بەتتە)

ھەمپىندىن 10 يۇەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقاردى.

«ئاقساق» بېشىنى چايقىدى:

— قايتۇرىدىغان پارچە پۇلۇم يوق.

چەتئەللىكمۇ بېشىنى چايقىدى، بۇ ئۇنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن دېگىنى ئىدى.

«ئاقساق» بىرياقتىن قول ئىشارىتى قىلىپ، بىر ياقتىن چالا ئەدەبىي تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— مايلا پۇل ئالمايمەن، ئۆزىڭىز مايلىۋېلىڭ!

شۇ چاغدا، توپلىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلار ئارىسىدىكى كۆزى ئاچايىپ ئۆتكۈر قاساپ «بىرلا پىچاق» ھېلىقى پاكار، دوغىلاق چەت-ئەللىكنىڭ كىچىك فوتو ئاپپارات بىلەن مەنزى-رە ئالماپ، «ئاقساق» نىڭ قىزغىنلىق بىلەن ھۈنەر كۆرسەتكىنىنى كۆتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

«ئاقساق» قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدا مەغرۇر-لۇق ۋە ئىپتىخارلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلىپ، كىرپىكلىرى شادلىق بىلەن لىپىلدىماقتا ئىدى.

ئىككى چەتئەللىك ساياھەتچى نارازى بو-لۇپ كەتتى، «ئاقساق» ئىنتايىن ئەدەپلىك ھالدا ئۇلارغا قولىنى پۇلاڭلاتتى:

— گود بەي — ئامان بولۇڭ!

ئۇزاق ئۆتمەيلا، «ئاقساق» دېگەن لەقەم پىنسىيىگە چىقتى. ئۇششاق باللار ئۇنى كۆر-سىلا، قىزغىنلىق بىلەن ئەترابىغا ئولىشىۋېلىپ: «پارقىراق تاغا» دەيدىغان بولدى.

بۇ شەھەردە «پارقىراق تاغا» نى تونۇماي-دىغان كەم بار دەيسىز!

«ياشلار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 9 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.»

# تۇنجى ئەسەر

## شېئىرلار

### ئەكبەر داۋۇت

### دولقۇنلايدۇ بىر سۆيگۈم دىلدا

دولقۇنلايدۇ بىر سۆيگۈ دىلدا،
ئۆركەشلىگەن دېڭىزدەك گويا.
شۇ دېڭىزدا ئۈزگەن خىيالىم،
ئوخشاپ قالدى يالغۇز قېيىققا.

خىيال سۈردۈم سۆيگۈم ئۈچۈن مەن،
مۇھەببىتىم لاۋۇلدار ئوتتەك.
سۆيگۈ ئۈچۈن ئۇرغۇيدۇ يۈرەك،
قەلبىم مېنىڭ پاكتۇر ئاق سۈتتەك.

### مەن تېخى بىر سەبى بالىمەن لېكىن

مەن تېخى بىر سەبى بالىمەن لېكىن،
يۈرىكىم قېتىدا بىر كۈچلۈك ئازاب.
ئۈمىد ھەم ئارزۇم غايە ـ ھەۋەسىم،
كېتەرمۇ مەن بىلەن ۋاقىتنى قوغلاپ.

### تۇرپاندادۇر

بار دېمەك يەرنىڭ يۈرىكى، يۈرىكى تۇرپاندادۇر،
بولمىسا ئۇرغۇمدۇ ئوت، ئوت ئۆزى تۇرپاندادۇر.
كۆكتە يۇلتۇز چاقنىسا تۇرمايدۇ بوش يەرمۇ ھامان،
كۆر ئۈزۈم جۇلالىسىنى تەك يۇلتۇزى تۇرپاندادۇر.
تۇردۇ قىسسەسىنى ئەسىر بويى ئېيتقان پېتى،
ئىددىقۇت ـ ئەجداد كۈيى ئەجداد ئىزى تۇرپاندادۇر.
قەلبىمدە ئاققان كەبى مېھرى ـ مۇھەببەت ئۆركىشى،
ئاقىدۇ يەر تەكتىدە كارىزى تۇرپاندادۇر.

## تەنھا ھېسلىرىم

كېچىلەردە ئۆزۈم يالغۇز كەزسەم دالا،
قوچاق ئاچار جىمجىت كېچە، ئەركە شامال.
تەنھا كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دەمدىكىن - تاڭ،
ھەمراھ بولۇپ مۇڭدىشىدۇ چوڭقۇر خىيال.

ئاھ، تەنھايى، نېمە ئۈنچە تۈگمەيدۇ،
شۇنچە ئويلاپ يېتەلمىگەن خىياللىرىڭ؟!
ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ كېتەمدىكىن خىيال بىلەن،
قاچان ئىشقا ئاشار سېنىڭ تىلەكلىرىڭ!

1988 - يىل 22 - ماي، دالانكارىز

## چۈش

گۈگۈم سۆيگەن زەڭگەر رەڭ دېڭىز،
ئۇزەر ئۇندا مۇڭدىگەن قېيىق.
يىرتىق - ياماق يەلكەنلىرىدە،
«ھايات» دېگەن بەلگىمۇ ئېنىق.


ئۇزەر قېيىق ئۇپۇققا قاراپ،
تىرىشۋاپتۇ پۈلتۈزنى دېڭىز.

ھالسىز قېيىق ئارقىدا قالغان،
ئارمانغا تەلپۈنۈپ ئۈنسىز.

قاراڭغۇمۇ يۇتتى ئاخىرى،
شۇ قېيىقنى دېڭىز قوينىدا.
ئۇيۇقلاردىن سوزۇلغان قىزغۇچ ——
ئىزلا قالدى تىنچسىز دولقۇندا.



ئەكبەر داۋۇت (تەنھايى) 1970 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پىچان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى تۇرپان دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تەنتەربىيە سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىققان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازدى.



# مېنى كەچۈرەمسىز؟

(ھېكايە)

ھەمەت ئابدۇللا

قەدىرلىك رەھىم:

مېنىڭ خىجالەتچىلىك ۋە پۇشايمان ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان خېتىمنى كۆرۈپ سىزنىڭ قانداق كۆز قاراش ۋە ھېسسىياتلارغا كېلىشىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن. مېنىڭ سىز بىلەن سوقۇشۇپ چوڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمنى بىلگەن كونا مەھەللىدىشىم مايمۇنە (ھېلىقى سىز بىلىسىزغۇ، بىزنىڭ ئۆيگىمۇ بىرنەچچە قېتىم كەلگەن. ئىككى ئەردىن ئۈچ بالىلىق بولۇپ، ھېلىمۇ تۇل ئولتۇرغان ھېڭگاڭچىش قارامۇتۇق ئايال) مېنى ئۆزىگە دوست تۇتۇۋالدى. ئۇ مېنى ھەدېسە كىنو - تىياتىرلارغا، ئولتۇرۇشلارغا باشلاپ بارىدىغان بولدى. ئاتا - ئانام ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ئارىلاشماسلىقىم ھەققىدە ياخشىمۇ، يامانمۇ گەپلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئەسكەرتىپ باقتى. لېكىن مەن ئۇنى بار كۈچۈم بىلەن ئاقلايتتىم. مەن سىز بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرۈۋاتقان ۋاقتىمىدىلا ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم كېلىپ، مېنى گۈش - گۈشلەپ سىز بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشىم ھەققىدە قۇلاق قاقاتتى. ئۇنىڭ بىر قېتىم ماڭا «سۇغارغىلى سۇيۇق بولسا يەر تولا، ھۆسنۈڭ بىلەن بىگىسىڭ بولسا ئەر تولا»، ئاجرىشىپ كەتكىن! مەن سېنى تۈمەنكويلاپ پۇلى بار ئوقەتچىدىن بىرىنگە تونۇشتۇرىمەن، ئۇ سېنى ئۇنچە - مەرۋايىتقا يۆگىۋېتىدۇ، دەيتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە گول بولۇپ نى شېرىن خىياللاردا بولاتتىم ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىلەن ئاجرىشىش مەقسىتىدە يېتىم ئۇكىلىرىڭىزنى قەستەن خورلاپ ئۇرۇش - ماجرا چىقىراتتىم.

... ئۆتكەن يەكشەنبە مايمۇنە بىلەن ئىككىمىز قوچاقتەك ياسىنىپ كوچا ئايلاندۇق. مايمۇنە كوچىلاردىكى كاۋاپچى، ئاشپەز، قاسساپلارنىڭ ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك تونۇشىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن كاۋاپمۇ يېدۇق، سامسىمۇ يېدۇق، لېكىن ھېچقانداق پۇل تۆلىمىدۇق، پەقەت ئۇلارغا مايمۇنە نېمىلەرنىدۇر ۋەدە قىلىپ قويۇپلا كېتىۋېرەتتى... بىز بىر گەزمالچى يىگىتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، مايمۇنە ئۇنىڭ بىلەن ئاللىنېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. ئۇ يىگىت مېنى ئىشارەت قىلىپ مايمۇنەنى نېمىگىدۇر ماقۇل كەلتۈردى.

مايمۇنە خۇشال ھالدا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئاخشاملىققا ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىمىزنى، ئۇ بىر ئاغىنىسى بىلەن بىزنى ئۆيىدە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى...

— ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىچۇ؟ — دەپ سورىدىم مايمۇنەدىن.

— ئۇ ئايالنى ئالدىقاچان قويۇۋەتكەن، ئۇ بۈگۈن ئاخشام سېنىڭ بىلەن پۈتۈشۈپ قالسا، بېشىڭغا بەخت قۇشىنىڭ قونغىنى شۇ، — دېدى.

گەپ كىردى. بىز مايمۇنە بىلەن ھېلىقى سودىگەر يىگىتنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۆي كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك ياسىداق ئىكەن. بىزنى سودىگەر يىگىت بىر ئاغىنىسى بىلەن ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار بىزنى ئوبدان مېھمان قىلدى. ئۇلار ئاق ھاراق ئىچتى. مېنىڭ ئىچمەيمەن دېگىنىمگە ئۇنىماي، ماڭا قىزىل ھاراقتىن خېلى كۆپ ئىچكۈزدى. مەن ئوبدانلا تەڭشەلدىم. ئىككى ئەر كىشى نېمىلەرنىدۇر ئىشارەتلەشتى. ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئاغىنىسى مايمۇنەنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، ئۇنى تاشقىرىغا ئەپماڭدى. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقاي دەپ مېڭىشىمغا سودىگەر ئىشىكنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۇيەر-بۇيەرلىرىمگە قول ئۇزارتىپ تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلغىلى تۇردى. تۇيۇقسىز تاشقىرىدىن بىر ئايال ۋە ئىككى ئەر كىشى بوراندەك گۈلدۈرلەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن قورققىنىمدىن چىقىراپ كەتتىم. ئۇلار قولىدىكى تاياق-توقماق بىلەن بىزنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىمىزگە غەزەپ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بايا — ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، سىز بىلەن توي قىلىمەن، دەپ ماڭا ئالللاقانداق يالغان-ياۋىداق ۋەدىلەرنى بەرگەن سودىگەر ئەمدى:

— ۋاي خوتۇن، جېنىم خوتۇن، مەن ساڭا ناماقۇل، مەن ئېزىپتىمەن، مۇشۇ ئالۋاستىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپتىمەن، — دېگىنىچە يەردە ئۆمىلەپ تاشقىرىغا قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۈستەل ئۈستىدىكى نەرسىلەر چېقىلىپ كۆككۈم-تالقان بولدى. ئايال مېنىڭ چېچىمدىن سۆرەپ كارىۋاتتىن پەسكە چۈشۈردى، ئەرلەر مېنى دەسسەپ قانغا بويىۋەتتى، ئۆينىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر يىغىلدى. ئۇلار ماڭا ئۈچ ئاغرىتىش ئورنىغا لەنەت-نەپرەت ئېيتىپ تۈكۈرگىلى تۇردى.

مەن تاياق ۋە خورلۇقتىن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، ئەتىسى قارىسام پۈتۈن ئەزايىم قان ۋە لاي توپىدا بولغانغان يىرگىنىشلىك بىر قىياپەتتە دوختۇرخانىدا ياتىمەن. ھازىر ئەسلىشىمچە ھېلىقى مېنى ئۇرغان ئايال چىرىكلىشىشكە قاراپ ماڭغان ئېرىنى مارىلاپ يۈرۈپ نەق ئۈستىدىن چۈشكەندى.

قەدىرلىك رەھىم:

بۇ رەسۋاچىلىقنى سىزدىن يوشۇرۇشىمنىڭ ئورنى قالمىدى. ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغىنىدەك، بۇ ئىش خەلقى-ئالەم ئىچىگە پۈر كەتكەندىن كېيىن، يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىدىم. شۇڭا مەيلى مېنى كەچۈرۈڭ، مەيلى كەچۈرمەڭ بارلىق سۆزنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ زەرداپقا تۇشۇپ كەتكەن يۈرىكىمنى ئازراق بولسىمۇ بوشىتاي دېدىم. بىلىمەن كىشىلەر ماڭا لەنەت-نەپرەت ئوقۇيدۇ، مەن ئەمدى ئاتا-ئانام ۋە باشقىلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟!...

يېقىندا مەن ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن نېمىشقىدۇر بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك تا ھازىرغىچە ياشاپ كەلدىم، بەلكىم بالىلىرىمغا ۋە سىزگە نىسبەتەن پۈشايمان ئوتىدا بىراقلا گۈلدۈرلەپ يانغان مۇھەببىتىمنىڭ قۇدرىتىدۇر، ياكى شۇ تاپتا پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇققا پۈركەنگەن چىقىش يولۇمدىكى زەررىچە يورۇقلۇق ئۈمىدىمنىڭ شاپائىتىدۇر، ياكى...

# تۇرپان پاراگلىرى

مەن بىرقانچە يىللىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق تۇرپان رايونىدا تارقىلىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا يۆتكىلىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تۇرپان پاراگلىرىنى توپلاپ رەتلىدىم. بۇ جەھەتتە ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئىبراھىم ھەمدۇللاغا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

## چال، ئوغلۇم چال!

ئاپەتلىك يىللارنىڭ بىر كۈنىدە ئۇزۇن قالپاق كەيگۈزۈلۈپ، سازايىغا ئېلىپ چىقىلغان بىر توپ كىشىلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز بولغان بىر ياش بالا سەپنىڭ ئالدىدا مۇزىكانتلارغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن ماھارىتى بىلەن راۋاب چېلىۋاتقان ئىكەن. بۇنى ئاتىسى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئوغلىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— چال، ئوغلۇم چال! ئاپاڭنىڭ قىز تويىمۇ بۇنىڭچىلىك قىزىمىغان، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغلى ئىزا تارتقىنىدىن راۋابنى قولتۇقىغا قىسىپ، سەپتىن چۈشۈپ قاپتۇ.

## ھېلىمۇ تۈياق دېمىدى

ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ باشلىقى بىر قېتىملىق ئەزالار چوڭ يىغىنىدا سۆز قىلىپ:

— بۈگۈنكى يىغىنىمىزغا ئەر - ئايال بولۇپ جەمئىي مۇنچە دانە ئەزا قاتناشتى، — دەپتۇ.

يىغىنغا قاتناشقانلاردىن بىرسى بۇ گەپنىڭ توغرا دېيىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغان بىر پېشقەدەم دېھقانغا:

— ئاكا، بىز ئادەم تۇرساق «دانە» دەيدىغۇ بۇ قانداق گەپ، — دەپتۇ جاۋاب كۈتۈپ.

ھېلىقى پېشقەدەم دېھقان ئۆزىنى تۈۋالغان ھالدا:

— شۈكرى دەڭ! ئۇكام، ھېلىمۇ بىزنى تۈياق دەپ قويمىدى، — دەپتۇ جاۋابەن.

## تويغۇچە يېگەن

ۋارقىراپ سۆزلىمەسە ئاڭلىيالمايدىغان بىر كىشى، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ئاغىنىسىنى يوقلىغىلى بېرىپتۇ.

— ئاغىنە، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئاز - تولا تاماق - پاداق يەۋاتامسەن؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ ئۇ.

كېسەل ئاغىنىسى دوختۇرخانا ياتاقلىرىنىڭ تارلىقى ناچار ئىكەنلىكىنى دېمەكچى بولۇپ:

— مۇشۇ ياتاقتا ئىس - تۈتەك، بوسچاقلارنى يەپ يېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ پەس ئاۋازدا.

ھېلىقى كىشى گەپلەرنى تولۇق ئاڭلىيالماي، كېسەل ئاغىنىسىغا تەسەللى بەرمەك بولۇپ:

— ناھايىتى ياخشى، قورسىقىڭ تويغۇچە يېگىن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان كېسەل ئاغىنىسىنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

## مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە

يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى دەرس ۋاقتىدا: — ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىڭلار! — دەپ ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇق بېرىپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئادەمنىڭ رەسىمىنى كېلىشتۈرۈپ سىزالماپتۇ. بىر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىغا بىر ئۆينىڭ رەسىمىنى سىزىپ كۆرسىتىپتۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىدىن:

— سىزغان ئادىمىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچى دەرھاللا:

— مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە، — دەپتۇ. ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## ئاش تېتىقى قىلالاتتىمۇ؟

بىر سۇنئەتچى كىشى ئاغىنىسىنىڭ كىچىك ئوغلىنى خەتنە قىلىپتۇ. ئاغىنىسى ئوغلىنىڭ يىغلىغانلىقىغا قاراپ، سۇنئەتچى ئوغلۇمنىڭكىنى چوڭراق خەتنە قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ:

— شۇنداقمۇ چوڭ خەتنە قىلغان بارمۇ، باشقا باللارنىڭكىگە ئوخشاشلا قىلساڭ بولمامتى، — دەپتۇ.

سۇنئەتچى ئاغىنىسىنىڭ كايىغىنىغا ئاچچىقلىنىپ:

— مۇشۇ چاققىچە 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىككى خىل خەتنە قىلىپ باققىنىم يوق، ئاغىنە سېنىڭ بالاڭنىڭكىدىن چوڭراق كېسىۋېلىپ ئاش تېتىقى قىلاتتىممۇ - ھە؟ — دەپتۇ جاۋابەن.

## كۈن چىقامدۇ

مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە سەييارە كىنو قويۇش گۇرۇپپىسى كېلىپ، كەچتە دېھقانلارغا كىنو قويۇپ بېرىپتۇ. بىراق كىنو ئاپپاراتى تولا بۇزۇلۇپ كىنو فىلىمىنىڭ يېرىمى تۈگىگۈچە تۈن تەڭ بولۇپتۇ. كىنو كۆرگۈچىلەر بىزار بولۇشۇپ بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلاپتۇ. بىر بوۋاي مۈگدەپ قالغان نەۋرىسىنى نوقۇپ:

— يۈر، ئۆيگە كېتەيلى، — دەپتۇ.

كىنوغا ھېرىسمەن نەۋرىسى ئۈمىد ئۈزمىگەن ھالدا:

— يەنە بىر ئاز ساقلايلى، كىنىدىن نېمە چىقاركىن؟ — دېيىشىگە بوۋاي جاۋابەن:

— ئەمدى بۇنىڭ ئارقىسىدىن نېمە چىقاتتى، كۈن چىقامدۇ! — دەپتۇ.

توپلىغۇچى: مۇھەممەت نىياز

# شەھەر ئۇيقۇدا...

(ھېكايە)

شۆھرەت شاۋۇدۇن

مەلۇم شەھەر...

× × ×

1

شەھەر باشلىقى ئىشخانىسى: 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

— باشلىق، بۇ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغرىسىدىكى لايىھىسىكەن.. دېگىنىچە بىر تۇتام ماتېرىيالنى كۆتۈرۈۋالغان كاتىپ كىرىپ كەلدى.

— ھە، ھە، ئۇقتۇم. بۈگۈننىڭ كۈن تەرتىپىنى بىكار قىلىڭ، ئىشلەنمەكچى بولغان خىزمەتلەرنى ئەتىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈڭ. بۈگۈن تۆۋەنگە چۈشۈپ پارتىيە ئىستىلى ھەققىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرمەكچىمەن. ئاڭلىشىمچە، ماشىنا ئىشلەتمەي، پىيادە، ۋېلسىپىتلىك خىزمەتكە كېلىپ - كېتىۋاتقان ئىدارە - ئورگان باشلىقلىرى كۆپىيىپتۇدەك. ئۇلارنى تېگىشلىك رىغبەتلەندۈرمەي بولامدۇ؟ — باشلىق ئۆز سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ قول شىلتىپ قويدى.

پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى پىيادە خىزمەتكە كېلىپ - كېتىش بولسا كېرەك، دەپ چۈشىنىپ قالغان كاتىپ دەققە ھاڭ بېقىپ قالغاندىن كېيىن، قىلچە ئەكس ئىپادە بىلدۈرمەستىن «خوپ» دېدى - دە، چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە بىر كەسپداشنىڭ: «باشلىققا ياخشى كۆرۈنىمەن، خىزمىتىمنى داۋاملىق ئىشلەيمەن دەيدىكەنسەن، بىر ئېغىزلا سۆز ‹خوپ› نى چىقىش قىل» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىغانىدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

— باشلىق بۇ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كونكرېت ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىكەن.

— ھە، ھە، ئۇقتۇم. كۈن تەرتىپىنى ئۆزگەرتىڭ. بۈگۈن شەھىرىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشىدا قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچىمەن. سىز زە گېزىت كۆرمەيدىكەنسىز - دە، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە.

خوپ...

(ئاخىرى 64 - بەتتە)

# ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن تاللانما

## ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

### دېڭىز

**ئاگرەن [فىنلاندىيە]**

ئۇپۇققا
بىر يولۇچى ئاتتى ئۆزىنى.
بەلكى، بىر ئۇۋچى
مىڭ تەسلىكتە ئالدى قارىغا،
ئوققا تۇتماق بولۇپ بەختىنى.
دەسسىتىشكە ئۇرۇنار ئۇلار
مەڭگۈلۈك بىر مەۋجۇدىيەتنى.

### ئاكلا

**كارپىلان [فىنلاندىيە]**

ئاكلا،
يوق جىملىقنىڭ ئىچىدە سۈكۈت:
تىرناق تام.

**بۇ يولمۇ، بەلكىم ...**

**نۇرىن [شۋېتسىيە]**

بۇ يولمۇ، بەلكىم
تۇتاشمىغان ھېچ قانداق جايغا.
لېكىن، بەزىلەر
ئۇ تەرەپتىن كېلەر بۇ ياققا.

### يىراقنىڭ ئاۋازى كەتتى يىراقلاپ ...

**ئانفاۋا [فىنلاندىيە]**

يىراقنىڭ ئاۋازى كەتتى يىراقلاپ
يېقىن يەر ساداسى كەلدى يېقىنلاپ،
دەرەخ ۋە سۇلارنىڭ ئاراشلىرىدىن
شامالالار پاناگاھ ئىزدەيدۇ شۇ تاپ.
دولقۇنلار يېپىشماس، ئايرىلماس ھەمدە
ئورمانلار تېخىمۇ بوپ كەتتى قويۇق.
قاراڭغۇلۇق ۋۇجۇدى بۇ يەرگە بۆسۈپ،
كىرىشەر ھەر ياندىن تېپىشىپ يوچۇق.

### ئېچىرقىغان دېڭىز

**لۇگەرى [نورۋېگىيە]**

ۋىژىلدىتار مايكنى شامال.
ماياك تۈندە نۇر چاچار تىنماي.
— ئۈمىد نۇرى چاقنار كۆزلەردە.
دېڭىز لەۋسىز چىشلىرى بىلەن،

يالماپ ئاخىر قانغاندا ئىشتەي.
جىملىق ئارا توختايدۇ مەۋجى.
تىمتاس جۇدۇن چايكىلىرىنىڭ،
كىرىستىلىرى يالتىرار تاڭدا.
تۆرەلدى شۇ تاڭ
قايغۇسىدىن
ھوشيارلىق ھەم ئويغىنىشلارنىڭ.
دېڭىزدىكى قاپقارا دولقۇن
قىزنىڭ قارا كۆڭلىكى گويا.
ئاسمان دېڭىز تۇتاشقان يەردە
ياتار پىنھان زۇۋانسىز يۈرەك.

## ئۆلگەن ياشلىق

گىل [ نورۋېگىيە ]

ئۆلگەن ياشلىق!
يەتتى قوغلاپ چىشى بۇغىنى،
قاۋاپ تۇرغان ئوۋ ئىتى.
گىگانت بىر ئوۋچى
تۇرۇپ ئۇنىڭ قاراۋۇللۇق ئورنىدا،
جىمجىتقىنە كۆزىتەر شۇ تاپ
ئوۋ ئىتىنىڭ ئىككى قولىنى.

## دېڭىز

ستاناۋىر [ ئىسلاندىيە ]

بارىمەن ئاستا
قىزغان قۇمساڭغۇ ساھىلىنى بويلاپ،
يوچۇن بىر دېڭىزنىڭ شاۋقۇنى كېلىپ،
قانلىرىم كۆيىگە كەتتىم سىڭىشىپ.
خۇشلاشقان چېغىمدا ھەر بىر پورتتىن،
دېڭىزنىڭ كۆكسىدە ئۆرلىدى دولقۇن.
دېڭىزنىڭ نامەلۇم چوڭقۇرلۇقىدا،
كۆمدۈم مەن بىلگىنىم، ئىرادەمنى ھەم.
بەلكى، شۇ بىلگىنىم بولمايدۇ تەكرار.
مەن — دېڭىز
ياكى شۇ دېڭىز مەن ئۆزۈم.

---

(بېشى 40 - بەتتە)

ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بېيىغاندا خەلقنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، بىر نەچچە قېتىم ئىدارە - جەمئىيەتلەر ئۇيۇشتۇرغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە پۇل ئىئانە قىلغانلىقىنى ۋە بۇندىن كېيىن داۋاملىق شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھازىر خالىقجاننىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمۇ ياخشى بولۇپ، توققۇزى تەل ئىكەن، بىراق، ئۇ ئۆزىگە نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىك قىلىۋاتقىنىنى، يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى سېزىدىكەن...

مەن خەيرلىشىش ئالدىدا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ شۇنداق دېدىم:

— سىزنىڭ يولىڭىز تېخى ئەمدىلا باشلاندى، مەن خەلققە ۋەكالىتەن سىزنىڭ بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، بۇ يولنى ئۇپۇق باغرىغىچە تۇتاشتۇرۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن!

1988 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# ئوتلۇق چەمبەر

(تارىخىي رومان)

خىزمەت ئابدۇللىن

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

## XV

ئورخون ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالتۇن ئوردىسىنى ئېلىش بىلەن زور داغدۇغا سەلتەنەتلەرنى كۆتكەن ئاجونويان، يالغۇز بالىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، مىسلىسىز ئېغىر ماتەم قايغۇسىغا چۆمدى. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز مابەينىدە ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي، غىزا - تائامسىز، زۇۋانسىز تەنھا ئولتۇردى. شۇ يوسۇن ئېغىر ھەسرەتتىن كېيىن، ئوردا ھويلىسىغا چىققان قولباشچىسىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭ تامامەن قېرىپ، بىتاپ ھالەتكە كەلگەنلىكىنى بايقىدى. تېخى كۆڭۈل ئېيتىپ ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنىڭ ئۆز قولباشچىسىغا مەدەت بەرگۈسى كېلەتتى، لېكىن لايىق ئوقۇشلۇق سۆزلەر تاپالماي خىجالەت بولاتتى... بۇ ئەھۋالنى سېزىپ تۇرغان قېرى نويان ئەمدى تېخىمۇ ئوتتۇقۇشۇپ، ھەتتا قارىيىپ قالغان قاپاقلىرىنى مەيۈسلۈك بىلەن ئۇۋۇلىغان ھالدا ئوردا سارىيىنىڭ پەشتاق مۇنارىسىغا كۆز تىكتى - دە، ئۇنىڭغا چىقىشقا بولامدۇ؟ دەپ سورىدى.

— چىقىش يولى ئوپ - ئوڭاي!...

— ئالدى بىلەن بىر ئاز تائام يېسەڭ بولۇر ئىدى، ئۇلۇغ بىلگەخان!... — دېيىشتى ئەتراپىدىكىلەر.

— تائامنى كېيىن، كېلىشىم ئۈستىدە يەرمەن. ئەمدى قېلىچ - نەيزە ئاستىدا تەۋرەنگەن يەرلەرگە، ئۇ يەرلەردە ياتقان ئەرلەرگە... ئارلان ياتقان ئاشۇ لەنەت قۇردۇمدىكى ئوپقانغا بىر قارايچۇ، بۆرىلىرىم!... — دېدى ئۇ ئالاھىدە مېھرىبانلىق، ھەتتا ھەركىم ئېچىنغۇدەك مەيۈسلۈك بىلەن.

نويان پەرەز قىلغىنىدەك مەزكۇر پەشتاقتىن پۈتۈن شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈنەتتى. ھەممە تەرەپ، بولۇپمۇ قۇياش ئىللىق نۇر چېچىپ چىققان، ئەتىيازنىڭ ئەكسى بار ئەتىگەنلىكى پەۋقۇلئاددە يارقىن ئىدى.

قېرى نويان ئوتتۇققان قاپاقلىرى ئاستىدىكى ئوۋچىلارغا خاس ئۆتكۈر ۋە بايقىغۇچ كۆزلىرىنى دەسلەپ جەڭ بولغان كەڭ ساي، ئويمانلىققا تىكىپ، ئۇ يەرلەردە ياتقان مىڭلىغان جەسەتلەرنى، ئۇ جەسەتلەر ئەتراپىدا يۈرگەن ئىت، قۇش - قۇزغۇنلارنى بايقىدى؛ ئاندىن ئۇ شەھەر ئۈستىگە كېلىپ تىكلەنگەن نەزەرىنى غەربىي - جەنۇب تەرەپتىكى لەنەتلىك قۇردۇمدىكى ئوپقان تەرەپكە سېلىپ، خۇددى شۇ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆڭۈلسىز ھور - چاڭ تۈتەكلىرىدەك ئوي - خىيالغا چۆمۈلدى:

«نېمىگە شۇنداق ئالجىدىم مەن!... ئۇزاق ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى شۇ ئوپقان ئەتراپىدا ئۆتكۈزدۈم، نېمىگە ئارلان ئوغلۇمغا ئۇنى ئۇقتۇرمىدىم، ھە؟ نېمىگە ئۆزۈم ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، چوڭ يىلان قارنىغا كىرىپ كەتمىدىم!... يا بولمىسا يەر تەڭرى، كۆك تەڭرى ئالدىدا بىزدىن گۇناھ ئۆتتىمۇ؟ ياق! ياق! بۇ ئۇرۇش - قىرغىنغا سەۋەب بولغان بىز ئەمەس، بايخان ياۋۇز...»

قېرى نويان ئاخىرى ئۆز ئوي - خىياللىرىنىڭ قايتا - قايتا مەزكۇر مۇرەككەپ تۈگۈنىگىلا كېلىپ تىرىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي بەرگەندەك، يەنى پەقەت ھالاك بولغان ئۆز ئوغلىغىلا غەمكىن ئاتىسى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئەلنىڭ ئاتىسى سۈپىتىدە مۇرەككەپ، ئېغىر ئويلارغا چۆمدى. ئۇ ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ غالىبىيىتىگىمۇ، قارا قۇردۇمنىڭ ئالتۇن ئوردىسىدا ئولتۇرغانلىقىغىمۇ رازى بولمىغاندەك، ھەتتا شۇنىڭ بارلىقىنى گۇناھ - كۇپۇر قىلمىشتەك سېزىپ تېخىمۇ مەيۈسلىنىپ كەتتى. ھەر ھالدا يەنە ئۆزىنى ھەقىقىي ھەربىي ئادەملەرچە تۇتۇپ، بولارى بولغان ئىشنى ئاياغلاشتۇرۇش،

بولۇپمۇ ھېچ گۇناھسىز چارۋا - پۇقرالارنىڭ ھاياتى — تۇرمۇشىنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك رەتكە سېلىنىش كېرەكلىكىنى ئويلىدى - دە، بايخاننى پۈتۈنلەي يوق قىلىپ، ئۇدزەر تېگىننى قورالسىزلاندۇرۇش ياكى بۇ ئەتراپتىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك! دېگەن قەتئىي قارارغا كەلدى.

× × ×

قىزا ئۆتمەستىدىكى كېڭەشتە ئاجونويان سەردار، تۇتۇق ۋە تارخانلىرىدىن شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە خەۋەر ئاڭلاپ، بىر قاتار يولىيورۇقلارنى بەرگەندىن كېيىن، ئاساسىي بويرۇقىنى ئېلان قىلدى:

— ئۇرۇشنىڭ بارلىقى ئۆلۈمسىز بولماس، باغىرلىرىم بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەن بىزدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى. ئەمدى بىز پەقەت قورال - ياراقلىق ياۋغا ياۋ بىز. ئۇدزەرگە شۇنى خەۋەر قىلىڭلار؛ ئۇ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، بايخاننى شەخسەن ئۆزى قوغلاپ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن يەنە سەردارلارنىڭ مەسلىھەتىگە تەن بېرىپ، بولغۇن باتۇر بىلەن تىكچى توغان تۇتۇقنىڭ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن «ياۋۇزنىڭ بېشى» نى ئېلىپ كېلىشكە، ئەگەر ئۇنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تەسلىم بولمىسا، ئۇلارنىمۇ تولۇق قىرىپ تاشلىشىغا كېلىشىپ ئىجازەت بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوردىدىكى قىرى - چۆرە، خوتۇن - بالا ئەسىرلەر ئارىسىدىن تەيخى بىلەن ئۆلىما تۇردالىم چالىنى چاقىرتتى ۋە ئۇلارغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل قارارىنى ئېيتتى... ئېيتقاندا، يەنە چوڭ دىپلوماتلىق دەلىللەر، غالىبىيەت قازانغان تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانىغا خاس سەۋرى - تاقەت بىلەن ئېيتتى: تۇردالىم چالغا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى — بايخاننىڭ ياۋۇز سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى دەپ چۈشەندۈرگەچ، ئۇنىڭ ئىزگو-يۇرتى — تۇرپان - قەشقەر تەرەپلەردىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار قاتار، ئىناق ياشاۋاتقانلىقىنى، تەڭرى خالىسا ئاخىرى بىر چاغ ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلار بىلەن قايتا جىپسىلىشىدىغانلىقىنى، شۇ ئۇلۇغ بىر جىپسىلىققىلا ئىنتىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇنىڭ يەنە مۇشۇ ئوردىدا ياشىشى، ئۆزى كۆرگەن ۋەقەلەرنى يېزىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى.

— مەن يازدا ئۆتىدىغان كارۋانلار بىلەن كەتمەكچى ئىدىم، خان، — دەپ ئۆزىنىڭ ئەينى ئويىنى ئېيتتى ئالىم، — بىراق سىزنىڭ تارىخىڭىزنى يېزىش كېرەك، راست، ئاندىن تاشقىرى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەزىز بولغان بىرقانچە جەڭلەردىن ئايرىلغۇممۇ يوق...

— ھەي، بىلگە قۇت چال، مەنمۇ سىزنىڭدەك كۆپ ياشىغان، كۆپنى كۆرگەن، بىراق، خەت - يېزىق تونۇمايمەن. ئاڭلىغىنىم بار، تابغاچ ھەم ئەرەب ئەللىرىدە ئايرىم بىلگە كۈچلۈك بەگ، خان، باتۇر نويانلارنى ئۇلۇغلاپ كىتابلار يازاركەن... يالغانلار قوشاركەن... بىزدە ئۇنداق ئادەت يوق. نېمە ئۈچۈن مېنى يازۇرسەن؟ بولغان چىن ۋەقەلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش كېرەكتۇر.

— دۇرۇس ئېيتىسەن، خان، — ئاجونىڭ سۆزىنى تەكىتلەپ تېخىمۇ ئېنىقلىدى ئالىم: — پەقەت چىنلىقىنى، بولغان ۋەقەلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىرىنى دەل يېزىش كېرەك. مەن سىزنى ھەم باشقا بەگ، خانلارنى شۇنداق يازۇرمەن... دېمەك، قىلغان ياخشى - يامان ئىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ھەم پۈتۈن خەلقنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ يازۇرمەن! ياقسا قوبۇل قىلارسەن، ياقمىسا بەلكى مېنى ئۆلتۈرسەڭمۇ مەيلى. لېكىن بىر دىنىمىز تىلىمىز شۇل يازمىشنى يوق قىلما، ئۆرتمە.

— كېلىشتۇق، بىلگە قۇت چال، — دەپ قەتئىي ئېيتتى ئاجو، — مەن ھېچقاچان قورالسىز كىشىنى تا ياۋۇنمۇ ئۆلتۈرمىگەن، شۇنى بىلىپ قوي: سىزنىڭدەك بىلگە ئۇلۇغلار بىزنىڭ ئەللەرگە بەك كېرەكتۇر. خالىساڭ يازغا تۇغۇلغان ئېلىڭگە بېرىپ قايتىپ كەل. پەقەت بۇ ئەللەر تارىخىنى دۇرۇس يېزىپ قالدۇرۇش بولمىسا تابغاچلار بۇرمىلاپ يازاركەن...

ئاجونويان خان قىزى تەيخىگە نىسبەتەنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلدى: پەقەت تەيخىنىڭ ئۆزىنى كېچىكتۈرمەي چاڭئەنگە قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا قوشۇلماي، يازغىچە ئوردىدا خاتىرجەم ياشاپ تۇرۇشنى، يازنىڭ ئوتتۇرىدىلا چاڭئەندىن كېلىدىغان خەۋەردىن كېيىن، ئۇنىڭ تەقدىرى يەنى، ئۆز خاھىشىچە يېشىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

— بىرىنچىدىن، ئۆزۈڭ ئېغىر ئاياق ئىكەنسەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇرۇش - چېپىش ۋەقەلىرى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، سېنى ھېچقاياققا قويۇپ بەرمەيمەن! — دېدى نويان، — سەن ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئېرى ئۇھە-

زەر تېگىنىگە قورال تاشلاشنى، يا بولمىسا ئورخون، تولا دەريالىرى بويىدىن يىراق كېتىشنى سوراپ خەت يازـ. تومۇرى بىر خەلقلەرنىڭ يەنە قان تۆكۈشى يارىماس. مېنىڭ ئېلىم بىرلە، مېنىڭ بۇيرۇقۇمدا قالغان يۇرتلارغا ئارتۇق سېلىقمۇ سالمايمەن. ئەمدى ئۇرۇشسام تىبەتلىكلەرگە قوشۇلۇپ ئۇرۇشارمەن!...

— خوپ، كۈچلۈك بىلگە خان، — دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئاخىرقى پىكىرىگە ئېتىـراز بىلدۈردى تەيخې: — سىز هازىر تۇردالىم ئاقساقالغا ئېيتىمىزكى، «تۇرپان، قەشقەر تەرەپلەردىكى ئۇيغۇر، قىرغىزلار بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاق» دەپ... سىزگە مەلۇم بولسا كېرەك، ئۇ تەۋەلەرنى كۆپتىن بېرى ھەربىي كۈچ بىلەن ئىشغال قىلىپ، كېلىۋاتقانلار تىبەتلىكلەردۇر. شۇ چاغدا سىز قايسى باغىر تەرەپ بولۇپ، قايسىغا قارشى ئۇرۇشماق؟! — بۇ مۇرەككەپ ۋە كەسكىن سوئالغا ئاجونويانمۇ بىردىن ۋە ئېنىق جاۋاب بەردى:

— مەن هازىر ئېيتىمەنكى، بىز تۈركلەرنىڭ بارچىسىنى شۇنداق تالاشتۇرۇپ - ئۇرۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سېنىڭ تابغاچ خانلىرىڭغا قارشى ئۇرۇشارمىز! قالغانلار بىلەن تىل تاپۇرمىز. تىل تېپىش كېرەكتۇر.

ئەپسۇس، مىڭلارچە ئەپسۇسكى، شۇ ئەسنادا قىرغىز لەشكەرلىرىنىڭ چارلىغۇچى - تىڭچىلار باشلىقى چاكىنەك توغان تۇتۇقنىڭ ئىككى جىسەكچىسى نويان دەرگاھىغا ئىمدىگاننى سۆرەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئىمدىگان جىسەكچىلەر بىلەن خېلى ئېلىشقان بولۇشى كېرەك، پوكاندەك قىزىرىپ، ئۇستى - بېشى توپا - چاڭ بولۇپ كېتىپتۇ. «ئۇنى ئوردا تاملىرىدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتقان ۋاقتىدا تۇتۇۋاپتۇ - دە،» دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەن هالدا پەرەز قىلدى تەيخې، چۈنكى ئۇ بۇ يەردىكى ئەھۋاللاردىن ئۇدزەر تېگىننى ۋاقىپ قىلىش ئۈچۈن ئىمدىگاننى سەھەرلا ئەۋەتكەنىدى. جىسەكچىلەر قولىدا خېلى قىينالغان بالىغا جېنى ئېچىنىدىمۇ ياكى ئۆز ئالدىغا ئۇسۇپ كىرگەن توغان تۇتۇق جىسەكچىلىرىگە ئاچچىقلانىدىمۇ، ھەر هالدا بۇ ئەھۋالنى ئانچە ياقتۇرمىغان ئاجونويان قەتئىيلىك بىلەن:

— بۇ بالا نېمە قىلدى؟! نېمىگە ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كىردىڭلار!؟ — دەپ سورىدى. توغان تۇتۇق خاتىرجەملىكتە ئۆز ئويىنى ئېيتتى:

— بۇ تەنتەك بالا... — دەپ تەيخېگە ئىشارە قىلدى: — مۇشۇ ئۇدزەرنىڭ خوتۇنى يېنىدا يۈرەتتى. تۈندە ئوردىدىن چىقىپ ئەمدى تامدىن ئارتىلىپ كىرمەك بولغان. تۇتۇپ ئېلىپ سورۇشتۇرسەك بۇ بالىنى قۇردۇم ئەتراپىدىكى ئۇدزەر تېگىن ئىلاقىلىرىنى باقىدىغان ئاتاقلىق ئاچچى توخسۇن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى دېيىشەر. شۇنىڭدىن ئايان بولۇركى، بۇ تەنتەك سۆزسىز سەھەردە شۇ تەرەپتە بولۇپ كەلدى. مىنىڭەن ئېيتى ھەم كۈچلۈك تەرلىگەن، ئەنە ئۆتۈكلىرىنىڭ قونچىمۇ تېز - كۆپۈكلەرگە مىلەنگەن، ئۇلۇغ خان!...

ئاجونويان بالىغا مۇراجەت قىلدى:

— ئاغاڭ دۇرۇس ئېيتۇر، ماڭا بار چىنلىقىنى ئېيتقىن. بولمىسا قاتتىق قامچا باسۇرمىز!

— مەن تابغاچ باخشىلىرى يېنىدا بولدۇم. ئۇلارنىڭ خىچىرىنى مىنىپ چاپتىم.

— بولدى، قوي! ئۆز گۇناھىڭ ئۆزەڭگەدە، بۇ راست، قۇۋ تەنتەككە ئوخشار. توغرا سۆزگە كەلتۈرۈپ كىردىڭلار! يىراق، ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار، ياش بالىكەن.

بۆرىلەردەك قەھىرلىك قاراپ تۇرغان جىسەكچىلەر ئىمدىگاننى گەجگىسىدىن ئالغاندا، چىدامى يۈتكەن تەيخې:

— بىرئاز توختىسۇنچۇ! — دەپ زارلانغاندەك باقتى ئاجونويانغا دەل شۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ سىر بىلدۈرەي، ئارسلان تومشۇقىدەك قېلىن جاۋغايلىرىدا بىئىختىيار ئەكس ئەتكەن مېھىرلىك تەبەسسۇمىنى يېشىپ ئولتۇرغان ھۆكۈمران، قولىنى شىلتىپ يەنە ھەممىنى جىم قىلدى.

— بۇنى ئۇدزەر تېگىنگە مەن ئەۋەتكەن! — ئېتىراپ قىلدى تەيخې، — سىزدىن يوشۇرمايمەن، ئۇلۇغ خان، مەن ئۇدزەر تېگىنگە قان تۆكمەسلىكنى ئوردا ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ يۈرۈش قىلىشنىڭ هاجەتسىزلىكىنى خەۋەر قىلغانىدىم. سىز ئۆزىڭىز هازىر دەل شۇنداق ئۆتۈنۈش ياسا دېگەچكە، مەن بۇ سىرنى ئېيتىۋاتىمەن... بالىدا گۇناھ يوق، ئۇ مېنىڭ ئۇدزەرگە يازغان خېتىمنىمۇ دەل يەتكۈزۈشى كېرەك.

— يارايسەن، يىگىت! — دەپ خۇش بولدى ئاجونويان ئىمدىگاننىڭ بېشىنى سىلاپ، — بىراق، ئۇدزەر ئاغاڭ بىلەن ئاتاڭ نېمە ئېيتتى؟ نېمە قىلماقچى؟ ئەمدى شۇنى ئېيتە، — بولدى ئېيتقىنى ئەركىن چاپ! بايا تەمىن قورشاۋدا قېلىپ، بۆلتۈرىگىدەك غەزەپلىك تىكىلىشىۋالغان چوڭلارنىڭ شۇ خىل ياڭزا -

ياڭزا كېلىشمىلەرگە كېلىپ، ئۆزىنى ھاماقەت قىلىۋاتقانلىقىغا رەنجىگەن ئىدىگسان قەددىنى رۇسلاپ مەيۇس ھالدا:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولا ھەم قوش ئوبا ياققا كۆچۈپ كەتمەكچى، — دېدى ئاجونويانغا، — سەن ئۇنى ئۆزۈڭ قوغلاپ بارمىساڭ، بىزنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۇدزەر ئاغا ئوردىغا، ساڭا چاپمايدۇ.

— بولمامسىچۇ؟

— بولمىسا، سەنمۇ ئاشۇ قۇردۇمغا تاپ بولىسەن!

— بولدى، بولدى، قوي! — دېدى ئىدىگانىڭ قەتئىي ۋە ھەققانىي خۇلاسىسىدىن سەسكەنگەن ۋە رازى بولغان نويان. ھەتتا ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئالاھىدە تېتىك ۋە تەمكىن بالىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئىختىيارسىز ئويلاپ، ئەمدى ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەك بولدى: ئۆز ئاتا-ئانىسى ئۇدزەر تېگىن بىلەن كەتمەكچىمۇ ياكى ئۇلاردەك-لا يېقىن كىشىلىرى — ئۆلمە تۇردالىم بۇۋىسى تەيخسپ ھەددىسى بىلەن قالماقچىمۇ؟...

ئاجونوياندەك شەخسكە شۇنچىلىك بىر مۇرەككەپ پەيتلەردە ئىدىگانغا ئوخشاش نارەسىدە بالا بىلەن مەزكۇر سوئاللار ئۈستىدە تەپسىلىي سۆزلىشىپ ئولتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستەك ئىدى. خەلق ئۇزاق يىللار داۋامى، شىددەتلىك شارائىت-لار، قانلىق يۈرۈش-ئۇرۇش جەريانىدا پولاتتەك تاۋلىنىپ قاتقان، لېكىن ئوتتا ئالماستەك تېز ئېرىيدىغان يۈرەكلىكى بار ئاجو، ئوغلى ئارلاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۆلەكچە چوڭقۇر تەۋرەنگەنىدى. (نېمىشقىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ خىيال تەسەۋۋۇرىدا ئارلاننىڭ سىماسى مۇشۇ ھوشيار بالىنىڭ تۇرقى بىلەن بىرلىشىپ نامايان بولماقتا ئىدى).

## XVI

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتتى. ھەقىقىي ئەتىياز ئېيى «نورۇز» كېلىپ، سابىق ئورخون ئۆلكىسىگە قاراشلىق تەۋەلەر ئاق قار يوپۇقىدىن قۇتۇلۇپ، كۆلدىن-كۆلگە كۆكىرەمەكتە. تامام ئاھالىسىز دېگۈدەك شالاڭلاشقان پايانسىز دالادىكى ئازدۇر-كۆپتۇر ئۇلوس-ئاۋۇللارنىڭ ماللىرى كۆككە تويۇنمىسىمۇ، دەھشەتلىك قار-بورانلاردىن قۇتۇلغاچ، خۇددى بىتاپ ئادەملەردەك ئاستا ئاۋايلاپ، سەنتۈرۈلۈشۈپ يېيىلىشقا باشلىغانىدى. كۆكلەم قۇياشىنىڭ ئىللىق تەپتى تىرىكلىكنىڭ بارلىقىغا بەھرى-ئارام بېغىشلىغاندەك ئىدى.

شىمال تەرەپكە، ئەتىمالىم، تاتار، سۇۋار تايپىلىرىدىن پاناھ تاپماق بولۇپ قاچقان خان بايغانىنىڭ پۈتۈن يۇرتى، يارانلىرى قىرىلىپ، ئۇنىڭ بېشى قارا قۇرۇمدىكى بىر ئېگىزلىكتىكى قورۇلغان مەخسۇس دار ئاستىغا ئېسىلدى. جەڭ مەيدانلىرىدىكى ئادەم ۋە ماللارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى يىغىش، كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن لەشكەر بىلەن ئاھالە مەشغۇل بولۇشتى. خىتاي پادىشاھلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، مەزكۇر دۈشمەننىڭ بېشىنى كېسىپ دارغا ئېسىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ قانائەت ھاسىل قىلغان ئاجونويان، ئۆزىنىڭ قارا ئايغىرىنى مىنىپ ئەتراپنى ئارىلاشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن تېخى ئۆلۈكلىرى تېپىلمىغان مەلۇم سەردارلارنى ئىزلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۈشمەن تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ قولباشچىلىرىدىن بىرى — سا تېگىن جەسىتىنىڭ يوقلۇقى ھەر خىل تەخمىن، تەسەۋۋۇرلار تۇغدۇرۇپ جىددىي ئويلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇ مەيلى ئۆزىنىڭ بولسۇن، مەيلى دۈشمەننىڭ بولسۇن، جەڭدە ئۆلگەن قولباشچى، مۆتىۋەر شەخسلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يىغىپ، ئومۇمىي قەبرى كولىتىپ ئالاھىدە دەپنە قىلدۇرۇش، ئۇنتۇلماس ئۈچۈن مەلۇم بەلگىلەر ئورناتقۇزماقچى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىككىلىمىسىدىنلا، شۇنداقلا شەخسلەرنىڭ بىرقانچىسى ئۆلۈكلەر ئىچىدىن تېپىلمىدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ھەر تەرەپتىن جان كۆيەر ئادەملىرى جەڭ بولغان كۈنلەرنىڭ كېچىلىرى بىر ياقلارغا ئېلىپ كېتىشكەن. قېرى نويانىنى ئىنتايىن خاۋاتىر ۋە رەنجىدە قىلغان يەنە بىر ئەھۋال — ئۆز كىشىلىرى تەرىپىدىن شۇ مەيداندا جەڭ قىلىپ ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن ئېسىل نەرسىلىرىنىڭ تالانغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى، ئەنە شۇنداق خۇنۇك ۋە قالايمىقان ئويلار ئىچىدە جەڭ بولغان مەيداننى كېزىپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمران، كەڭ سايىنىڭ قاپتىلىدا ئۆز پەرزەنتى جەسىتىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان بىر موماينى ئۇچرىتىپ قالدى. موماي بەئەينى چۆچەك-رىۋايەتلەردىكىدەك ئەۋلىيا ئانىلارغا ئوخشايتتى. بىراق ئۇ ئەسلا رىۋايەتلەردىكىدەك ئەۋلىيا ئانىلاردىن بولماي، ئەكسىچە كۆزى كۆرگەن پاجىئەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ...

ئەتەي ئاجونويانى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن.

— ھە - ئە، تولىمۇ گۈزەل بىر ئەلنى، سايماق تېشىدەك ياتقان بۇ ئەرلەرنى، مېنىڭ بۇ ئوغلۇمنى ۋەيران قىلغان ئاجو ئالۋاستى سەن ئىمىدىڭ؟! — دەپ باشلىدى موماي ھەم ھەسرەتلىك، ئاچچىق تەنبىھ ئارىلاش سۆزىنى، — مەن سېنى ئىككى كۈندىن بۇيان كۆپ قۇزغۇنلار تۈپىدىن ئايرىپ ئالالماي ئولتۇراتتىم. ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن: راست، قارغىش تەككەن قۇزغۇن - قومايىنىڭ ئۆزىكەنسەن! ئۆز ئوغلۇڭنىمۇ ئەجىلىگە يەتمىتىپ، ئۆزگىلەرنىمۇ ۋەيران قىلدىڭ... خوپ، ئەمدى شۇ قانلىق قوللىرىڭنىڭ، زەھەرلىك قىلىچ - نەيزەڭنىڭ ئىشىنى تاماشا قىلىپ يۈرىسەن. خوپ، ماذا كۆرگىن: بۇ يالغۇز ئوغلۇمنىڭ كۆز - قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى قۇزغۇنلار يەپ بوپتۇ... سېنىڭ يارىدارلىرىڭ ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى بارماقلىرى بىلەن چىپىپ ئاپتۇ، ئەمدى سەن قانلىق تىرناقلىرىڭ بىلەن بۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئال - دە، تاناۋۇل قىل!

— بولدى يېتەر، بىكە! ئۇرۇش ئۆلۈمسىز بولماس، بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن كىم ئەيىبلىك، شۇنى بىلمەي سۆزلىگىن...

خاندىنمۇ، خۇدادىنمۇ قورقۇشتىن قالغان دەردمەن ئانا داۋام قىلدى يەنە:

— سەن ئۇنىڭدىن ۋايىم قىلما. ئۇرۇش - قىرغىنلار ئۈچۈن كىم ئەيىبلىك؟ بىز ئانىلار ياخشى بىلۇرمىز. سەۋەب ئەرنىمۇ، ئەلنىمۇ... خانلارنىمۇ تۇغقان بىز! بىراق، سەنلەردەك يىلانلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى بىلگەن بولساق، تۇغۇش ئورنىغا ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئۆلتۈرگەن بولار ئىدۇق! خوپ، مەن ساڭا ئېيتاي... بىراق ئېيتمىساممۇ بۇ قىرغىنغا ئىككى ياۋۇز، ئىككى يىلان ئەيىبلىك بولۇرسەن: ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بېشى دارغا ئېسىلىپتۇ، ئەمدى نېمە ئۈچۈن ياۋۇزلارنىڭ ئىككىنچىسى بولغان — ئۆزۈڭنىڭ بېشىڭنى دارغا ئاسماي، تېخى تىرىك يۈرۈرسەن؟

ئاق چاچلىق ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە نېمىلەرنىدۇر دەپ، يەر - كۆككە قاراپ نالە قىلىشقا باشلىدى. ئەمما بۇنى ئاجونويان ئاڭلىمىدى. ئۇ بېشى قېيىپ، قۇلاقلىرى جىڭىلداپ كەتكەن ھالدا، ئېتىنى دەۋەتتى... شۇنىڭدىن بېرى بەئەينى تىرىك تۇرۇپ گۆمبەز ئىچىگە كىرىۋالغان ئادەمدەك ئارزۇلۇق ۋە نېمەتلىك ئوردىدىن چىقماي، ئۆز دەردى بىلەن ئۆزى بولۇپ ياتتى. (ئۇخلىسا چۈشىدە، تۇرسا ئويىدا ئاشۇ ئاق باشلىق ئانا كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى قوۋدىتىلىك، ئىبرەتلىك سادا كەبى ياڭرىغاندەك سادا بېرەتتى.) بۇنىڭ بارلىقى ئاجونويانىڭ قىرغىنلىقىدىن، روھىي ۋە جىسمانىي ئاجىزلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى ۋىجدان ئازابىدىن، ئاچچىق ھەسرەت، نەپرەتلەردىن كېيىن ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تەنتەنىسى ئىدى. دېمەك، ئۇ شۇ خىل ھالەتلەر، ئوي - سېزىم، كەچۈرمىلەر نەتىجىسىدە، ئېلى - جۇڭغار تاغلىرى تەرەپكە ئېقىپ كەتكەن پان تۆرە كەينىدىن كۆچكەن ئاھالىگىمۇ، ئۆز قەبىلە - يۇرتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شەرقىي جەنۇبقا سىلجىپ بارغان ئۇدزەر تېگىنگىمۇ زامىل بولۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆز قارىمىقىدا قالغان ئەللەرنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكى توغرىلىق ئويلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىلدە بۇ يەردىكى ماجرالارنىڭ، شەھەر - ئوردا مەئىشىتىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تىنچ ۋە ئاۋات ئوتلاقلىرىغىمۇ كەتكۈسى كېلەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنى كۆچمەنلەرگە خاس نومۇس - ۋىجدان، ئۆز ئېلىنىڭ ئابروي - ئىناۋىتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى ۋەھىمە، ئويلار توختىتىپ تۇراتتى.

× × ×

بىر نەچچە كۈن ئۆز دەرگاھىدىن چىقماي، پەقەت، ئىنتايىن ھاجەت بولغان ئىككى - ئۈچ شەخستىن باشقا كىشىنى قوبۇل قىلماي ئولتۇرغان ئاجو، نېمىشقىدۇ، «نورۇز» ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، كۈندە دېگۈدەك ئۆزىنىڭ تولىمۇ — پۈتمەس «مەخپىي سىرلىرى...» بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىشكە ئىنتىلىدىغان ئاشۇ پاكىنەك تىكچى توغان تۇتۇقنى ۋە بىردىنچى قولباشچىسى بولغان باتۇرنى — بايخاننى قەتل قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگەن قولباشچىنى چاقىرتتى.

پاكىنەك تۇتۇق ھۆكۈمرانىنىڭ سوئال - تەپتىشىنى كۈتمەيلا، «ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن خەۋەرلىرىنى» بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوردىدا ۋە شەھەردىكى سۆز - چۆچەك، يىلنىڭ ھەممىلا پەسلىدە بولۇپمۇ باھار - ياز ئايلىرى دائىم كېلىپ، كېتىپ يۈرىدىغان بۇددا، مانىي سەيياھ - مۇناخلىرى ۋە

ئايرىم مەنسەپدارلارنىڭ «گۇمان تۇغدۇرىدىغان ئىش - ھەرىكەتلىرى». بەزىلەرنىڭ ئىچمىشكە، ئىشرەتكە بېرىلىۋاتقانلىقى ئوخشاش مەسىلىلەر ئىدى. نوياننىڭ دىققىتىنى يان تۆرە باشلاپ كەتكەن قوشۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۆچۈپ كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ تەقدىرى جەلپ قىلدى. توغان تۇتۇقنىڭ ئالغان ئېنىق خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، يان تۆرە ئۆز ئېلى ۋە يارانلىرى بىلەن ئىلى دەرياسى بىلەن جۇڭغار تاغلىرى ئەتراپىدا يايلىغۇچى ئەللەر ۋە ئۇلارنىڭ خېنى، تەرىپىدىن ياخشى كۈتۈپ ئېلىنغان: قاچقۇنلار ئاساسەن باشبالىق ئەتراپىدىكى تاغلار بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىغا يېقىن يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمدى ئۇلار شۇ جەنۇبتىكى ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر باغىرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، چوڭ روناققا ئېرىشمىشى مۇمكىن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، رازى بولغاندەك چىرايىنى بىر ئاز ئاچقان نويان، ئەمدى ئۇدزەر تېگىنىنىڭ كۈچىنى كۆزىتىپ، دائىم خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى - دە، توغان تۇتۇققا ئىجازەت بەردى.

— باتۇر، — دېدى ئۇ بولغۇن بىلەن تەنھا قالغاندا، — مېنىڭ ئۇققۇم كېلۇر: سەن ئاشۇ بايخاننىڭ بېشىنى ئالار چاغدا، ئۇ قانداق بولدى، نېمە دېدى؟

بولغۇن باتۇر بىردىن كىنايىلىك كۈلدى - دە، ئاندىن، — ئۆتكەن ئەھۋالنى ئەسكە ئېلىپ، — جىددىي ۋە ئېچىنغان ھالدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ يارانلىرى قىرىلغاندىن كېيىن قارىساق، — بايخان يوق! ئۇيان - بۇيان ئات چاپتۇردۇق، تۆگىلەر ئۈستىدىكى يۈكلىرىنى ئاختۇردۇق، بايخان يوق...

— نەگە تىقىلىپتۇ؟! — قىزىقتى ئاجو،

— خوتۇن - قىزلىرىدىن سورىدۇق، ھېچ قايسى بىلمەس. بىر چاغدا قارىسام شۇ بىزنىڭ تىگىچى تۇتۇق بېشىغا كىيمەچەك كىيگەن بىر خوتۇننى يالىڭاچلاپ تۇرۇر! «ھەي، توغان، ئۇ ئايالنى نېمە قىلۇرسەن؟! نومۇس بولۇر، قوي،» دېسەم ئۇ! «بۇ بايخاندۇر، باتۇر» - دەپ سۆز قاتتى. قارىسام - دەل شۇنىڭ ئۆزى! شۇندا بارچىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق...

ئاندىن كېيىن بولغۇن باتۇر بايخاننىڭ، ھەقىقەتەنمۇ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ۋە يىرگىنىشلىك بولغان ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ، پوتىسىدىن ئايرىلغان تېتىردەك بورلاپ يەرگە چۆكتى... نومۇسنى ئۇنتۇپ، ئايىغىمنى سۆيەر... ئاخىرى «قىزلىرىمنى ئال... لېكىن جانىمنى ئالما!...» دەپ يالۋۇردى. چىدامىم تۈگەپ، بېشىنى مۇرىسىدىن ئاجراتتىم!

ئاجو نويان بىر چوڭ ئەلگە خان بولغان بايخاننىڭ ئاخىرقى ھالەتلىرىگە، ئەر تۇرۇپ شۇ خىل بەتتام بىچارىلىككە چۈشكىنىگە تەئەججۈپ ئەيلىدى. چۈنكى شىددەتلىك دالا ئېلىنىڭ ئەھلى بولۇپمۇ ئەسكىرى، ئادەملەر، ئۆلۈمدىن ئانچە سەسكەنمەي، ئەكسىچە ئاخىرقى دەقىقىلەردە بەرداشلىق، ئىرادىلىك بولۇشقا؛ ئۆمرىدە قانداق تېتىك، جۈرئەتلىك بولسا، ئۆلۈمنىمۇ شۇنداق قارشى ئېلىپ، تاقابىل تۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. بۇ خۇسۇسىيەت ئۇلارنىڭ دىنىي ئەخلاسلىرىدىن كۆرە، شىددەتلىك ئۆمرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ئىدى.

— بايخاندا يۈرەكنىڭ كىچىكلىكىنى مەن كۆپتىن بىلەر ئىدىم، — دەپ يەكۈنلىدى ئاجو، — ئۇنىڭ جېنىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئېلىپ قاچقان بايلىقىنى قايتۇرغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا نېمە سوۋغا قىلاي؟

— ئۇلۇغ بىلگە كۈچلۈك خان، مەن سېنىڭ يارانىڭدۇرمەن. ھېچ قاچان سوۋغا سورىغان ئەمەس...

— دۇرۇس، ئەر - يىگىت ھېچ ۋاقىت سوۋغا سورىماس. بىراق سوۋغا بەرسە، قوبۇل قىلمىشى تېگىش. بايخاننىڭ ئەڭ كىچىك قىزىنى ئال. بىلمىسەن، مەندە ھەم ئۈچ خوتۇن - ئۈچ ئۇلۇغ ئەلنىڭ قىزلىرى بار. يەنە بايىمچەم قىرغىزدىن، ئوتتۇرا خوتۇنۇم — تىبەتتىن، ئەڭ كىچىكى — ئۇيغۇردىن. سەندە ھەم شۇنداق بولسۇن.

— ئەقىل ئېيتقىنىڭغا خۇشالمەن. ئۇلۇغ بىلگە خان. بىراق كەنجە قىز بەك كىچىكتۇر... چوڭ ئۇلۇغ قىزنى بەر.

ئاجو نويان ئىنتايىن كۆڭۈللۈك كۈلدى. بولغۇن باتۇر ھۆكۈمرانىنىڭ نېمىگە كۈلۈۋاتقانلىقىنى سوراشقا پېتىنالماي، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۈچۈر كۈتۈپ ئولتۇردى.

— بايخاننى توغان تۇتۇق يېشمەندۇرگەندە، ئۇ «قىزلىرىمنى ئال» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا سەن دومۇسلانغان ئىكەنسەن، ئەمدى قىزلار ئولجىغا چۈشكەن، ئۇلارنىڭ ياخشىسىنى ئېلىشنى خالاپسەندە، ھە؟! — دەپ سەردارنىڭ مۈرىسىنى سەممىيەت بىلەن قېقىپ قويدى. ئاندىن ئۇ توغان تۇتۇقنىڭ ئولجىلاردىن نېمە سورىماق ئويى بار ئىكەنلىكىنى بىلمەك بولدى.

— سەن ياخشى بىلۇرسەن: ئۇ ئۆزىنىڭ تېنچلىق ئىشىدىن باشقىغا ھېچ قىزىقماس. شۇ يۇرۇشكە قوشۇلۇپ بارغىنىغا — سېنىڭ قويۇپ بەرگىنىڭگە كۆپ خۇشال بولدى.

ئاچو نويان بولغۇن باتۇرنى قۇۋۋەتلەپ!

— توغان تۇتۇق تۆرىلىشتىن تىكچى بولۇپ تۆرەلگەن، — دېدى ئۇ كۆر، ئاڭلار كىشى يوق تۇرۇپ ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە ئويۇن كۆرسىتىپ، كۆڭۈل ئاچار باخشى، ئەن — كويچىلەرگە ئوخشاش ئادەم... ئەيىبلەر، ئاشكارىلار كىشى تاپالمىسا ئۆز — ئۆزىنى ئەيىبلەپ، ئاشكارىلار! خانلارغا، بەگلەرگە ئەنە شۇنداق سەزگۈ ۋە ئەقىللىق كىشىلەر كېرەكتۇر.

× × ×

ئۇزاق ۋاقىت ئەل سوردىغان ئاغىسى بولۇپ، يۇرت سوردىغان ئەمىر — پەرمانلىق كىشىلەر، قاي ۋاقتا بولمىسۇن سۆھبەت — مەجلىسلەردە ئېيتار سۆزىنى قويىدىغان مەسىلە، بېرىدىغان بۇيرۇقلىرىنى ئالدىن — ئالا ئويلىۋېلىشتىن تاشقىرى، نېمىدىن باشلاپ، نېمىدە تاماملاشنىمۇ ياخشى بىلگەن، ئەلۋەتتە. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاچو نويانمۇ ئەڭ مۇھىم ۋە مۇرەككەپ مەسىلە ھەققىدە سۆز ئاخىرىدا ئېيتىپ، تېگىشلىك بۇيرۇقلارنى بەردى. ئۇ ئاغا تارخان بولغۇن باتۇرغا: ھازىرغا پەقەت چوڭ لەشكەر باشچىلىرى ئولجا خوتۇنلار ئالسۇن، دەپ كېلىپ، ھەممىگە ئۆز لايىقىدا مال — مۈلۈك بېرىشنى، ئوزۇن — سېلىنىڭا، يەنى ئەلگە قايتىدىغان. ۋە بۇ يەردە قالىدىغان لەشكەرلەر ۋە يارانلار سانىنى ئېنىقلاشنى، بەلگىلەشنى تاپشۇردى. بۇ ئىشنى مۇمكىن قەدەر تېزلىتىش كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئېلىدە مال — ۋاران ۋە باشقا تىرىكچىلىك بىلەن، ئاساسەن، قىرىنلار بىلەن ئايالлар مەشغۇل بولماقتا ئىدى.

— شۇنداقلا، بۇ ياقتا ھازىرچە ھېچ كىم بالا — چاقىسىنى ئالدۇرغۇچى بولمىسۇن، — دەپ تاماملىدى ئۇ، — نېمىگە دېسەڭ ئەڭ ئاۋۋال مېنىڭ توقالىرىم ئاتلىناردە، ئاندىن ئوردىنىڭ ئۆزىدە بىر — بىرسى بىلەن دۈشمەن ئەللەرنىڭ كۈنچىلىرى بولغان شۇ خوتۇنلار ئارا ئۇرۇش باشلىنار!

شۇ سۆزلەر بىلەن ئاچو نويان ئۆزىنىڭ ئىرغايدەك زور ۋە قاتاڭغۇر قولىنى يەنە بولغۇن باتۇر مۈرىسىگە قويۇپ، قانداقتۇر بىر سېزىملەر ئىلكىدە:

— ئەڭ ئىزگۈ تىلەك — ئارمىنىم، بولغۇن باتۇر، — دېدى ئۇ، — بۈگۈندىن كېيىن بارچە ئىشنى مېنىڭ ھەم ئۆزەڭنىڭ ئېتىدىن سەن باشقۇرسەن. مەن پەقەت ئۇرۇش — يۇرۇش بولسىلا، يەنە قولۇمغا قورال ئېلىپ ئاتلىنىشقا تەرىشارمەن! چارچىدىم.

بولغۇن باتۇر، ھەقىقەتەنمۇ ھارغان ھالدا، چوڭقۇر نەپەس ئالغان ئاچوغا ھۆرمەت بىلەن تەسەللى سۆزلەر ئېيتماق بولۇپ، تەمشىلدى — يۇ، بىراق ھۆكۈمران «بولدى، بۇ بۇيرۇق!» — دېگەن ئىشارە بىلەن ئوڭ قولىنى كۆتەرگەچ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆزگە سۆزۈك بولمىسا، ئەمدى ئاشۇ قۇت — بىلگە تۇردالىم چالىنى چاقىرارمىز، ئۇنىڭ تابغاچ ئاقىنلىرىدىن ئۇيغۇرلار تىلىغا ئاغدۇرغان يازمىشلىرىنى تىڭلايمىز. تابغاچلار بىزدىن كۆپ بۇرۇن قۇت ھەم بىلگە بولغان ئىمىش.

بولغۇن باتۇر ئەڭ ئاخىرىدا سورىماق بولغان مەسىلەتىدىن ۋاز كېچىپ، شۇ دەمدىلا ئاشۇ تۇردالىم چالىنى تېپىشقا قىزىقتى — يۇ، بىراق كېلىشىدىغان مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر بولغانلىقتىن، نويانىنىڭ خاھىشىغا قارشى، ئەدەپ بىلەن سۆز قاتتى:

— بىرگىنا سوراق، نويان، — دەپ تېكىمەت ئۈستىگە تىزلاندى ئۇ، — ئورخۇن بىلەن تولا ئەتراپىدا بىردىنبىر تەلتۆكۈس يايلاپ ياتقان ئەل — قەبىلە نايمانلار ئاقساقالى شۇڭقار ئاتىنىڭ يارازلىرى تېخى قورالىنى تاپشۇرمىغان. ئۇ:«بىزنى ئۆزگە ئەل قەبىلىلىرى تالاپ كېتۇر. شۇڭلا ئاچو نويان مېنى يارانسىز قالدۇرسا، — يۇرتۇم بىلەن كۆچۈپ كېتۇرمەن!...» دەپتۇ.

نويان خېلى ۋاقىت ئويلاپ ئولتۇردى — دە، ئاندىن ئۆز — ئۆزى بىلەن كېڭەشكەندەك، ئۈنلۈك

مۇلاھىزە قىلدى.

— نايمانلار بىزگە ئۇيغۇردىن يېقىن ئەسلى، مالغا ھەم باي. ئۇلار بۇ ئەتراپتىن يىراق كېتەر بولسا، قارا قۇرۇم بىلەن ئوردا ئوزۇقسىز قالۇر... دېمەك شۇكىتار بىلەن يەنە سۆزلىشىش كېرەكتۇر. ئايغاقچى چاپارمەن ئەۋەت. ئوردىغا قونداق بولۇپ كەلسۇن. مېنىڭ ئۇنىڭدا ئۆچۈم يوق.

XVII

تەيخې ئۇدزەرگە ئىدىگان ئارقىلىق ئەۋەتمەكچى بولغان خېتىدىكى ئاساسى سىرىنى ئاجونويادىن ئۇيالغانلىقىدىن تەكمتلەلمىدى. شوڭا ئۇ، قېرى نويان خەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەخسەن تونۇشۇشتىن باش تارتىپ، خان قىزىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدا چىن قەلبىدىن مەمنۇن بولدى - يۇ، ئەمدى تالاش - تارتىشنىڭ تامام تۈگىگەنلىكى، ئەگەر ئۇدزەر ئۆز قوراللىق قوشۇنلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەسە، خۇاڭخې دەرياسى بويىدا تاڭغا بولۇشۇپ، تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىنىسى ئۇگدە تېگىن تەرەپكە خاتىرجەم كۆچۈشى مۇمكىنلىكى ۋە شۇنداق قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق يازغان مەزكۇر مەكتۇبقا: ئۆزلىرىنىڭ (ئىدىگان، تۇردالىم چال ... بەلكى ئۇنىڭغىچە تۇغۇلۇشى مۇمكىن بولغان پەرزەنتى بىلەن) ياز ئوتتۇرىلىرىدا شۇ يەرلەرگە بېرىپ، باش قوشۇدىغانلىقىنى قوشۇمچە قىلدى، ئاجونويان بولسا رەسمىي چاپارمەن ۋە ئايغاقچى بولغان ئىدىگانغا پەقەت سىر يوشۇرماي، ئۇياق - بۇياقتىن تاپشۇرغان سۆزلەرنى دۇرۇس يەتكۈزۈشنى قەتئىي جېكىدى ۋە بالىنىڭ مۇردىسىنى قېقىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى.

ئەتىسى سەھەر ئوردىدىن پىيادە چىققان ئىدىگان، شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئېتىنى يوشۇرغان ئۆيىنىڭ يېنىغا بارغاندا، يەنە ئاشۇ ئىلپىز كەبى توغان تۇتۇقنى ئۇچرىتىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئاندىن مېكىرلىك كۈلۈپ:

— نېمە، سەنمۇ مېنىڭ بىلەن بىرگە قۇردۇمغا بارامسەن ؟! — دەپ كىنايىلىك سورىدى. بالىنىڭ كىنايىسىنى ياقتۇرمىغان تىكچى تۇتۇق، ئۇنىڭغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، چۆچۈتۈپ قويماق بولدى - يۇ، لېكىن قېيىتىدىن ھېچ نېمە ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى ئۆلچەپ، توغرا سۆزىنى ئېيتتى:

— تۈنۈگۈنسىز ئۇچرىشىپ قالدىڭ! قۇردۇم ياققا چاپار ئىكەنلىكىڭ ئېسىمگە كېلىپ، ئېتىڭنى كۆرەي دېدىم، ئاتىسى ئاتا قىلىق سىنچى بولغاچ، بالىنىڭ ئېتى ئۇچقۇردۇر، دەپ ئويلىدىم - دە! ... بولمىسا قۇردۇمۇڭدا ماڭا نېمە بار!

— ئۇ ياققا بارمىغىنىڭ دۇرۇس، ئاغا، — دەپ ئىدىگان يەنە مېكىرلىك كۈلدى - دە، جاۋاب قىلدى، — ئېتىم ھەم يۈگۈرۈك ھەم يورغا. چېپىشالمىسەن، سىرتقا چىقىپ؟

— ئات چېپىشنى كېيىن كۆرۈرمىز، ھازىرغا بايقىسام بولدى.

ئىدىگاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان كېلىپ توغان تۇتۇققا سىنچىلاپ قارىدى. بولۇپمۇ ئۇ مەلۇم ئۆينىڭ قورۇسىدىن ئېتىنى مىنىپ چىققاندا، توغان تۇتۇقنىڭ كۆزلىرى غەلىتە ئويناپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئاتنىڭ ئۇيان - بۇيىنىغا ئۆتۈپ، تولىمۇ يېقىن ياندىشىپ مېڭىشىدىن ھەزەر ئەيلىدى.

— بولدى، ئاغا،... ئاتقا كۆپ قارىما، كۆزۈڭ تېگىدۇ! دەپ ئېتىنى تېخىمۇ چىڭ يورغىلىتىپ ئۇزاپ كەتمەك بولدى بالا. لېكىن، ئۆز ئېتىنى ئىختىيارسىز قامچىلاپ، قالماي كېلىۋاتقان تىكچىمۇ خۇددى ياش بالىدەك قىزىپ سۆز قاتتى:

— كۆزۈم تەككۈدەك قىزىقسام، ھازىرلا ئالماشتۇرۇپ ئالار ئىدىم ئېتىڭنى! پەقەت شۇ قۇردۇم ئەتراپىنىڭ ئاتا قىلىق يورغىلىرىنى كۆرگۈم كەلگىنى ...

ئىدىگان ئۇنىڭسىز ئېغىزدۇرىقىنى چايناپ، تىزگىن سىيرىپ بارغان ئېتىنى، «ماذا كۆرسەڭ كۆر!» دېگەندەك قاتتىق بىر دېۋىتتى - دە، بەئەينى ئۈركىگەن ئولار كەبى پۇقىراپ ئۇزاپ كەتتى.

× × ×

قۇردۇم بويىدىكى ئۆز يۇرتىدا! قانلىق ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەتتىن قالغان لەشكەر - يارانلىرى بىلەن كۆچۈشكە، ئەگەر دۈشمەن كۆچۈشكە ئىمكان بەرمەسە، تا ئاخىرغىچە يەنە چېپىشىشقا تەق بو-

لۇپ تۇرغان ئۇدزەر تېگىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۆكەر — سەردارلار ئىدىگان ئېلىپ كەلگەن خەۋەر ئۈستىدە كۆپ ئويلاپ، باش قاتۇرغىنى يوق. ئەكسىچە قويۇلغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىگە، بولۇپمۇ زېرەك ئايال تەيخېنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە بىردىن رازى بولدى. سەۋەب، ئىككى تەرەپنىڭ ئىككىلىسى ئۆز ئەھۋالىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان نەتىجىنىمۇ ياخشى بىلگەچكە، ھەر قانداق تاسادىپتىن يىراق بولۇشنى خالايتتى. ئەمدى بۇ ئەتراپتىن تامام كۆچۈپ — كېچىپ كېتىش ئالدىدا، ئۇدزەر تېگىن بىلەن ئىدىگاننىڭ ئاتىسىنى، ئاسانەن شۇ بىر ئەركە — ئەلتەك بالىنىڭ تەقدىرى كۆپ قىينىدى: ئىدىگان ئوقۇم مولجا ۋە مەنپەئەتكە باغلىق، ئاتا — ئانا، ئەل — يۇرتتىن ئايرىلىپ، دۈشمەن قولىدىكى ئوردىدا، يەنى تەيخې بىلەن تۇردالىم چالغا تەقدىرداش بولۇپ قېلىشى كېرەك. ئۇنىڭسىز مۇمكىن ئەمەس. بىرىنچىدىن، ئۇ دۈشمەن قولىدىكى ئاشۇ ئىككى ئەزىز جانغا زور يار — يۆلەك بولسا، ئىككىنچىدىن، لازىم بولغاندا ياخشى ئالاقچى، تېپىلماس چاپارمەن ... بىراق قايسى بىر ئانا ئۆزىنىڭ نارەسىدە پەرزەنتىنى دۈشمەن چاڭگىلىدا قالدۇرۇشقا كۆڭلى چىدار ؟! قايسى بىر ئاتا — ئۇ قانداقلا قارام، قانداقلا بەرداشلىق بولمىسۇن، ياۋ ئوردىسىدا بەنت بولۇپ قالغان ئوغلىنى تاشلاپ، يىراقلاپ كېتەر ؟! بۇنىڭ بارلىقىنى ئۆز ئاتا — ئانىسىدىن خۇددى ئىدىگاندەك چېغىدا يېتىم قېلىپ، بورانلاردا ئۆرۈلۈپ — قېقىلىپ ئۆسكەن ئۇدزەر تېگىن ياخشى سېزىپ تۇرغاچقا، ئاخىرى ئانىسىنىڭ ئالىمىسىغا باش ئەگدى — دە، نومۇس كۆچىگە تىرىشىپ، ئۆزى ئۆز ھۆكۈمى بىلەن كۆندۈرمەك بولغان كادىڭ ئاتۇاز — سىنچىغا مەسلىھەت بەردى.

— ئەمدى ئاغا، سەن، — دېدى ئۇ، — ئۆز ئاۋۇلىڭ بىلەن بۇ يەردىن بىر ئاز چېكىنىپ، تولا بويىدا يايلاپ تۇر. ئۇرتا يازغا يەتكەندە، ئەھۋال يەنە باشقىچە بولۇر. ئاڭغىچە ھېچكىم سىلەرنى ئاۋارە قىلماس. «ئورخون — تولا تۈزلىكىدە قالغان ئەلگە زەخمەت بەرمەيمەن» دەپ ئاجونىيان چىنگىتەيتتى. نېمىگە دېسەڭ ئۇنىڭغا يەر — يايلىملار ئەمەس، شۇ يەردە ياشايدىغان ئەلمۇ كېرەكتە. ئەڭ ياخشىسى شۇ يەردە تۇرساڭلار ئوغلۇڭلار ئىدىگاننى كۆرۈپ تۇرارسىلەر.

— ئۇ چاغدا سەن شۇڭقار ئاتىغىمۇ شۇنداق ئامادەت سۆز ئېيتقىنىڭ دۇرۇس، بىللە بولۇرمىز، — دەپ بىردىن قايىل بولدى توخسۇن ئاقساقال.

... ئىدىگاننىڭ ئۆزى بولسا ئەلۋەتتە ئاتا — ئانىسى، ئېلىدىن ئايرىلىشنى زادى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ھەدىسىدەك بولغان تەيخې بىلەن دانىشمەن چال تۇردالىمغا نەقەدەر ھاجەت ئىكەنلىكىنىمۇ، ھەتتا، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ ياخشى بىلەتتى، بۇ ھەقتە ئۇ ئۇدزەر ئاغىسىغا ۋەدىمۇ بەرگەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئاتا — ئانىسى، ئەل يۇرتى بىلەن ئىنتايىن سەۋىرلىك ھالدا خوشلاشتى ...

كۆچ تولا ۋە ئۇنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن باشلىنىدىغان قوشۇبا قىرلىرىغا بارغىچە، ئۇدزەر تېگىن، ئاسانەن، يەنە شۇ ئىدىگان، ئۇنىڭ ئاتا — ئانىسى، شۇ دەريا بويىدىكى قېيىن ئاتا يۇرتى، يالغۇز قالغان قېرى قېينانىسى توغرۇلۇق ئويلار ئىلكىدە بولدى. ئۇ يەرلەردىن خۇاڭخې بويلىرىغا بارغىچە ۋە بارغاندىن كېيىن، يەنە نېمىلەر بولىدۇ، يەنە قانداق جاپايۇ — ھەسرەت، بالايۇ — ئاپەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ ؟! ھازىرغا ئۇلار خۇسۇسىدا ئويلاپ، قىينىلىشنى خالىمايتتى، «بەلكى قېينانام مېنىڭ بىلەن كېتەر؟» — دەپ ئويلىدى بىر چاغدا ئۇدزەر، — بەلكى ئۇ ئۆزىگە ئۆملۈك بولغان دولان مەرگەن، يالغۇز قىزى مەرھۇم نورانىڭ ئۆلىلىرىدىن ئايرىلماس ؟ ... زادى قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئۇ كەمپىرگە ئوغۇل بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ كېتىشىم كېرەك: قالسا يېتەرلىك مال، ماڭچى بېرۇرمەن؟ كەتسە — ئۆز ئانامدەك كۈتۈرمەن.»

× × ×

بىر يۇرتنىڭ بەيبىچىسى بولغان قېرى قېينانا تۇغۇلۇپ — ئۆسكەن ئۆز يېرىدىن، قىرغىنىمۇ — قىيىنچىلىقنىمۇ يېتەرلىك كۆرگەن ئېلىدىن ئايرىلىشنى خالىمايلا قالماستىن، كۈيئوغۇل — ئۇدزەر تېگىن سوۋغا قىلغان مال — ۋارانىمۇ ئالمىدى. ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم ئۆزلىرىگە، ئايالى نوراغا رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، توپراق بېشىدا مال سويۇپ، ئەلگە تەگرى ئاش بېرىپ كېتىشنى ئۆتۈندى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدزەر ئوغلۇم، سەن ئاشۇ ئاق تېتىرنى ئۆز كۆچۈڭ بىلەن ئېلىپ كەت، ئۇ

قۇت مالدۇر، - دەپ ۋەسىيەت سۆزىنى ئېيتتى موماي، - سىڭىلدەك قولباشچى ئەرگە بەك كېرەك بولۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەلگە ئۇلۇغ تاپشۇرۇپ قويغۇن: مەن كۆز يۇمۇپ، بۇ ياقتىن - ئۇ ياققا كەتكەندە، دولان چالىپ بىلەن نورا قىزىم قېشىغا قويۇپ، ئۇچىمىزگە بىر مولا - گۈمبەز تۇرغۇزسۇن.

— خوپ بولۇر، ئاپا، - ئۇدزەر تېگىن قىسقا ۋە ئېنىق جاۋاب بېرىپ، سىرتقا يىغىلغان يۇرت ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارغا زۆرۈر بولغان ئىشلارنى چۈشەندۈردى.

قېيناتا ئوتاۋىدا ھاردۇق ئېلىپ ياتقان ئۇدزەر تېگىن ئىنتايىن قاتتىق ئۇيقۇدىن پەقەت كۈن چىققان بىر چاغدا ئويغاندى ۋە ئىششىق يۇپۇقىنى ئېچىپ، كۆچىنىڭ ئالدى مېڭىپ كەتكەنلىكىنى، قوراللىق لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى توقۇپ، سانجاق تورغانلىقىنى بايقىدى. موماي بولسا، ئۇچاق بېشىدا ئەتىگەنلىك غىزا ھازىرلاتقۇزۇۋاتقانىكەن.

— ئۆز قولۇمدىن بىر تاماق يەپ، ئاتلانغىن، ئوغلۇم، - دەپ يېقىملىقتى ئانا ۋە شۇ دەمنىڭ ئۆزىدىلا تېگىننىڭ دىمىقىغا كۆپتىن تونۇش ئالاھىدە لەززەتلىك قورداقنىڭ پۇرىقى ئۇردى. ھەتتا بۇ پۇراق ئارقىلىق، ئون يىلغىچە ئۆز ئىلكىدە بولغان، ئايالى نورا خاتۇننىڭ سىماسى نامايان بولۇپ، كۆڭلى پەرىشان بولدى. لېكىن، مومايىنىڭ ئىرىملىق غىزالىرىنى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ يېيىش ئۈچۈن بىر نەچچە سەردارلىرى بىلەن ئىدىگان ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنى چاقىردى. تاماق ئۈستىدە ئالاقىچى بالىغا چاقچاق سۆزلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇردى. بۇ ھالەت ئۆزى بىلەن يىراق يىللاردىن بېرى سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىدە، تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى كۈرەش، ئېغىر جەڭلەردە بىللە بولغان يولداشلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرگەندەك ئىللىق كەيپىيات پەيدا قىلدى.

— ئىدىگان، سەن تۇغان تۇتۇقتىن ئۆز ئېتىڭنىلا قوغدىما ... ئۆزگىلەرگە ھەم قاراپ قوي، — دەپ داۋام قىلدى تېگىن، — مەن ئويلايمەن: ئاجونويان، قارا قۇرۇمدا كۆپ تۇرالماس، مۇشۇ يازنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ كۆپى ئۆز ئېلىنى، يېرىنى سېغىنىپ كېتىپ قالۇر: شۇ چاغدا ئوردا بالىقنى ئۆزەڭ يالغۇز باشقۇرۇرسەن!

— كىشىلەر قالمىسا، ئوردا بالىقتا ماڭا نېمە باردۇر، ئاغا؟

— سىڭىلدەك خان بولسا، بىزدەك يارانلار ھەم بولۇر، ئىدىگان.

— شۇ چاغدا سەن قاچان قايتىپ كېلۇرسەن؟

— سەن خان بولغاندا.

— ياق، سەن ئۆزەڭ خان بولۇرسەن، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا تېگىن بولۇپ، لەشكەر باشلايمەن!

— دۇرۇس! ئەمدى ماڭا خان بولۇش كېرەك. سەن سۆزىمىز، باتۇر تېگىن بولۇرسەن.

× × ×

ئۆز يارانلىرى بىلەن توغۇلۇپ - ئۆسكەن ئۆلكىدىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان ئۇدزەر تېگىن ھېچ كىم بىلەن سۆزلەشمەي، بولۇپ ئۆتكەن ماجرالار، پاجىئەلىك ئۇرۇش، ھاقارەتلىك يېڭىلىشىنىڭ تېپى سەۋەبلىرى بولغان گەپلەرنى ئەسلەپ، ئەگەر ئۆزى بايخاننىڭ ئورنىدا خان بولغاندا، ئەھۋاللارنى تامام ئۆزگىچە ئۇسكە كەلتۈرۈش مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئاندىن، يەنە قىرغىزلاردا شۇ قەدەر ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، جاڭلەننى ئۆزىگە قارشى قويغان ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن بىر دۆلەتنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا سەۋەبكار بولغان ئىدىراكسىز تەختپەرەس، ئىرادىسىز قولباشچى بايخاننىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۆپراندى، زېرەك قېرى قولباشچى ئاجونويان بۇنىڭ بارلىقىنى بىلگەن - ئۆلچىگەن، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق يولى بىلەن كېلىشىشكىمۇ بولاتتى. بۇ ھەقتە ئاجونويان ئۆزىنىڭ ئاساسىي شەرتى توغرۇلۇق: بايخاننى تەختكە يولاتماسلىق كېرەك، دەپ ئەلچى شۇڭقار ئاتىغا ئېيتىپمۇ كۆرگەن ئەمەسمىدى.

«مانا ئەمدى ھېچ نېمىنى تۈزىتىپ، ئورنىغا كەلتۈرۈپ بولماس. شۆھلاشقا بىلگە قۇت كىشىلەر: «تۆمۈرنى قىزىقا كەس، ياغاچنى ئۆزۈن» دەپ ئېيتقان ئىكەندە... توغرا ئەلدىكى ئۆزگە قەبىلىلەرگە قارىغاندا، بىزنىڭ يۇرت كۆپرەك ساقلىنىپ قالدى؛ بىراق، ئات - ئۇلاغ، مال - ۋاران بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جۇددىدى، ھاردى... ئەمدى ئاجونويان بىزنى قوغلاپ كېلىپ ئۇرۇشماس، ئۇمۇ ھاردى.

ئەمما ئۇ، ئوغلى ئارلان تېگىن ئۈچۈن، مېنى كەچۈرمەس، شۇڭلىكى قېرى قولباشچى ئۇرۇشنىڭ - ئۇرۇشلىقنى بىلۇر...» ئۇدرەزنىڭ ئويى شۇ تۈگۈنگە كەلگەندە، بېشىغا ئۇرۇش - چېپىشقا تامام مۇناسىۋەتسىز، لېكىن ھەممىدىن دەھشەتلىك بىر خىيال شەپىسى كېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ - سىلكىنىپ كەتتى: «يە بولمىسا... دالانىڭ تارلان بۆرىۋۇقچىسى ئۆز ئۆچىنى تەيجىدىن... كېلەچەكتە كۆرۈر بالىمىزدىن ئالماق بولارمۇ؟! ياق، ئۇنداق بولماس! ئاجونويان ئۇنچە يىرتقۇچ ئەمەس.»

ئىنتايىن ئىرادىلىك ۋە ئۇچقۇر ئۆي ئىگىسى بولغان ئۇلۇدزەر تېگىن يەنە ئۆزىنى قولغا ئېلىپ، تەيجى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزىزلەرنىڭ خەتەرسىز بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزىلا ئامان بولسا، — مۇشۇ يازنىڭ ئىچىدە قايتا كۆرۈشىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەندەك بولدى ئىچىدە. چۈنكى، ئۇ تىبەتلىكلەر كۈيوغلى، تەرەپدارى بولغان ئاجو نويان خانبالىق، تاڭ سارىيىنى ئانچە تەڭشىمىگەن ھالەتتىمۇ، ئايال كىشىگە نىسبەتەن ھەقىقىي سەردار ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە ئاخىرقى چەك كۆڭلى قېرى قولباشچىنىڭ يەكمۇ. يەككە ئات قويۇپ، لېكىن يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىمى ئۇرالماي قېيداپ كەتكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، شۇ بىر پەۋقۇلئاددە پەيتتىكى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىك ھالىتىنى - ئاجو بىلەن ئاتىسىنىڭ دوستلۇق پەيتلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھېس قىلدى. ھە پەرزەنتلىك ۋە ئاتىلىق ھېسسىيات، ئەڭ چۈشىنىشلىك ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ ئىشەنچلىك ھالەتتۇر.

× × ×

قەھرىتان قىشتىن قالغان قوراي - قامىقاقلىق دالادا مېلىنى ئوتلىتىپ ئورخون دەرياسىغا كېلىپ قويۇلىدىغان كۆكشىن سۈيىنى ياقىلاپ، شەرقىي - جەنۇبقا ئاستا كېتىپ بارغان كۆچنىڭ ئالدى، چۈش پېشىن مەزگىللىرىدە كۆشۈقايدىن ئېدىرلىرىنىڭ ئېتىكىگە بېرىپ توختىدى. ئۇنى باشلاپ بارغان ئۈچ ئاقساقالنىڭ ئۈچىلىسى — توختى تىلماش ۋە تۇتۇق، ئەلتەبىر ئاقساقال ۋە مۇزغاپ مەرگەن ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ، كەينىدە ۋە ئىككى قانات بولۇپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەر تەرەپكە قارىدى. ئالدىنقى باش قولباشچى ئۇلۇدزەر تېگىن يېنىغا، ئىككى مىڭ بېشى — ئىشبەربەگ بىلەن مۇڭگى باتۇر يېتىپ كەلدى ۋە تېگىنگە ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ ھارغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ ساي قېنىدىكى قېلىندا توختاپ تاڭ ئاتقىچە دەم ئېلىشنى مەسلىھەت قىلدى. ئەھۋالنى ياخشى ئۆلچەپ كېلىۋاتقان ئۇلۇدزەر تېگىنمۇ مەزكۇر مەسلىھەتنى قوللاپ، كۆچنىڭ سەپەردە تىكىلىدىغان يېنىك ۋە ئانچە زور ئەمەس ئۆيلىرىنى تىكىشكە، ھوشيارلىق بىلەن ھاردۇق ئېلىشقا ئىجازەت قىلىپ، كەينىدىن:

— تۈن قاراڭغۇدا ھەر مىڭدىن - ئىككى يۈزدىن ئادەم ياران - ياراق ئات ۋە قوراللىرى بىلەن يۈرۈشكە تاق بولسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

مىڭ بېشىلار بىلەن ئاقساقاللارمۇ مەزكۇر «بۇيرۇقنىڭ» نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئادەتتىكى ساقلىق، سانجاقلىققا جۈرۈشتى.

ئۇلۇدزەر تېگىن ئۆزى ئۈچۈن تىكىلگەن ئاق ئوتاۋغا كىرىپ، تاماققا ئولتۇرغان پەيتتە ئۇنىڭ بەرگەن بۇيرۇقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەن مىڭ بېشى - ئاقساقاللار خۇرسەنت بولۇشتى.

— كېچىچە بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەن چاغدا، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇلۇدزەر تېگىن، — قوزغۇنلارچە يېتىپ كېلىپ، ئارقىمىزدىن ئوردىغا چاپقان شاتۇلارنىڭ مېلى، ئېنىق ئېيتسام ئۇنىڭ بارلىق ئىلقىسى مۇنۇ كۆشۈ - قايدىن ئېدىرلىرىنىڭ ئارىسىدا.

— ئۇنداق بولسا ئولجا قىلىش كېرەكتۇر! — دېدى تاقەتسىزلەنگەن توختى تىلماش.

— دۇرۇس! — دەپ قۇۋۋەتلىدى ئۇلۇدزەر، — يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنە بىر قوزغۇن - كەمدانلار مېلى يايلايدىغان سوجان - داۋانغا يېتىمىز.

ئۇلۇدزەر ئۇغۇ ئويىنى تېخىمۇ زور ئېنىقلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن داۋام قىلدى:

— شۇندا بىز سېرىق ساي — خۇاڭخې بويىغا، تىبەت لەشكەرلىرى بىلەن چېپىشىپ يۈرگەن ئىنىمىز ئۈگدەنىڭ يېنىغا، ھېرىپ - ئېچىپ ئەمەس، كۈچلىنىپ بارىمىز. ئاندىن ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن، ئۇلۇغ ساي بويىدىكى باي بالىق قورغانلىرىنى ئالىمىز.

— ئۇندا بالىق — قورغانلار تابغاچلارنىڭكىدۇر؟!

— دۈرۈس: تابغاچلارنىڭ بىراق ئۇ بالىق – قورغانلارنى، ئۇلاردا هاراق ئىچىپ، خوتۇن – قىز بىلەن ئويناپ ياتقان تابغاچ تۇتۇق تېگىنلەرنى قوغداپ تۇرغان بىز – ئۇيغۇرلاردۇرمىز! ئۇلارنىڭ ئۇرۇشىدا قانچە كۆپ ئۆلۈم بەردۇق؟! قانچە مال – مۈلۈك بەردۇق؟! يەنە خانىمالىقتا ئىلقا، قاما – قوندۇز بېرۇرمىز! تۇرپاندىن كېلۇر كارۋانلارنى يولغۇزۇرمىز. ئاخىرىدا... باغىرلار، بىز قايتا چوڭ ئەل بولۇپ، ئوردا قۇرۇرمىز!

— قۇت يېرىمىز ئورخونغا، قارا قۇرۇمغا قاچان قايتۇرمىز، تېگىن!

— ياق، ئەمدى قاقاس – قىرغاقلارغا قارشى ئۇرۇش بولماس: ئۇلار بەلكى، ئەمدى ئانا ساي، سېلىنگادىن – ئورخون تولاغا يېتەر يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بېقىندۇرار. ئاندىن ئىلى سايى، تەڭرى تاغلىرى، بېشبالىق – تۇرپان ياقىلارغا ئاتلىنار تايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، ئامان بولساق، خۇاڭخې، بېشبالىق، تۇرپان ئەتراپىدىن تېپەتلەرنى قاچۇرۇپ، پان تۆرە بىلەن ئىلى ياققا ئېغىپ كەتكەن باغىرلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر ئۇلۇغ ئەل – ئالتۇن ئوردا قۇرۇشقا بەل باغلىشىمىز كېرەك.

ھەممە ئۆز قولباشچىسىنىڭ مۇلاھىزە ۋە ئويى – پىكىرىدىن روھلىنىپ، قانائەتلەنگەندەك بولدى. دەرۋەقە ئەل – يۇرت كۆلپەتكە ئۇچراپ... ئۆلۈم ياكى كۆرۈم دەپ تۇرغان ئېغىر پەيت – ۋەزىيەتلەردە، ئەل ئابغەمسى بولغان قولباشچىنىڭ زېرەك ئويى، قەتئىي قارارى ۋە ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئۆزى يېرىم غالىبىيەت دېمەكتۇر.

## XVIII

شاتۇلارنىڭ يايلاقلىرىدا بولغان مال تۇتۇش ھەققىدە تەنمۇ، ئۇيغۇر باشلىقلىرى پەرەز قىلغاندەك ئۇلار ئۈچۈن ئۇڭاي ۋە ئۇتۇقلۇق ئاياغلاشقانىدى. دۈشمەن ئىلقىلىرى يېيىلىپ يۈرگەن ئېدىر – غوللارغا سەھەردە يېتىپ كەلگەن لەشكەرلەر ھېچ بىر قارشىلىقسىز دېگۈدەك، ئون ئاتلىق ئۇيىرنىڭ ھەممىسىنى ھايداپ كەلدى. ئۇلار پەقەت بىرلا يەردە تۆت – بەشچە كىشىنىڭ ئازدۇر – كۆپتۇر قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. باشقا يەرلەردىكى كۆزەتچىلەر، كۆپ لەشكەردىن قورققان بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم، كۆزگە چېلىشمىدى... مەزكۇر ئۇتۇق بىلەن روھلانغان ئۇدزەر تېگىننىڭ ئادەملىرى يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن كىدانلارنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭمۇ توپ – توپ ئىلقىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆچى تەرەپكە ھايداپ، يېرىم يولغا كەلگەندە، كەينىدىن قوغلىغان كىدانلار يېتىشىپ كېلىپ، ئىككى ئارىدا رەسمىي جەڭ – چېپىش ئەۋج ئالدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى شۇ قەدەر زور دەرغەزەپ بىلەن چېپىشىشتىكى، ئاخىرى، ئۇلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قىرىلىپ، قالغانلىرى ئاران – ئاران سىلجىغان ئاتلىرى ئۈستىدە بەئەينى مەست ئادەملەردەك لەخمە بولۇپ كېيىن قايتىشقانىدى. بۇ ئەھۋال ئىككى تەرەپنى بىردەك غەم – غۇسسە ۋە پەۋقۇلئاددە ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. بولۇپمۇ ئېغىر جاراھەتنى ساقايتىپ «ئىلىك تولدۇرىمەن» دەپ ئويلىغان ئۇدزەر تېگىن ئۈچۈن بۇ ۋەقە ئېغىر تۇيۇلدى.

— ئەگەر بىز كىدانلارغا قايتا چاپماي، تېز ئىلگىرىلەپ يۈرۈپ كەتسەكمۇ، ئۇلار بىزگە بەربىر چاپۇر، — دەپ ئۈنلۈك مۇلاھىزە قىلدى ئۇ. — ئەمدى ئۇلار بىلەن قەتئىي ۋە قاتتىق چېپىشىش كېرەك بولۇر...

— شۇ سەۋەب، بىز بۇرۇن چېپىشىمىز كېرەك بولۇر، تېگىن، — دېيىشتى سەردارلار.

ئۇدزەر توختى تىلماشتىن سوراپ ئېنىقلىماقچى بولدى:

— سېنىڭ ھېسابىڭدا، ئاغا، ئۇلاردا قانچە قوراللىق لەشكەرلەر باردۇر؟

— بىزدىن كۆپ ئەمەس، بىراق ئات – ئۇلىغى بىلەن ئۆزلىرى تەييار.

— بىزنىڭ ئاتلارىمۇ تەييار... لەشكەرلىرىمىز ھېچ قاچان ھېچ ياۋدىن كۈچسىز بولمىغان!

— بىر تۈرك يارانى – ئىككى كىدانغا تەڭ!

ئاقساقاللار جەسۇر سەردارنىڭ مەزكۇر خىتاپلىرىنى قۇۋۋەتلىدى – يۇ، لېكىن يەنە سەۋرلىككە تايىنىشنى تەكىتلەشتى:

— ئەلچى يالۋاش ئەۋەتىپ، تالاش – تارتىشىمىز قۇت ئۆلۈپ كەتكەن يارانلىرىمىز تەنلىرىنى ئالساق، تىنچ قاراپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈرسەك بولماسمۇ؟... — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

— قىرغىن ئۇرۇشتىن قۇتۇلماققا تولا ساي ياققا تېز قايتىپ يۈرۈپ كەتسەك، كىدانلار بۇ قېتىم ئۇياققا بارماس بەلكى...، — دېگەن پىكىرنى بىلدۈردى ئىككىنچىسى.

— يۇرتنى، خوتۇن - بالىلارنى مال - مۈلۈك بىلەن تولا ياققا قايرىپ، ئۆزىمىز قوشۇن بىلەن شۇندا بايقاپ كۆرسەك — دۇرۇس بولۇر، — دېگەن ئويىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ئۈچىنچى ئاقساقال.

ئەمدى ئاساسىي خۇلاسە سۆزنى ئۇدۇزەر تېگىن ئېيتىشقا تېگىش ئىدى. يەنى ئۇنىڭغا، «يە ئۆلۈم، يە كۆرۈم!» — دېگەن تاشتىن ئېغىر، تۆمۈردىن قاتتىق تۈگۈننى يېيىشىش كېرەك ئىدى.

ئۇ ئۈستىگە ئارتىلغان يەنە بىر ئېغىر تاشنى كۆتۈرگەندەك ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە بارى - يوق ئوتتۇز ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، خېلىلا ئاق ئارىلاپ قالغان ساقال - بۇرۇتىنى زور ئالىقان، بارماقلىرى بىلەن چاڭگاللاپ تۇتقان ھالدا، — ئۆزلىرى تۇرغان ئېگىزلىكتىن دەسلەپ كۈن چىقىشقا، ئاندىن ئۆز ئېلى، كۈن پېتىشقا - تەسكەي تەرەپكە قارىدى: كۈن چىقىش — كىدانلار تەرەپ، كەچكى كۆك-گۈم ئارا جۇدۇغلىشىپ، ھور - چاڭغا پۈركەنگەن؛ كۈن پېتىش يەنى ئورخون تەرەپ بولسا، پېتىۋاتقان قۇياش شولىسىدا قىزىل - جىيا قانغا ئورالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن مۇنداق بىر ئويغا كەلدىم، — دېدى بىر چاغدا ئۇدۇزەر تېگىن! — بىزگە كىدانلارغا قارشى چېپىش ۋە ئۇلارنى يېڭىش كېرەك! باشقا يول يوق، — شۇ سۆزلەر بىلەن قولباشچى يەنە بىر ئاز جىم - جىت ئولتۇرۇپ، مۆتىۋەرلەرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىشى بايقاپ قارىدى - دە، قەتئىي ۋە سەۋرلىك بىلەن داۋام قىلدى. — ئۆزۈڭلار ئويلاڭلارچۇ: ئەلچى ئەۋەتىپ، بىتىم - كېلىشىم سورىكەنمىز، ئۇلار تېخىمۇ قۇتراپ كېتىدۇ... ئارتقا قايتىش - ئەڭ چوڭ ياۋىمىز ئاجونويانغا قول بولۇشتۇر. بۇ بولسا نومۇسلۇق، ئۆلۈم! سەردارلار دۇرۇس ئېيتتى: كۈچ ئارتقا ئەمەس، ئالغا باسۇر. بىز - ياۋغا!

دۈشمەنلەر تەرەپتىمۇ خۇددى شۇ خىل سۆھبەت - مۇنازىلەر بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئىككى تەرەپتىكى مەزكۇر جەريان ۋە قارارلاردىكى ئاساسىي پەرق پەقەت كەيپىياتتا بولۇپ، دەسلەپكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئىككى خىل بولۇشىنىمۇ روھىي ھالەت بەلگىلىگەن: كىدانلاردا ئۇيغۇرلارنى يېڭىشكە بولغان ئىشەنچ ئاز، قورقۇش كۆپ بولغاچقا، ئۇلار دۈشمەنگە دەسلەپ ھۇجۇم قىلماي، مۇداپىئە ھالىتىدە يېتىپ، ئاندىن ئېگىزلىكلەردىن تاشلىنىپ، قورشاپ يىمىرىش قارارىغا كەلدى.

— ئەگەر ئۇدۇزەر تېگىن ئۆز قوشۇنى بىلەن كەلمىسە، ئۇ چاغدا — ئۇنىڭ كۈچسىز بولغىنى — بىز چاپارمىز! — دېگەن كىدان قولباشچىسى تامتۇق تەبىر.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار پەقەت ھۇجۇم تەشەببۇسىنى قولدىن بەرمەسكە، كىدانلار — ئۆزلىرىنىڭ ئېگىز ئېدىرلىرى قاپتاللىرىدا بولۇشماي تۇرۇپ، تۆۋەن سايلاردىن يېقىنلاشقان دۈشمەن ئۈستىگە «قار كۆچكى»، «قىيان بولۇپ» تاشلىنىشقا ھازىرلاندى. قارىمۇ - قارشى قوشۇنلار توقۇنۇشىدا بۇ خىل يەر شارائىتى چوڭ رولغا ئىگە، ئەلۋەتتە، چۈنكى، دالادىكى ئۇرۇش قائىدىلىرى بويىچە، دەسلەپ ئوقيالاردىن ئوق ياغدۇرۇش ئۈچۈنمۇ، ئاندىن بىر - بىرسىگە شىپقاپ، نەيزىلىشىش ئۈچۈنمۇ شۇ يۇقىرى - تۆۋەنلىكنىڭ ئەھمىيىتى زور. شۇڭلاشقا، ئۆزىنىڭ ئوۋچى، مەرگەن قىيناتىسى مەرھۇم دولان چال بىلەن بۇ ئەتراپتا تالاي قېتىم ئوۋ - شىكاردا بولغان ئۇدۇزەر تېگىن، ئەمدى، ئاشۇ ئامىل ھەققىدە، يەنى كىدانلار جايلاشقان يەرنىڭ شارائىتى خۇسۇسىدا جىددىي ئويلىنىپ، تۆۋەندىكى ھەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— كەڭ ساي ئىچىدە بىر قول ياران بىلەن ئۆزۈم ئىلگىرى باسۇرمەن، — دەپ مۆلجاللىرىنى ئىزھار قىلدى ئۇ، — ئەلتەبەر ئاقساقال، سەن ئۆز يارانلىرىڭ بىلەن سولدىن، مەڭگۈ باتۇر سەن ئوڭدىن چوڭ ئېدىر ئارقىسىغا ئۆتلۈرسەن. دۈشمەن مېنى كۆرۈپ ساداق ئاتۇر، ئاندىن ئات مىنىۋۇردە، نەيزە بىرلەن تاشلىنار... شۇ چاغدا ئۇنى ئالدىن - ئارقىدىن تەڭ ئۇرۇرمىز! بىراق كىدانلار ئوردىسى تەرەپتىنى ياخشى بايقاپ يۈرۈڭلار. ئۇلارنىڭ خېنى تامتۇق تەبىر، ئاجو نويانىدەك بىلىگە قوۋ كىشىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ياساق - يارانلىرى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، مەرگەندۇر.

× × ×

يېرىم كېچىدە كۆچنى سەيدان غولىدىن جەنۇب تەرەپكە سىلجىتىپ، ئۆزلىرى ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان ئۇيغۇر لەشكەرلىرى بىر ئازدىن كېيىن ئۈچكە بۆلۈندى - دە، ئايسىز تۈن قاراڭغۇلۇقىدا غايىپ بولۇشتى.

ھەممە ئەتراپ جىمجىت. ئەتىيازنىڭ شەبنەملىك شىۋاق باسقان دالاسىدا ئاتلار تۇياقلىرىنىڭ تىۋىشىمۇ ئاڭلانماس. پەقەت ئۇلارنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەيمەنگەندەك پورقۇشلىرى بىلەن تۇيۇقسىز بىر-بىرىگە ئۇرۇلغان تۆمۈر، مىس ئۈزەڭگىلەر ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سۈرلۈك قاراڭغۇلۇقتا خۇددى سۇ تېگىدە

ئۈزۈپ بارغاندەك ئەسەبىيلىرى چىڭقىلغان جەڭچىلەر ھەربىر تاۋۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا ئىلگىرىلىمەكتە، ھەممىسى بىر - بىردىن يارىق ئاتلارنى يېتىلەشكەن. ئۇلار تەخمىنەن تاڭ سەھەردە دۈشمەن سېپىگە يېقىنلاشقان چاغدا، ھارغان ئاتلارنى شۇ يېتەكتىكى زاپاس ئاتلار بىلەن ئالماشتۇرماقچى ئىدى.

ئۇدزەر تېگىن ئۆز پىلان - مولجاللىرىنىڭ ئېنىقلىقىدىن ئانچە شۈبھىلەنمىسىمۇ، ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن چارلىغۇچى يىگىتلەرنىڭ خەۋىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. لېكىن شەرقىي ئاسمان سۈزۈلۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ خەۋىرىسىزمۇ ھەممە نەرسە مەلۇم بولدى: دەل ئۇيغۇرلار مولجاللىغان لەھەڭ يېلىق سىرتىغا ئوخشاش ئېگىز ۋە يانتۇ ئېدىر ئۈستىدىن كۆرۈنگەن بىلىنمەر - بىلىنمەس ئىسلار ئەكسى، دۈشمەن چېرىكلىرىنىڭ تۈن بويى شۇ يەردە يىغىلىپ، گۈلخانلار يېقىپ ئولتۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

«دالا ئەللىرى قوشۇنلىرىنىڭ مۇشۇ قىلىقى غەلىتە! — دەپ تەبەسسۇم بىلەن تەئەججۇپلەندى ئۇدزەر تېگىن، — خۇددى مانا بىز مۇشۇ يەردە دېگەن سىياقى ئوت ياققىنى ياققان...»

يەرگە ئوبدانلا يوروق چۈشكەن ھەم ئۆزلىرىنى دۈشمەننىڭ بايقىشى مۇمكىن بولغان بىر پەيتتە، ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ ئىلگىرىلىگەن ئۇدزەر تېگىن، لەشكىرى ئەگىز ئېدىرنىڭ ئېتىكىگە ئولىشىپ توختىشى بىلەنلا كىمدانلار يوقىرىدىن ئېدىر قاپتىلىغا ئېغىپ چۈشۈپ، ئوق ياغدۇردى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇلارغا جاۋابەن ساداق تارتىشتىيۇ، لېكىن ئانچە بىر غەيرەت - كۈچىنىش بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ھېچ نېمىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئەنئەنە ئۈچۈنلا ئېتىشقاندەك بولدى. (دېمىسىمۇ قارشى سەپلەرگە ئاران يېتىپ كېلەلىگەن ساداق ئوقلىرى قېلىن تېرە كىيىملەر كىيگەن، باشلىرىدا تۈلكە - بۆرە تۇماقلىرى بار لەشكەرلەرگە ئانچە بىر زەخمە يەتكۈزەلمەيتتى. پەقەت ئايرىم مەككار مەرگەن ئۈستىلار تەرىپىدىن ئېتىلغان زەھەرلىك ئوقلارلا، ئاتلار ئۇچىسىغا سانچىلىش بىلەن ئۇ جانىۋارنى خاراپ قىلاتتى.)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېدىر ئېتىكىدىن سول يوقىرىلىنىشىنى، ئاندىن ئۇلار ئۈستىگە تاشلىنىپ، ئوڭدىسىغا ئۆرۈۋېتىشنى كۈتكەن تامتۇق خان بىر چاغدا، ئاق بوز ئات بىلەن ئالغا چىقتى - دە، ھېچكىم كۈتمىگەن قارامىلىق بىلەن نەيزىسىنى روسلاپ، ئۇدزەر تېگىنگە قارشى بەت ئالدى. ئۇ دەسلەپكى دەقىقىلەردە قۇۋۇ، لېكىن قورققانچاق ۋە قۇۋۇەتسىز قولباشچىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ، ئاندىن ئېتىغا قامچا باسقان ئۇدزەر تېگىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى، خۇرسەن بولۇپ، گويا ئىستىگەن ئوۋىغا دۇچ كېلىپ قالغاندەك ھاياجانلاندى... ئەپسۇسكى، «كۆزگە ئىلمىغان — پوتقا چوماق» دېگەندەك، ئۇلار بىر - بىرىسىگە يېقىنلىشىپ، نەيزىلىرىنى ئۇرغاندا، بىر - بىرى بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكى سېزىلدى. ئۇلارنىڭ نەيزىلىرى بىر - بىرىنىڭ گەۋدىسىگە ئەمەس، مۇزغا ئورۇلغاندەك، تېيىلىپ، قاڭقىپ، كۆككە كۆتۈرۈلدى... سەردارلار بىردىن قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى بۇراپ يانداشتى! شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئېگىز ئېدىر تەرەپتىن سەل - قىيانداك كېلىۋاتقان مىڭلارچە لەشكەرلەرنى بايقىدى. بۇ ھالەت تامتۇق خاننى روھلاندۇرغان بولسا، ئۇدزەر تېگىن كۆڭلىدە «دۈشمەن ئارقىغا ئۆتكەن لەشكەر ئۆلگۈرەمدۇ - يوقمۇ؟! ئەگەر بولمىغاندا، لەشكەرلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقىچە مۇشۇ مەخلۇقنى قۇرۇتسام بولاتتى!» دېگەن ئەندىش ھاسىل قىلدى.

ئۇدزەر تېگىن چاقماقتەك چاققان قىلىچلىشىشقا باشلىغان كېچىككىنە تامتۇق خاننىڭ قىلىچىغا شۇ قەدەر زەربە بىلەن قىلىچ ئۇردىكى، رەقىبىنىڭ ئوڭ قولى قايرىلىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى سول قولى بىلەن ھەرىكەتلەندى... شۇ چاغدا ئۇدزەر تېگىننىڭ دۈشمەن كەينىگە قويۇلغان قوشۇنلىرى كۆرۈندى. (بۇ بولسا - ھەربىر جەڭچىنى قولباشچىنى چەكسىز تەۋرىتىدىغان، روھلاندۇرىدىغان، ھەتتا يارىدار مېيىپلارنى جانلاندۇرىدىغان ئەڭ ئىزگۇ، ئەڭ بەھرىمەنلىك جەڭگىۋار ھالەت — پەيتتۇر!) بىر نەچچە دەقىقىلەردىن كېيىن، كىمدانلارنىڭ چېرىكلىرى ئىككى تەرەپتىن گىرەگە ئېلىندى. بۇنى كۆرۈپ باياتىن بېرى شۇ قەدەر جاسارەت، غەيرەت كۆرسەتكەن تامتۇقخان ئۆزىنى - ئۆزى يەرگە تاشلاپ، گويا قاغىش بالىدەك باش - كۆزىنى ئورلاپ، يىغلاشقا باشلىدى. ئۆز باشلىقىنىڭ بۇ خىل ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرگەن يارانلىرى خۇددى بۆرىلەر ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ غوژمەك بولۇپ قالغان ئىلقا ئۇيىرسى كەبى، تامتۇق خاننى ئوتتۇرىغا ئېلىشتى. ئۆز رەقىبىنىڭ ھالىتىگە سەسپىلىپ، ئېچىنغاندەك بولغان ئۇدزەر تېگىن، جەڭنى توختىتىشقا ناغرا چېلىشنى بۇيرۇدى. بىراق، شۇ ھامان «ئەگەر بىز شۇنداق ھالەتتە بولساق، بۇلار... بۇ تامتۇق خان ئېچىنماس ئىدى...» — دېگەن ئويىنىمۇ ئويلىدى.

— ئەي، تەبىر... خان، — دەپ تامتۇققا مۇراجىئەت قىلدى ئۇ، — مەن قان تۆكۈشنى ئىستىمەيمەن.

سىنىڭ ئىلمىڭغا چاپقىنىم، سىنىڭ شاتولار بىرلە بىزگە قىزغۇنلارچە ياۋۇزلۇق قىلغىنىڭدۇر. مىنىڭ ئۇور-
ۇمدا سەن بولساڭ جۇدەپ - هارغان ئىلمىنى، قوشۇنلۇرۇمنى ئايىماس ئىدىڭ. مەن سىنىڭ ئىلمىڭنى،
يارانلىرىڭنى ئاياۋاتىمەن. بۈگۈن مەن ئۆزۈڭمۇ ماڭا قارشى زور ئەرلىك كۈچىنى كۆرسەتتىڭ... ئەمدى
مەن بۇ ئەتراپتىن قان تۆكمەي كېتىشنى ئىستەيمەن - بۇ ساڭا قۇت، بەخت بولۇر. شۇڭلاشقا بارلىق
ياراق، ئات - ئۇلۇغىڭنى، قورال - ياراقىڭنى ماڭا قالدۇرۇپ، يۇرتۇڭغا قايت!

ئۇزاق سۈكۈناتتىن كېيىن، تامتۇق خان ئاران - ئاران زۇۋانغا كەلگەندەك بولدى:

— بۇنداق تىرىك قالغىنىم — ئۆلۈمدىن ئېغىر بولۇپ تۇر ماڭا...، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ چارىسىزلىق-
ىنى ئېتىراپ قىلىپ، — بىراق، مىنىڭ ئىلىم ئۇيغۇرلار ئالدىدا ئەيىبلىك ئەمەس: سىلەر بىزنى يۈز يىل
چېپىپ، ئۇرغاندا بىز سىنىڭ ئورداڭغا بىر قېتىم باردۇق، راست. شۇندىمۇ، هېچ بايلىقىڭنى ئالمىدۇق،
ئىلىڭنى قىرمىدۇق. سەن بولساڭ بىرىنچى بولۇپ، مىنىڭ ئىلىم بىلەن ئىلىمغا چاپتىڭ...

— بولدى، تالاشنى قوي، تامتۇق! دالا ئەللىرىنىڭ يولىنى بىلۇرسەن، يېڭىلگەن - يەڭگەننى سىنى-
ماس. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سەن بىزنىڭ ئوردىغا هۇجۇم قىلىپ بارغانىدا قىرغىزلاردىن تاياق يەپ
قاچتىڭ. بىزنىڭ ئەلنى قىرغىدەك، مال - مۈلۈك بايلىقىنى ئېلىپ كەتكۈدەك كۈچىڭ بولمىدى. بىزنىڭ نې-
مىسىگە ماختىنارسەن؟! نومۇسلانساڭ بولۇر.

يەنە غەزەپ — سەپراسى قوزغىلىشقا باشلىغان ئۇلۇدزەر ئۆزىگە ئۆزى سەۋرى - تاقەت بېرىپ، بىر
ئاز جىمجىت ئولتۇرۇپ تۇردى - دە، ئاندىن ئۆز سەردارلىرىغا، دۈشمەننىڭ ئات - ئۇلاغ، قورال - يا-
راقلىرىنى ئېلىپ قايتىش بۇيرۇقىنى بەردى ۋە:

— قۇرۇق سۆز قىلماي، ئاخىرقى تاپشۇرۇقۇمنى ئاڭلا، تامتۇق خان! — دېدى يەنە، — ئەگەر سىلەر —
كىدان، شاتو هەم باشقا قوشنا يۇرتلار مىنىڭ ئورخون - تولا بويىدا قالغان ئازدۇر - كۆپتۇر باغرىلى-
رىمغا زورلۇق قىلار بولساڭلار، مەن ئاشۇ سېرىق دەريا (خۇاڭخې) بويىدىن كېلىپ، بارىڭنى قىرىپ تاش-
لايمەن! خوتۇن - قىزىڭنى ئولجىغا ئېلىپ كېتۇرمەن! هازىرغا ئۆزۈمنىڭ يېتىم - يېسىرى يېتىپ ئاشۇر.

جىنىدىن كەچكەن ئەھدە قورقۇنچ نېمە قىلسۇن، خان تامتۇق تېخىر يەنە قارشى سۆز قاتتى:

— كۈچلۈك ئېرۇرسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى قىرغىزنى قىر تېگمىن. ئۆزۈڭ بىلۇرسەن، ئاجو
نويان، بولغۇن باتۇرلار ئەمدى، ئۇ ياقتا باستۇرماس. بىزمۇ ئەمدى بۇ ياقلاردىن بېزىپ كېتۇرمىز...

— بۇ ئېيتقىنىڭ دۇرۇستۇر، — دېدى ئۇلۇدزەر تېگمىن... يۈز يىللاردىن بېرى سىلەر بىرلە قاتار يا-
شاپ، قاتار كۆچۈپ - قونۇپ كەلگەن بىز ئۇيغۇرلارنى ياماللىماي، رەهمەت ئېيتىپ قال.

ئۇ ئېيتىمغا قامچا باستى.

# XIX

كۆشى - سەيدان غولى ئەتراپىدىكى قىرغىن ۋە قانلىق ۋەقەدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار كۆچ-ى تا خۇاڭخې
دەرياسىغىچە بىر ئايغا قەدەر خاتىرجەم ئىلگىرىلىدى. ياراق ئاتلارمۇ، قورال - جابدۇقمۇ يېتەرلىك بول-
غاچقا، ئوتتۇز مىڭغا يېقىن ئادەم، ئاساسەن، ئۆزلىرىنى تاماق بىلەن تەمىنلەش، ئاغرىق - سىلاقلارنى
داۋالاش ئوخشاش ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلمەكتە. جەنۇبقا سىلجىغانسېرى كۈنلەر ئىسسىپ، با-
هارنىڭ ئىللىق پۇراقلىرى ئەتراپقا يېيىلىپ، كۆكلۈلۈك مەنزىرىلەر رۇي كۆرسىتىپ كەلسىمۇ، ماڭال - ۋاق-
ران تېخى ئورۇق بولۇپ، پۈتۈن ئەل ماي - گۆشتىن قىسىلغانىدى. ئۇلارغا قوتازلارنىڭ قويۇق سۈت -
قايمىقى، تېتىر - تۆگىلەرنىڭ سۈت - قىمىزلىرى مەدەت بېرەتتى... بولۇپمۇ، ئورخون — تولانىڭ ئەڭ جە-
نۇبىدىكى، ئىزەلدىن ئۇيغۇرلارغا دوست هەم هەمنەپەس ئەللەرنىڭ بىرى — تاڭغۇتلارنىڭ ياخشى قارشى
ئېلىشى، بەرگەن يارەملىرى ئۇلارغا روهىي هەم جىسمانىي كۈچ قوشقاندەك بولدى. تاڭغۇتلار خېنى ئۇلۇد-
زەر تېگىننى، ئۇ باشلىغان كۆچنى دوستانە قارشى ئېلىپ مىڭغا يېقىن سېمىز قوي، يۈز تۆگىگە ئارتقان
گۈرۈچ، سۆك، قىزا - قارت، قۇرۇت - ئىرىمچىك قاتارلىق ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلۇد-
زەر تېگىن ئۆز نۆۋىتىدە تاڭغۇتلار خېنىغا بىردىنبىر شۇڭقارنى ۋە قوردۇمنىڭ كۈمۈچ ئىگەر - توقۇم-
لۇق داڭلىق يورغىلىرىدىن بىرىنى سوۋغا قىلدى. ئەڭ مۇهىمى ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ: ئەگەر كەلگۈسىدە
ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماق بولۇپ قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلسا، تاڭغۇتلار ئۆزلىرىنىڭ قوشۇلىدى-

خانلىقىنى، ئۇدزەر تېگىنمۇ تاڭغۇتلار ئېلى قىيىنچىلىقتا قالسا، قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

توختى تىلماش، دورغۇن – دۆكەي، مۇزغاپ مەرگەن قاتارلىق ئاقساقاللار ئەمدى ئەنە شۇ بىر ھوردىدەك قىممەت ئۇزۇقلارنى ئەلگە سەپ – سەپ بىلەن تەقسىم قىلىپ، ئادەملەرنى ئازدۇر – كۆپتۇر گۆش ماي بىلەن تەمىنلەپ تۇرسا، ئۇدزەر تېگىن باشلىق سەردارلار ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن ئېشىپ قالغان ئات – ئۇلاغ، قورال – ياراقنى ئىگىلەشكە تېگىشلىك ياشلارنى تاللاپ، ئۇلارنى ھەربىي مەشقلەردىن ئۆتكۈزۈپ بارماقتا... لېكىن ئوتتۇز مىڭغا يېقىن نوپۇس ئىچىدىن، ئونبەش – ئوتتۇز ياشقا كىرگەن ياشلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئۇلاردىن يەنە بىر مىڭ كىشىلىك لەشكەر تۈزۈش ئىمكانىيىتى بولماي، ئۇدزەر تېگىن چوڭقۇر ئەپسۇسلاندى. ئۇ كەلگۈسى زور ۋە ھەل قىلغۇچى ھەربىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ مۇقەررەر ئۈچ چوڭ قوشۇندىن ئىبارەت بولۇشقا تېگىشلىك ئىمكانلىكىنى ئېيتىپ، بىئارام بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرقانچە يۇرتلاردىن ئاتلىنىپ كەلگەن ئەللىك – ئاتمىشقا يېقىن قىز، ئۆزلىرىنى ھەربىي سەپكە ئېلىشنى ئۆتۈندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەرچە كىيىنگەن بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا ئاتىلىرىدىن، ئاكىلىرىدىن قالغان قىلىچ، ساداقلارنى ئېسىشقان ئىدى. دەسلەپكى دەقىقىلەردە تېگىن تەئەججۈپلىنىپ قالدى – دە، ئاندىن ئۇ زور ھاياجانغا ۋە خۇرسەنلىك سېزىملارغا چۆمۈلگەن ھالدا:

— سىلەرنىڭ ئاتا – ئانىڭلار كۆنەرمۇ شۇنىڭغا ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆندۈردىمىز. بىلگە كۈچلۈك ئاغا! — دېدى قىزلارنىڭ يېتەكچىسى سۇمبۇل سۇلاۋ ئىسىملىك چەۋەر ۋە گۈزەل قىز.

— ئۆتمۈشتە ياۋغا قارشى ئۇرۇشقان باتۇر خوتۇن، قىزلار كۆپ بولغان. سىلەرنى بىز ساداق تارتىشقا، قىلىچ چېپىشقا ئۆگىتەرمىز... نەيزىگە بولماس: نەيزىلىشىش – ئەرلەر ئىشى. دېگەن سۆزلەر بىلەن قولباشچى ئۇلاردىن يەنە قانچىلىك قىزنىڭ شۇنداق ئاتلىنىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇردى.

— بىز بارى يوقى بەش ئاۋۇلدىن، — دېدى ئۇلار، — بارلىق كۆچتە قانچە – ئاۋۇل- يۇرت باردۇر، ئاغا؟

— يۈزگە يېقىن.

— ئۇندا، مىڭغا يېقىن قىز ئاتلىنار!

— ياخشى بولۇر! — دەپ ئۆزىنىڭ خۇرسەنلىكىنى بىلدۈردى قولباشچى، — بۈگۈن ئاقساقال ھەم سەردارلارغا بايان قىلۇرمەن. سىلەر ئەرتىگە كېلىپ بىلۇرسىلەر.

ئەپسۇسكى، ئاقساقاللارنىڭ ئۈچىلىسى مەزكۇر مەسىلىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ دىنىغىمۇ، ئەلنىڭ ئەنئەنىسىگىمۇ خىلاپ كېلىدىغانلىقىنى... ئۆزگە ئەللەر، ھەتتا دۈشمەنلەر ئالدىدىمۇ ئۇيات – نومۇس بولىدىغانلىقىنى دەلىللەشكە تىرىشتى. سەردارلار بولسا ئۆز قولباشچىنىڭ نىيىتىنى قۇۋۋەتلەپ ئات قويلىقىدا ئويناپدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى رەسمىي جەڭ قىلىشقا ئۆگىتىش مۇمكىنلىكىنى، ئۇلاردىن ئەڭ كېرەك پەيتلەردە، يەنە دۈشمەننى قورشاپ، ئۇنىڭ كۈچىنى بۆلۈش، قايمۇقتۇرۇپ، كېرەك ياققا ئېغىتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پايدىلىنىشنىڭ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتى.

شۇندىمۇ ئاقساقاللار خۇسۇسەن، دورغۇن دۆكەي بىلەن مۇزغا مەرگەن نارازىلىق بىلدۈردى. سەۋرى – چىدامى چېكىگە يەتكەن ئۇدزەر تېگىن ئاخىرى:

— ئەگەر بىزلەرنى ياۋلار يەنە يىمىرىپ، ئېلىمىز بىلەن شۇ قىزلارنى قۇل قىلىپ ئالسا نومۇس ئەمەسمۇ؟! ئەگەر بىز شۇ قىزلارنىڭ ياردىمى بىرلە، ياۋنى يىمىرسەك، ئەلنى ئامان قالدۇرساق، ئەلنى سۆيگەن شۇ قىزلار ئۈچۈن قۇت ئەمەسمۇ؟! سىلەر نېچۈك، «نومۇسنى ساقلاپ، ياۋنى يىقلاپ ئىش قىلمىغىمۇ؟! ئۇ چاغدا، ئۆزۈڭلەر ھەم قولغا قورال ئېلىپ، ئۆز يۇرتۇڭلاردىن لەشكەر يىغار بولۇڭلار! مەن قىزلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرۇرمەن!

ئالىي قولباشچىنىڭ قەتئىي ۋە ئۇزۇل - كېسىل سۆزىنى ئاڭلىغان مۆتىۋەرلەر بىردىن بېسىلىپ قايىل بولۇشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئۇدزەر تېگىن سەردارغا ئەتە – ئۆگۈن ئىچىدە كېلىدىغان قىزلارنى قورال – ياراق بىلەن تەمىنلەپ، قىسىم – قىسىملارغا بۆلگەچ ئەڭ زۆرۈر ھەربىي مەشقلەرنى ئۆگىتىشنى بۇيرۇدى.

× × ×

ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىكىنى، لېكىن ئارتۇقچە كەتكەنلىكىنى سېزىپ كېچىچە بىئارام بولۇپ، ئەتىسى ھەم قايتا، قايتا ئۆزىنى ھەم سۆككەندەك ئويلىنىپ بارغان ئۇدزەرنىڭ خىيالىدىن، ھەرھوم ئاتىسىنىڭ ۋە-

سېيىت سۆزلىرى كۆچتى. ئۇ ئەر يېتىپ، يىگىت ئاتالغان بىر، چاغدا ئاتىسى رەھمەتلىك: «سېنىڭدە بىر كەملىك باردۇر، سېنىڭدە تېخى سالماقلىق كۆرۈنمەي كېلىۋر، ئاچچىقتا تېز باسۇرسەن. بىز — تېگىنلەر ئۇرۇقى، ئەل ئاغىسى — ئەلتەبىرلەر بولۇرمىز، ئەقلىك، تاپقۇرلىقىڭ يېتۇر... ئەمدى شۇ سالماقلىق بولۇشنى ئۆگەن!» دەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بالا چىغىدىكى بەزى قىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ شۇنداق ئەگەشكەك بولغان ئىكەنكى، ھەتتا ئۇخلاۋېتىپ، ئاتىنىڭ ئاتلىنىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىدىغان ئىدى: ئاتىسى رەھمەتى قامچىنى قولغا ئالسا، ياكى ئىگەر — توقۇم تارىقلىسا، ئۇ بىردىنلا ئەگىشىپ — يامىشىشقا ھازىر بولاتتى. بىر كۈنى ئاتىسى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن، شەھەرنىڭ چېتىگە چىققاندا كەينىگە قارىسا، — يالاڭئاياق ئۇدزەر يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىدەك. ھەددى - ھېسابسىز ئاچچىقلانغان ئاتا، ئۇنى قورقۇتۇپ قايتۇرماق بولۇپ كېيىن قوغلايدىكەن؛ قامچا بىلەن ئۇرماق بولغاندا، ئۇدزەر شەھەر تەرەپكە تارتىلغان چوڭقۇر ئېرىققا چۈشۈپ قاچقان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسى ئىشلىگىنىگە خۇشال بولغان ئاتىسى:

— كىچىك تۇرۇپ، ئېرىق ئىچىدە ئۆزۈڭگە قامچىنىڭ يەتمەسلىكىنى بىردىن بىلگىنىڭنى قارا، — دەپ ئاتقا مېنىدۇرۇپ ئالغانىدى... يەنە بىر قېتىمدا ئاساۋ ئاتنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، مېنىگىنىنى كۆرگەن ئاتىسى: «بۇ تاپقۇر بىلگە بولۇر» دەپ زوقلانغانىدى.

ئۇدزەر تېگىن مەزكۇر خاتىرىلەرنى ئەسلەپ ئۆزىنى - ئۆزى ھەم سېغىنغاندەك، ھەم ئاقلىغاندەك ئويلارنى كەچۈردى... ئاخىردا: «بارلىق ئىش — ئەھۋالغا باغلىقتۇر» — دەپ ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بەردى. دەرھەقىقەت، ھەممە نەرسە ئۇنى قورشىغان، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك؛ پەقەت ئۇنىڭ ئىشتىياقى بىلەنلا ھەل بولۇشقا تېگىشلىك مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا باغلىق ئىدى. مانا ئۇنىڭ غايەت چوڭ كۆچى — بىر ئەل، بىر دۆلەتتىن قالغان ئۇنلىغان مىڭ ئائىلە سېرىق دەريا بويىغا كېلىپ ئۇلاشتى؛ ئۇلۇغ دەريانى ياقىلاپ مېڭىش، خىلمۇ - خىل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى، تېرىلغۇ يەرلەردىكى دېھقانلارنى، توپا - تاشتىن ياسالغان مەھەللە، قەلئەلەرنى، ئۇ يەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈش، ھەممە ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئاياللار، ياشلار ئۈچۈن، ئىنتايىن قىزىق ئىدى. ئادەم دېگەن ھەرقانداق شارائىتتا ئادەم بولغاچقا، كۆپ ئىچىدىكى ياش - قېرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، مەھەللە - شەھەرچىلەردىن ئۆتكەندە، ئۇ يەرلەردىكى بارلىق نەرسىنى، خىلمۇ - خىل يېمەك - ئىچمەك، نازۇ - نېمەتلەرنى، قوي - ئۆچكىلەرگە تېگىشىپ ئېلىشاتتى. خىتاي سودىگەرلىرى قىزىقىدىغان ئىلقا مالنى ئالماشتۇرۇشنى ئۇدزەر تېگىن قاتتىق مەنئى قىلغانىدى. بىراق مەھەللە - شەھەرچىلەردىكى خىتاي، تۇڭگان تىجارەتچىلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىشقاندەك ئۆزلىرىنىڭ تاۋارلىرى ئۈچۈن، پەقەت ئات بىلەن تۆگىلەرنى تەلەپ قىلىپ، باشقا نەرسىگە ھېچ نېمىنى ئالماشتۇرۇشقا ئۇنىمايتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇدزەر ئۆز ئاقساقال سەردارلىرىنى يىغىپ: ئەگەر تابغاچلار قوي - ئۆچكە، تېرە - ئەلتىر ۋە باشقا ئېسىل بۇيۇملارغا ئۆز نەرسىلىرىنى ئالماشتۇرمىسا، ئۇلارنىڭ سودىگەر ۋە كاسىپلارنى مەجبۇرلاشقا ئىجازەت قىلدى.

بىراق، تېگىنىنىڭ بۇ «ئىجازىتى» ئەمەلدە ئومۇميۈزلۈك بۇلاڭ - تالاڭ، غۇل - غولا ۋە تاياق - توقماققا ئايلىنىپ كەتتى، ئاخىرى...

— شۇنىڭ ئۆزىمۇ دۇرۇس! — دەپ ھېچكىمنى چەكلىگىنى يوق ئۇدزەر، — بۇ ئەتراپنى تىبەتلىكلەر ھۇجۇمىدىن قوغداپ، باي ياشاۋاتقان بىزنىڭ باغىرلار يەنە بىزگە ھېچ نېمە بەرمەي، ئۆزىمىزگە سۇ بىلەن ھاۋادەك كېرەك. ئات - تۆگىلىرىمىزنى يۇناپ ئالماقچى بۇ قۇۋلار! مەن تېخى ئومۇمىي تارخان بىرلەن ئۇلگىدە تېگىننى ھەم قاتتىق سۆكۈمەن: ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ ئەتراپنىڭ ئىلىگە بىز ئۇيغۇرلارنى ياخشى كۈتۈشنى بىلدۈرمىگەن؟!.

ئۇدزەر تېگىن شۇنداق ئويلىسىمۇ، ھەر ھالدا، يەرلىك ئاھالىنى ھەددى - ھېسابسىز قىستاش تەردىپىگە ئۆتكەن قوراللىق ئۇيغۇر قىزلىرىنى بىر ئاز چەكلىمەك بولدى - دە، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرىنى چاقىرىپ، تۆۋەندىكى نەسىھەت سۆزىنى قىلدى:

— ئارتۇق بولاڭ - تالاڭ بولماس، قىزلار. مەن بۇ ئەتراپتىكى قۇۋ سېتىقچىلارنى ئايىپ ئولتۇرغىنىم يوق. مەن سىلەرنى ئايايمەن: ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى راستىنلا ئۆزلىرىنىڭ بۆرە بوۋىلىرىغا تارتاركەن، دەپ قالار تابغاچلار. بۇ بولسا — بىزنىڭ نومۇسقا تېگۇر، بىزدە مال يېتەرلىكتۇر، ئالماشتۇ-

روپ ئېلىش ياخشى. تەڭرى قوۋۋىتى بىرلە، ئامان - ساق بۇ يەرلەردە ئولتۇرۇپ ئالۇرمىز، شۇندا مەن سىلەرگە كارۋان - كارۋان ياخشى كىيىم — كېچەكلەر ئالدۇرۇپ بېرۇرمەن.

قىزلار ئۆز - ئۆزىدىن ئۈيۈلۈپ، خىجىل بولۇشتى - دە، يەرلىك ئاھالىنى ئۇرۇپ - سوقۇشنى توختاتماقتا ۋەدە بېرىشتى. لېكىن ھېكىلىغان ئاھالە ئىچىدىكى بەزى بىر ئاددەملەر ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئىككى ئەسىردىن بېرى جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۈزۈل - كېسىل، توختىماي سوقۇشۇپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار تىبەت قىسمىغا قارشى تاڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىۋاتقان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى سىرتتا، دەريا بويىدىكى يېزا - قەلئەلەردىن خېلى يىراقتا بولۇپ، قورغان ۋە سېپىللار ئىچىگە ئورۇنلاشقان تاڭ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال - ئوفىتسېرلىرى، خاتىرجەم، ئەيش - ئىشرەت بىلەن ياتار ئىدى. ئۇلارنىڭ باش شىتابى ئېگىز سېپىللىق چوڭ گانجو شەھەرگە، قالغان ئاساسىي ئۈچ قىسىم شىتابلىرى شەھەر تۆۋىنىدىكى نەندە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى خۇبېي، يۇقىرىسىدىكى دۇڭبېي زاستاۋلىرىدا جايلاشقان ئىدى. يۈز چاقىرىمغا قەدەر سوزۇلغان بۇ تەۋەدىكى مەھەللە - شەھەرلەرنى تاڭ گېنېراللىرى ئەينە شۇ مەركەزلەردىن چارلىغۇچى، ئالۋاڭ - ياساق يىغقۇچى، تەرتىپ ئورناتقۇچى چېرىك - ياساللىرى بىلەن ئىدارە قىلاتتى. شۇ تۈپەيلى ئۇيغۇرلار كۆچۈپ بېرىدىغان زاستاۋا نەندەگە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تاڭ ئەمەلدارلىرى، ئۇدزەرنىڭ كۆچىنى ئالغا سىلجىتماي (يېزا - قەلئەلەرگە يولاتماي) مۇمكىن قەدەر، سىرت دالاغا يۆنەلدۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەنىدى. خانىشلىق نامىدىن بېرىلگەن بۇ بۇيرۇقنى ئۇدزەر تېگىن پىسەنت قىلماي، ئىلگىرىلەۋەردى - دە، ئاخىرى ئازدۇر - كۆپتۇر توقۇنۇشتىن كېيىن، نەندەنى ئىگىلىدى. بەختكە قارشى شەھەرچە ئىچىدىكى غۇل - غۇلىدىن كېيىن، چاپسانلىق بىلەن گانجوغا قاراپ قاچقان تاڭ چېرىكلىرى قانداقتۇ ئۆز قىسمىدىن بۆلۈنۈپ، بىر تار كوچىغا كىرىپ قالغان ئونچە ئۇيغۇر قىزىنى، جۈملىدىن ئۇلارغا يېتەكچى بولغان سۇمبۇل سولاۋنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

مەزكۇر ئەھۋالدىن چەكسىز غەزەپلەنگەن ئۇدزەر تېگىن، گانجوغىچە بولغان بىر كۈنلۈك مۇساپىنى ۋە تاڭ چېرىكلىرىنىڭ قاچقان ۋاقتىنى ھېسابلاپ، ئەڭ ئىلدام، ئەڭ بەرداشلىق ئاتلارغا ئىگە يارانلىرىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ، توختى تىلماچقا بۇيرۇدى:

— ئۇلار شەھەرگە ئۇلىشا - ئۇلاشماي يېتەر بولۇڭلار: ئاندىن باش قولباشچىسىغا ئېلىپ كىرۇر بولسۇن سېنى. سەن ئۇنىڭغا ئېيت: سۇمبۇل سولاۋ باشلىق قىزلارنى تېز قايتۇرسۇن - دە، ماڭا ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتسۇن. بولمىسا، «بىزدە بىر تۈمەن لەشكەر بار... دەپ ئېيت. ئەگەر، ئۇنىمىسا ئۇلار ئۇدزەر تېگىن گانجونى ئوتتا ئۆرتەپ، ئۆزۈڭلارنى دەرياغا چۆكۈرەر». دەپ ئېيت!

تاڭ چېرىكلىرىنىڭ باش قوماندانى ۋاڭ لىن. ئۇدزەر تېگىننىڭ شەرتىنى قۇرۇق پوپوزا دەپ چۈشەنگەنىدى. بىرىنچىدىن، شۇنچە قىزغىن ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ بىر قىسمىدا تۈمەن ئەسكەرنىڭ بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن ئۇدزەر تېگىننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىگە ئىگە تاڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ھەددى يوق دەپ ئويلايتتى. شۇڭلاشقا ئەسىر ئېلىنغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى پادشاھ ئۈچۈن سوۋغا رېتىدە چاڭئەنگە ھايداتتى - دە، توختى تىلماچ باشلىق ئادەملەرنى گانجو زىندانلىرىنىڭ بىرىگە بەنت قىلدى. ئۇلاردىن پەقەت ئىككىسىنىلا كېيىن قايتۇرۇپ، ئۇدزەر تېگىننىڭ ياخشىلىق بىلەن كۆچىنى ئېلىپ بۇ ئەتراپتىن كېتىشىنى خەۋەرلىدى.

× × ×

ئايغاقچىلار ئەكەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، غەزەپى ئۆرلىگەن ئۇدزەر تېگىن ياڭلىباشتىن ئورخۇن قۇردۇم يېنىدا جەڭ قىلغىنىدەك تىنىمسىزلىك ھالەتكە كېلىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممىنى، ھەتتا قېرى بوۋاي - موماي لارغىچە ئىنتىقام ئېلىش تەشنالىقىغا ئىگە قىلدى. ئۇ بارى - يوقى بىر كۈنلۈك تەييارلىقتىن كېيىن، يەنى نەندە بىر نەچچە يۈز بېشى بىلەن قىزلار قوشۇنىنى قالدۇرۇپ، ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن يولغا راۋان بولدى ۋە بىر كۈندىن كېيىن، قاراڭغۇ كېچىدە، شەھەر چېتىگە يېتىپ كېلىپ چېدىرلار تىكىشتى - دە، نۆۋەت بىلەن غىزالىنىپ، نۆۋەت بىلەن ھاردۇق ئېلىشتى.

يەرگە يورۇق چۈشۈشى بىلەن، توغرا شەھەر سېپىلى دەرۋازىلىرىغا ماڭدى. بىراق ئۇلار شەھەر ئەتراپىدا ھېچ كىم كۆرمەي، ھېچ قانداق ئاۋازنى ئاڭلىماي ئىنتايىن ھەيران بولۇشتى. شەرق تەرەپتىن

چىقىۋاتقان مەيىن شامالدا بولسا، ئۇلۇق دەريادا بىردە تونجۇققان بوغۇق، يەنە بىردە - راۋان، ياڭراق شاۋقۇن — سادالىرى ئاڭلىناتتى.

— دېمەك، تابغاچلار قولباشچىسى بىزنى سېپىللار ئۈستىدىن قارشى ئالماق، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇدزەر، — بىزدە سېپىللارغا يارمىشار شوتا - ياغاچلار يوقتۇر. شۇڭلاشقا ئەڭ بۇرۇن يېقىنلاپ كېلىپ، ئۈچ مىڭ سادىقتىن سېپىل ئىچىگە تىك چۈشۈرۈپ ئوق ئاتارمىز. بولمىسا، شەھەرنى قامال قىلىپ، تابغاچلارنى ئاچتىن قىرىۋېرىمىز!... ئۇلارنىڭ ئىچەر سۈيىنى شەھەرگە كىرگۈزمەي بوغارمىز! نېمە دېگەن قۇۋ يىلپىزلار بۇ، ھە!... — دەپ ئۇدزەر تېگىن تاڭ قوماندانلىقىنىڭ كۆچمەنلەردەك ئوچۇق مەيدانغا چىقىپ ئېلىشماي، بىكىنىپ تۇرۇۋالغانلىقىغا نەپرەتلەندى.

دەسلەپكى ئوقيا ئوقلىرىنى يالىندۇرۇشتىن ھېچ سادا چىقمىدى. ئەكسىچە، سېپىل ئۈستىدىن ئېتىلغان تاڭ چېرىكلىرىنىڭ ئوقلىرى، ئۇيغۇرلارنى سەل يىراقتا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ئاردىن بىر كۈن، ئىككى كۈن ... ھەتتا ئۈچ كۈنمۇ ئۆتتى — يەنە شۇ مودھىش جىمجىتلىق! شەھەر سېپىلىنى، ئاساسەن ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىنى قامال قىلىپ تۇرغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى. ئەمدى سېپىل ئىچىگە ھېچ كىم، ھېچ نېمىنىڭ كىرەلمەسلىكىنى ۋە چىقالماسلىقىنى كۆزىتەتتى. ئۇلار شەھەردە نېمە بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. خىتايلار بولسا، ئۇلارنى ئاشكارا باياقاپ، ھەتتا قانچە ئاتلىق، نەيزىلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ھېسابلاپ چىققانىدى.

شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان بىردىن بىر سۇ مەنبەسى چوڭ ئۆستەڭ ئۆرۈلگەندىن كېيىن، توغرا بىر ھەپتە ئۆتكەندە، — سېپىل ئۈستىدە ئاق ئەلەم پەيدا بولدى. ئۇدزەر تېگىن خىتايچە بىلىدىغان نۆكەرنىڭ بىرىنى دەرۋازا قېشىغا ئەۋەتتى.

بىر پەستە نۆكەر قايتىپ كېلىپ، تابغاچلار قولباشچىسى ۋاڭلىننىڭ تېگىن بىلەن سۆزلەشمەك ئۈچۈن بارلىقىنى خەۋەرلىدى. تېگىن بارچە ئاقساقال، سەردارلىرىنىڭ قورشاۋىدا، دەرۋازا ئالدىغا كەلدى - دە:

— ھە، نېمە دەيسەن ۋاڭلىن !؟! — دەپ سورىدى. ئۇ ئۇزاقتا سوزۇلغان پاسق «ئويۇندىن» زېرىككەن ھالدا تىرىكىپ.

— ئاۋۋال سالاملىشىش كېرەكتۇ، ئۇدزەر تېگىن، — دەپ يەنە ئەقىل ئۆگىتىشتىن باشلىدى ياۋ باشلىقى، — بىز بىكار قان تۆكمەيلى، قارا، سەن ۋاقىتلىق نەدەگە بېرىپ تۇرغىنىڭدە، ئاندىن ھەر ئىككىمىز ئۇلۇغ خاقان كەيچەننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتەيلى.

— بۇرۇن سەن مېنىڭ كىشىلىرىمنى چىقار. ئاندىن، بىرگە يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكنى مالغا، ئاڭغۇش تېرىلىرىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان بول. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۆز لەشكەرلىرىمنى ئەپكېتىمەن. بولمىسا، سىلەرگە ياردەم قىلىپ، تىبەتكە قارشى ئۇرۇشتا تۇرغان، ئومۇسى تارخان، ئۇكىدە تېگىننى ھەم ئۆزۈمگە قوشۇپ بەردىبىر بۇ بالىقنى ئالۇرمەن!

ئۇدزەر تېگىننىڭ ئۆزلىرىنى يەر كىمىندىكى، ئاسمان تەڭرىنىڭ ئېلى، دەپ ھېسابلىغان جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن قىلغان شۇ خىل قاتاڭغۇر سۆزلىرىدىن ئۆزىنى يوقىتار ھالدا خاۋاتىر بولغان جياڭجۇن:

— زىدۋازىلار! — دەپ چېقىراپ دوكىرىنى چىقاردى، — مېنىڭ ئوزۇق - تۆلۈكۈم نەچچە ئايغا يېتىدۇ! — بۇلاڭچى قىزلىرىڭنى چاڭئەنگە ھايدىۋەتتىم. ئومۇسى بىلەن ئۇكىدە تېگىن ئولۇغ خاقانغا سادىق: ئۇلار ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ سېنى قىرىپ تاشلايدۇ! ھوشۇڭ بىلەن بول!...

ۋاڭلىن سۆھبەت تۈگىدى دېگەندەك ئارقىسىغا قايتىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

ئۇدزەر تېگىن كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ، ئادىتى بويىچە ساقال - بۇرۇتلىرىنى يوغان بارماقلىرى بىلەن چىڭ چاڭگاللىغان پېتى بىر دەم تۇرۇپ قالدى — دە، خۇددى ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بەرگەندەك قەيت قىلدى:

— توختا، قۇۋ تۈلكە!... مەن ساڭا ئايال - قىزلارنى ئوغرىلاشقانداق بولۇر كۆرسىتەرمەن! ئوزۇق تۈلۈك، ئىچەر سۈيىڭ يېتەر بولسا بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىڭ تايىن، — ئۇ ئەتراپىدىكى ئاقساقال سەردارلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— تۆمۈر قاپقىنى كۆردۈڭلار! بۈگۈن كۆز باغلىنىپ باردا بىر نەچچە يۈز ياران ئارقان، چۈلۋۇرلىرى ئۇچىغا چاڭگاكلار باغلىسۇن. تاڭغا يېقىن ئۇ چاڭگاكلارنى سېپىل ئىچىگە تاشلاپ، ئارقانلارغا يامىشىپ سېپىل ئۈستىگە چىقارمىز...

ئۇدزەر تېگىننىڭ ئويلىغىنى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ مۇۋاپپەقىيەتلىك نەتىجىگە ئىگە بولدى: نەچچە يۈزلىگەن جەڭچىلەر ئارقانلارغا ئېسىلىپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، كۆزەتچى چېرىكلەرنى ئوجۇقتۇر-

دىن، چوڭ دەرۋازىنى ئېچىپ، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تەڭ يېرىمى شەھەر ئىچىگە كىرگىچە قاراۋۇلخانىدا قىمار ئويناۋاتقان تابغاچلار ھېچ نېمىنى سەزمىدى. ئۇلار پەقەت ئاخىرقى قوشۇن دەرۋازىسىغا ئۇلىشىپ، بىر ئاز تىقىم، تىقىملىقتا شاۋ - شۇۋ بولغاندىلا، يەر جاھاننى زىلزىلە قىلىپ ئۆتۈۋاتقان ھەيكەلگە ئان تويناقلار تىۋىشىنى ئاڭلاپ، «ئەييا - ئەييا!» غا چۈشۈپ، ۋارقىراپ - جارقىراشقا كىرىشتى.

يەنە بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇدزەر تېگىن ئۆزىنىڭ ئېسىل ئېتىنى ئويناتىپ، توپ - توغرا جىياگجۇن ۋاڭ لىنىڭ شىرتابىغا كىرىپ باردى. بۇ قېتىمقى ھەردىكەتتە ئىككى ياقتىن ئانچە كۆپ چىقىم بولمىدى. پەقەت زىندان باشلىقى ئۆزلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمرانىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك، شۇ جۈملىدىن تۇختىي تىلماشنىمۇ قەتىل قىلغانىدى! بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۇدزەر تېگىن، ۋاڭ لىنىڭ كاللىسىنى ئالماق بولدى-يۇ، بىراق مۆتىۋەرلەرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئازدۇر - كۆپتۇر ئەسكەر بىلەن ئەركىنلىك بەردى.

— خاقان كەيچەنگە ئۆزەڭ ئېيتىت، دەپ تاپشۇردى ئۇ، — ئەمدى بۇ تەسكەي پېتىمىشدىكى بارلىق ئۇيغۇر، تابغاچ قوشۇنلىرىنى ئۆزەم باشلاپ، تىبەت قوشۇنلىرىنى دۆڭخۇاڭغىچە سۈرۈرمەن. ئاندىن تۇرپانلىق باغىرلىرىمنى باسقۇنچى ياۋلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، خان بولۇرمەن! يەنە شۇنى يادىڭدا چىڭ تۇت؛ بىزنىڭ قىزلار ساق - ئامان تېز قايتار بولسۇن!

ئاندىن ئۇدزەر تېگىن توختى تىلماشنىڭ دەيىن مۇراسىمىغىچە ئۇنىڭ قېرى ئانىسى، ئايال - بالىلىرىنى يەتكۈزۈپ كېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى - دە:

— بىلگە كۆچلۈك باغىرلار! — دەپ ئاسا-ەن سەردارلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى، — بىزنىڭ يولىمىز قىيىن. بىراق ئىزگۈلۈر قۇت بولدى. راست، بىر چوڭ ئاتىدىشىمىز، يۇرتداشىمىز توختى ئاغىدىن ئايرىلىپ قالدۇق... بىراق قىزلىرىمىزنى خاقان كەيچەن، ئامان - ساق قايتۇرار سۆزىمىز. ئۆزگىچە بولسا، گۇۋاھچى، ئەيىبى مېنىڭ بويىنۇمدا. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ھەم شۇنى ئېيتارمەن... ئەمدى پۈتۈن شەخسىي ئۆلكىسىنى ئۇيغۇرلار ئېلىگە ئايلاندۇرمىساق، بىزنى ئەتراپتا قۇتىرغان يىرتقۇچلار تالاپ تاشلار. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ئىشنى نېمىدىن باشلىساق بولۇر؟

— ئۆز ئويۇڭنى ئېيتقىن، تېگىن. بىز ئۇنى بولجوتماي ئورۇنلايمىز! — دېدى مۈڭگۈ باتۇر.

— ئۇ چاغدا مۇنداق بولسۇن: سەن ئەلتەبىر ئاقساقال، ئەمدى ئۆز يارانلىرىڭنىڭ ۋە ئاشۇ قورال لىق قىزلار بىلەن بۇ ئوردا بالىقنى، ئىچ - تېشىدىن كۆزىتىپ، تىنچلىق ئۈمۈر ئورناتقىن. نەندە قوردىقى ھەم ئۇنىڭ خەۋپلىك كۈن پېتىش - تەسكەي تەرىپىنى دوغون دۆكەي، توختى تۇتۇق باغىرلىرىمىزنىڭ لەش كەرلىرىگە تابغاچ چېرىكلىرىگە قوشۇپ قورشاپ تۇرۇر؛ مۈڭگۈ باتۇر سەن، ئۆز يارانلىرىڭ بىلەن يوقىرىقى تەرەپتىكى خۇبېي قورۇقىغا بارۇرسەن، تابغاچلار بىلەن تاماشا قىلىپ ياتقان ئۇموسى تارخاننى، يالغۇز ئۆز يارانلىرى بىلەن تىبەتلىكلەرگە قارشى ئۇرۇشۋاتقان ئۇلگەدە تېگىنىگە قوشۇل، دەپ ئەۋەت. ئۇنىمىسا ئۇموسى ماڭا كەلسۇن.

## XX

دەر ھەقىقەت، گەنجۇ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنىدىكى جايلاردا ھەددى - ھېسابسىز غول - غۇلا بولۇشقان تاڭ چېرىكلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەربىي، مەمۇردى ئورۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، بىۋاسىتە ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇش ئۈچۈن ئۇدزەر تېگىن، بىر ئايدىن كۆپ ۋاقىت ئاۋارە بولدى. تالاش - تارتىش مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك، قېلىچ - نەيزە بىلەن يېشىپ ئادەتلەنگەن تېگىننىڭ، بولۇپمۇ تاڭ مەنمەنچىلىكىنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان سودىگەرلەرنىڭ دەۋا - دەستۇر نارازىلىقلىرىغا ئىچى پۇشتى. شەھەر - يېزىلاردىكى ئاھالىلارنىڭ خاتىرجەملىك بىلەن ئىش ئوقىتىنى داۋام قىلىشى ئۈچۈن، ئۆزلىرى بېقىندۇرغان تاڭ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن پايدىلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇدزەر تېگىن، تىبەتكە قارشى ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش بولغان تاڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىردەك پايدىلىق يول تۇتقانلىقىغا كۆپچىلىكنى ئىشەندۇردى.

ئەمما ئاردا ئىككى ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، تېخى تاڭ ئوردىسىنىڭ خاقانى كەيچەندىن ھېچ بىر خەۋەر يوق. خاقان گەنجو ئەتراپىدىكى چىگىچ ئەھۋاللار توغرۇلۇق پايتەخت تەرەپكە ئىنتايىن

تېز سىلجىغان قورققانچاق جاگجۇن ۋاڭ لىندىن خېلى ئىلگىرى بىلىپ بولغان. چۈنكى ئۇدزەر تېگىننىڭ تەپسىلى ئاخبارات - مۇراجىئەتىدىن ئېلىپ بارغان چاپارمەنلەر خاقاننىڭ ھەر قانداق جايغا تىممىستىلاپ يۈرىدىغان ئايغاقچىسى قاچقۇن جاگجۇندىن ئىلگىرى يېتىپ بارغانىدى. ئەمما خاقان جاۋابىنىڭ كېچىكىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب — مەسىلىنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئالاھىدە نازۇكلىقىدا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ئاسمان تەڭرىسى دەپ ھېسابلايدىغان كەيچەن، ئوردىسىغا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر مەزكۇر مەسىلە بويىچە باش قاتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن مەجلىس ئۆتكۈزۈپ مەلۇم قارارغا كەلگەندەك بولدى.

ئۇدزەر تېگىننىڭ ئۆز مۇتەۋەرلىرى بىلەن دەسلەپكى كۈنلەردىلا ھەممىنى قولغا ئېلىپ، ئۆزىچە تەرتىپ ئورنۇتۇشقا كىرىشكەنلىكى: ئۈچ جىسەكچى بىرىگادىنىڭ ئۈچىسىگىلا ئۆز سەردارلىرىنى باشلىق قىلىپ، ئاقساقاللىرىغا ھەر خىل ساھەلەر بويىچە تۇتۇق تارخان مەنسەپلىرىنى بەرگەنلىكى، ھەم ئۇ ئەتراپتا ئىلگىرىدىن جەڭ مەيداندا ھەرىكەتلەنگۈچى ئۇيغۇر - تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىپ، ئالىي باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇزۇشقا كىرىشكەنلىكى خاقاننى ھەم ھەيران ھەم پەرىشان قىلغانىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، دالا قەھرىمانىنىڭ شۇ قەدەر كەڭ مىقياسىدىكى ھەرىكەتچانلىقى، پەم - پاراستى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەمدى تىبەتلىكلەرگە دېگەندەك دەككە بېرىدىغانلىقى، تاڭ ئېمپىرىيىسىنىڭ غەربىي - شىمالىنى قوغداپ تۇرالايدىغانلىقى ... ئوردا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇدزەر تېگىننىڭ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغانلىقى ۋە بۇ جەسۇرانە، مەنمەنچىلىك قارارىنى مەلىكە تەيخېي قىزغىن قوۋۋەتلەپ خاقانلىقنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆتۈنۈپ خەت يېزىشى تەشۋىشلەندۈرۈپ، ئەندىشىلىك ئويلارغا سالاتتى.

ئەڭ ئاخىردا ئۇدزەر تېگىندىن كەلگەن مۇراجىئەت مەزمۇنىمۇ ئاساسەن، باشتىكى ئىككى مەسىلىگە قانداق يانداشمىش، قانداق جاۋاب يوللاشنى تەقەززا قىلاتتى: ئۇنىڭ مۇراجىئەتىنى قوۋۋەتلىسە — دېمەك، ئورخوندا غولىغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى خۇاڭخې بويىدا، گەنجۇ ئەتراپىدا تىكلەش دېگەن سۆز! قوۋۋەتلىمىسە — ئۇدزەر ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقى ئاساسىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراپ، پۈتۈن غەربىي - شىمالىي چېگرادا ئۇرۇش خەتىرى يۈز بېرىدۇ دېگەن سۆز!

— قانداق قارارغا كېلىپ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىش، ئەقىلگە ئۇيغۇن ۋە مەملىكەت مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ، ئىزگۈ ئولۇغلار؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى خاقان كەيچەن.

ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ بەزى بىر قىزىققان، جېدەل ماجىراغا مايىللىراقلىرى، ياپونلار ۋە چاۋشيەنلەرنىڭ خەتىرىگە بولا دېڭىزدا كېمىلەردە تۇتۇپ تۇرغان چېرىكلەردىن باشقا قىرغاقلاردىكى بارلىق چېرىكلىرىمىزنى يۆتكەپ، غەربىي - شىمالغا يۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

بەزى بىر ئەمەلدارلار، ھازىرغا ئۇدزەرنى «خان» دەپ گەنجۇ تەۋەسىنى «ئۇيغۇر خانلىقى» دەپمۇ ئېتىراپ قىلماسلىق كېرەك؛ ئۇ تېگىن ئومۇسى تارخان بىلەن ئۇنىڭسىزمۇ، بىزگە سادىق ۋە ئىنتايىن لاياقەتلىك، ئومۇسى تارخاننىڭ ئۆزى ياخشى دېيىشتى ...... «بىراق - دېدى باشقا بىرى، — جەڭخۇمار ئاشۇ تېگىن، ھېلى ئومىسىنىمۇ، ئۆز ئىنىسىنىمۇ چەكلەپ - چەتنىتىپ قويسا كېرەك. بىزنىڭ مەخپىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى كىشىلىرىمىز ئەمدى شۇلار بىلەن ئىش يۈرگۈزۈپ، ھەر قانداق ئەھۋالدا، بىزگە خىزمەت قىلىدىغان خىچىرلارنى كۆپەيتسۇن!»

— ئەگەر شەرق ۋە جەنۇبتىكى دۈشمەنلەر دېڭىزدا غالىپ كېلىپ، قىرغاقلارغا چىقسا شۇ چاغدا ئۇلارنى سىز ھۆرمەتلىك جانابلار توسۇپ ئالامسىز — بىر چاغدا ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل چېچەن ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — دېمەك، قىرغاقتىكى ئەسكەرلەرنى ئۇياققا يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، پۈتۈن شىمالىي چېگرامىزنى قوغداشقا ياردەم قىلىۋاتقان ۋە ئۆزلىرى پاراكەندىلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا ئېنىق جاۋاب بەرمەيمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم!

چەت ئەل ئىشلىرى بويىچە مەسئۇل ئەمەلدار لى دېيۈي تېخىمۇ ئېنىق ئېيتتى:

ئۇدزەر تېگىننى «خان» دەپ ئېتىراپ قىلىش، ھەمدە گەنجۇ ئەتراپىنى «ئوتتۇرا دۆلەتكە قاراشلىق ئۇيغۇر خانلىقى» دېيىش پايدىلىقتۇر، — دېدى ئۇ، — شۇ چاغدا ئۇدزەر ئۆز لەشكىرى ۋە خەلقى بىلەن بىزگە سادىق خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر كاپالىتى — ئاشۇ ئىنتايىن ئەقىللىق تەيخېي

مەلىكىدۇرە ئۇنى قاندىقلا بولمىسۇن، قىرغىزلاردىن تېگىنىنىڭ ئىلكىگە قايتۇرۇش لازىم.

ھەممىنى خاتىرجەم تىڭشاپ ئولتۇرغان خاقان كەيچەن ئاردىدىكى جىم - جىتلىقتىن پايدىلانغاندەك:

— خوش، ئۇدزەردىن قورقۇپ توشقاندەك قېچىپ كەلگەن جىياڭجۈنگە نېمە چارە قولىنىمىز؟ قېنى، ئىمزىگۇ ياخشى مۆتىۋەرلەر، ئەمدى شۇنى ئېيتىڭلارچۇ ماڭا؟

ئۆزگە دۆلەت، مەدەنىيەتسىز ئەللەردە بولسا، ئۇنىڭ بېشىنى ئالار ئىدى، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك پادىشاھى ئالەم، سېنىڭدەك دانا ھەم غەمخورچى باشقۇرغان بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەلدە، سېنىڭ ئالتۇن سارىيىڭدا ئۆز قوللىرىڭغا نىسبەتەن بولغان مېھرىبانلىقنىڭ چەكسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭجۈنگە بارچە ئەمەلىدىن قالدۇرۇش جازاسىنى بېرىش بىلەن چەكلەنسەك...

— ئىنتايىن دۇرۇس. لىدەيىۋي. پايدىسىدىن — زىيىنىنى تولا، بىراق، پايدىلانغاندا — پايدىلىنىپ، بولمىسا — ئۆزلىرىنى - ئۆزلىرىگە تالىتىۋېتىشكە بولىدىغان ئۇيغۇرلارنى ھازىرغا تېپىۋېلىۋېلىش تۇتۇپ تۇرايلى. ئۇدزەر تېگىنگە يېزىلىدىغان خەتتە ئورخون دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن چوڭقۇر ئېچىنىش بىلدۈرۈلسۇن. ئاندىن، ئاۋۋال تىبەتلىكلەرنى ۋەيران قىلىش كېرەكلىكى تەكىتلەنسۇن؛ ئۇلارغا يان بېسىپ كېلىۋاتقان تىبەتلىكلەرنىڭ كۈيوغلى ئاجو قاقباشنى ئەۋەتىشكە كەلتۈرۈشكە بولۇر، دەپ ئۇچۇر قىلىنسۇن... بىراق... بىراق، شۇ تاڭ يېرىدە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش قېپاندا بولار، ھە؟! بەلكى، ئۇنى شۇ تەۋەنىڭ باش قوماندانى ياكى «ۋاڭى» دېيىش دۇرۇس بولار. ئەمدى جېيەنىمگىلىم تەيخې خۇسۇسىدا بولسا، قىرغىزلارغا يولىغان خېتىمىدا، ئۇنى ھېچ دەخلىسىز يېنىمغا ئەۋەتىشنى ئېيتقانىمەن. ئەسىر قىلىنىپ ئوردىغا ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى ھېچ دەخلىسىز، ياخشى كۈتۈم بىلەن، كېيىن قايتۇرۇلسۇن! ۋاڭ لىن خۇسۇسىدا ئىنتايىن دۇرۇس ئېيتتىسەن، ھازىرمەتلىكىم چەنئىسىن، — دەپ كىنايە چاخچاق بىلەن يەكۈنلىدى خاقان، — ئۇ جاڭجۈن ساڭا رەنجىمىسۇن. ئېلىپ يۈرگەن ئىش ھەققىنى ئالسۇن دە، گاڭپەن بىلەن بەسەي يەپ، ئۆيىدە ياتىۋەرسۇن — ھاردۇق ئالسۇن. نەچچە مىڭ چاقىرىم يەردىن توشقاندەك چېپىپ كېلىش ئوڭايمۇ؟!

خاقان ئۆزىنىڭ پىلىدىرلاپ تۇرغان سىماپتەك ئاق - سىدام يۈزىنى شۇندىداق ئېچىنىشلىق ۋە يىرگىنىشلىك تۇسكە كەلتۈردىكى، ئەتراپتىكىلەر نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي، تېڭىرقاپ قېلىشتى.

× × ×

گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەھۋاللارنى بىر قەدەر يېزىپ سىلىۋالغان ئۇدزەر تېگىن خاقان كەيچەنىڭ بۇرۇقتۇم بولسىمۇ، ئاساسەن قايىللىق روھىدا يېزىلغان مەكتۇبىنى ئالغاندىن كېيىن، تىبەت - تاڭ... تىبەت تۇغرىسى ۋە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى مەيدانىغا ماڭماقچى بولدى. بۇ سەپەردە ئۇ ئۆز نۆۋكەرلىرىدىن تاشقىرى، لەنجو شەھىرىدە تۇرغان تاڭ چېرىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شىجاڭى (گېنېرال)، ئۆزىگە كۆپ ياردەم قىلغان، تىلماش چەن كىيون دېگەن كىشىنى ھەمراھ قىلىپ ئالدى. چەن كىيون بۇ تەۋەدىكى تاڭ چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى جياڭجۈن ۋاڭ لىننىڭ ھەرىكەتسىز، پاسسىپلىقىغا قارشى تۇرغىنى ئۈچۈن ئىشتىن بوشىتىلىپ، ئەمەلسىز ياتقانىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇختى تۇتۇق ئاتقۇزۇپ كېلىۋاتقان ئىچكى - تاشقى، تىڭچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ بەلگىلەنگەن يۈزبېشى - سىمانساتقا ئىسىملىك يىگىتمۇ بار ئىدى.

ئۆز ئېلىنىڭ بېشىدىن كەچكەن پاجىئەدىن كېيىن ئاكىسىنىڭ بۇياققا ئامان - ئېسەن ئۇلاشقانلىقىدىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغانلىقىدىن خۇرسەن بولغان ئۇگدە تېگىن نەچچە قېتىم گەنجۇ تەرەپكە ئاتلانماق بولۇپ، يولغا چىقالمىغان ئىدى. چۈنكى مۇداپىئە ھالىتىدە ياتقان قارىمۇ - قارشى قوشۇنلار ئارىسىدىكى سورلۇق شەپە ئۇنىڭ مەيداندىن يىراقلاپ كېتىشىگە يار بەرمىدى. ئومۇمىسى تارخان كەلگەندىن كېيىن بولسا، ئۇگدە تېگىن ئاكىسىنىڭ قەھرىلىك قىياپىتىنى يىراقتىن چۈشىنىپ، ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۆچەيتىشكە، ئاش - تاماق، كىيىم - كېچەكلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ ياخشىلاپ، روھىنى كۆتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

لېكىن ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ تەرەپكە ئۆي - ماكانسىز، كۆپ ۋاقىتلاردا ئىسسىق تاماقسىز، ئاغرىق - سىلاقلارغا ئۇچراپ دۈشمەن تەرەپتىن پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان ھۇجۇملاردا ئۆلۈم -

يېتىمگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر لەشكەرلىرىدە نارازىلىق كۆچىيىپ كەتكەن، ئۇلارنى بۇ يەردە پەقەت نومۇس كۈچى، ئەنئەنىۋى جەڭگىۋارلىق روھ، غالىپ ئەجدادلارنىڭ روھى مەدەتلىرىلا تۇتۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇلار، تاڭ قوماندانلىقىنىڭ بىپەرۋا كىتىپگە كىرىۋالغان ئومۇسى ئوخشاش باشچىلىرىغا كۆچلۈك نەپ- رەتلەنمەكتە ئىدى. مانا بۇ ئېغىر ئەھۋالنى بولتۇرقى سەپەر ۋاقتىدىلا سېزىشكە باشلىغان ئۇدزەر تېگىن، ئەمدى شۇ روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا، كەلگۈسى ھەربىي ھەرد- كەتلەر پىلانىنى تامام ئۆزگەرتمەكچى، شۇنىڭغا ھەربىي باشچىلارنىڭمۇ، ئاددىي جەڭچى - يارانلارنىڭمۇ كۆزىنى يەتكۈزمەكچى بولدى.

ئۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە لاگىرىغا كېلىپ ئۆز ئىنىسى ئۇگدە تېگىن بىلەن سۆسلا ئاماد- لاشتى، ھەتتا ھەربىي رەسمىيەت بويىچە، بىردىنلا ئۇنىڭدىن شۇ جايدىكى ۋەزىيەتتىن ئاخبارات بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئىنىسى ئۈچۈن چەكسىز ئىچىنىپ، ئۇنىڭ جۇدەپ، قارىداپ كەتكەن يۈزىگە، گىر- تايغان كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ھەسرەت بىرلا نەزەر تاشلىدى ۋە شۇ بىر جىددىي دەقىقىلەردە ئۆزلى- رىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىدى ( ئاتا - ئانىدىن ئايرىلغاندا ئۇدزەر ئون بەشتە، ئۇگدە ئون ياشتا ئىدى). ئومۇمەن، يېتىم ئۆسكەنلەرنىڭ خاتىرىسى بولۇپمۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىشى، كۈچلۈك بول- غاچقا، بۇلارمۇ، ئۆزى - تەپەككۈرىنىڭ باشقا مەسىلىلەر بىلەن نەقەدەر بەنت ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ سەۋىر - چىدام بەرگۈچى خىسلەتلىرىنى سەزگەندەك بولۇشتى. « ياش تۇرۇپ كۆپتىن - كۆپ ئېغىرچىلىقتا، ئۆلۈم خەۋپلىرىگە دۇچ كەلگەن ئۇگدەدە نېمە ئەيىب باردۇر؟! ئەيىبنىڭ چوڭى — ئاۋۇ چېچى ئاقارغان، چىشى سارغايغان ئومۇسى تارخاندا» دېگەن ئوي كەچتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن.

ئىنىسى ئۇگدە تېگىنمۇ، ئەينى ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئىچكى نارا- زىلىقىنى بىلدۈردى:

— نەندە، گەنجۇ - لەنجۇ ئارقىلىق قۇمۇلغا تۇرپان ھەم قەشقەر تەرەپلىرىدىن ئىچكىرىگە ئۆ- تىدىغان مۇشۇ لەنەتلىك يولنى تىبەتلەردىن بوشىتىپ ئالغىنىمىزغا بىر ئاي بولدى، ياۋمۇ ئانچە يىراق كەتمەي، ئەينە ئاۋۇ قارا دۆڭنىڭ ئۇ يېقىدا قايتا ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ ياتۇر. ئۇلارنىڭ خېنى شىھان كۈنجۇ قايتا كۈچ توپلاپ، بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى. ئۇلارنى يىراققا، دۈشمەن چۆلىدىن ئاشۇرۇپ، سۈرۈپ تاشلاشقا قوشۇمىزچە كۈچ يوق، دەپ قورقارمىش قولباشچى.

— كۈچ بار، نومۇس يوق! ئۇ ئەبلەخلەر سېپىللىق شەھەردە يېتىپ، ھاراق ئىچىپ، خوتۇن - قىز بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرۈر ....— دەپ ئۇدزەر تېگىن ئىنىسىنىڭ ئېيتالمايۋاتقان ئويىنى ئېيتتى.

ئۇلارنىڭ چېدىرى يېنىغا يىغىلغان چوڭ - كىچىك قولباشچىلار، ھەتتا ھېچ بىر ئىجازەتسىز ئۆز- لۈكىدىن كېلىپ يىغىلغان قاتاردىكى يارانلارمۇ ئوۋ - چوۋ قىلىشىپ سۆز قاتتى:

— بۇ ئىتنىڭ ئۇچىمىدەك سوزۇلغان ئۇرۇشنى پۈتتۈرۈش كېرەك، ئۇدزەر تېگىن!

— بۆلۈنە - بۆلۈنە ھەممىدىن ئايرىلدۇق. ئەمدى قالغان قاتقان باغىرلارغا قوش بىزنى!

— ياۋ بولسا تابغاچنىڭ، بىز نېمىگە قان تۆكۈرمىز ؟!

— بولمىسا، بىزنى ئاخىرقى چېپىشقا ئۆزۈڭ باشلا!

— ئۆزۈڭ باشلا، بىلگە - كۈچلۈك تېگىن!

— ئۆزۈڭ ... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بەئەينى ئىسيان شوئارىغا ئايلىنىپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈردى.

ئاخىرقى قايا قىتىندىۇ ئۆزىنىڭ بىر قانچە نۆكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن ئومۇسى تارخان ياش جەھەتتىن ئۇدزەردىن خېلىلا چوڭ بولسىمۇ، باش قولباشچى ئاۋۇل سالام بەردى ۋە:

— مانا بۇ ياقتا ھال - ئەھۋال شۇنداق، باغرىم، — دەپ ھال-كۆڭۈل ئېيتقاندەك بولدى-دە، ئاندىن يەنە، — ئۆزۈڭنىڭ ئامان بولۇپ، بۇ ئەتراپقا ئۇلاشقىنىڭ بەك قوش - ياخشى. يىراق، ئەھۋال ئېغىر، — دېدى.

ئۇدزەر ئۇنى كۆپنىڭ ئالدىدىلا كەسكىن سۆكۈشكە باشلىدى:

— ھال - ئەھۋالنىڭ ئېغىر بولۇشىغا خور - خورچى جاكجۇن ۋاڭ لىن ئىككىڭلار ئەيىبلىك! بۇلارنى تىبەتلىكلەرگە قارشى ئالدىنقى سەپكە قويۇپ، ئۆزەڭلەر ئېگىز سېپىللىق بار شەھەرلەردە ياتۇر- سىلەر ... ئىككى يىل ئىچىدە ياۋنى دوكخۇاڭ ئەمەس، ئاندىنمۇ نېرى — تاغ — قىياسلىرىغا سۈرۈپ،

قامال قىلىشقا بولۇر ئىدى!

— باش قولباشچى ۋاڭلىن كۆنمىسە، بىز نە قىلۇرمىز؟!

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى گەنجۇدىن سۈرۈپ تاشلىدىم. ئەمدى سەنمۇ كەت! شان كۇنجۇنىڭ ئالتۇن ئوردىسىنى ئۆزۈم ئېلىپ، ئۆزىنى ئىشەنگەن تاغلىرىغا تىقارمەن!

— ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى تاغ - قىيالىرىغا قەدەر سۈرۈرسەن، بىراق ئالتۇن ئوردىسىنى ئالالمايسەن، نېمىگە دېسەڭ، ئۇلارنىڭ ئوردىسى شول تەگرى قورغانىنىڭ — تاغ ۋە قىيالارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا.

— ئوتتۇرىسىدا بولسا نېمە: بۇ تاغ كۆرمىگەن، قىيا ئاشمىغان ئەلمۇ؟! ئۇلارنىڭ ئىلقىسى باسقان يەرنى، بىزنىڭ ئىلقىلار باسماسمۇ؟ سەن نېمە دېمەك بولۇرسەن؟ ...

— تىبەتلەر ئۆز تاغلىرىدا ياۋ بىلەن ئۇچرىشار ئىكەن، ئۇلار ھەر قانداق كۈچلۈك بولسىمۇ يالماۋۇزدەك يۇتۇپ ئېتۇرمىش! ...

— يوق گەپ، قورقانچاق قولباشچى ۋاڭلىن سېنى شۇنداق چۆچەكلەر بىلەن سەرلەپتۇ. ياخشى، سىلەرنى يالماۋۇز يۇتۇپ قويمىسۇن: ئەمدى بۇ ئەتراپتىن سەنمۇ كەت!

— ياخشى، مەن كېتىۋەرمەن، — ئومۇسى ئارتۇق تالاشمىزلا رىزالىق بىلدۈردى — دە، ئاندىن ئاخىرقى ئۆتۈنۈش — شەرتىمنى ئېيتتى، — دۇرۇس، مەن ھاردىم — چارچىدىم. سىلەر ئاجونىيانىڭ چېپىشىغا يول بەرگەچ، ئايرىلغان يۇرتۇمنى بالا - چاقامنى ئىزدەپ كۆرەي؛ ئۇلار پان تۆرە بىلەن جۇڭغار تاغلىرى تەرەپكە كەتكەندۇر تايىن ... ئاتلار يولى، ماڭا ئون كىشى قوشۇپ، بېرى، تېگىن.

ئۇدزەر تېگىن ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە قەتئىي قارارغا كەلگەندە كۈلىدىغان، تەنىلىك مەدەنىتاغا ئىگە كۈلكىسىنى كۈلدى - دە:

— مېنىڭ ئورنۇمدا ئاجونىيان بولغان بولسا، سېنى يالغۇزدىن - يالغۇز ئاي دالاغا ھەيدەر ئىدى. بىراق مەن ئۇنداق ئېغىر يېشىڭگە يارىماسمەن. مەيلى، ئون كىشى بىلەن كېلىشىپ ئال. بىراق ئېچىنىشارلىق ئىش: تۇغقان - باغرىلىرىڭ، پانى تۆرە بىلەن ئەمەس، خان بايخان بىلەن ئاتتا - بۇۋۇدىلىرىمىز يايلىغان خانگاي، ئاتا ساي ياقىغا ئېغىپ ماڭغان ئىكەن. ...

— شۇ چاغدا، نېمە بولدى، تېگىن؟! ئەنسىرەپ زارلانغاندەك سورىدى ئومۇسى تارخان. ئۇدزەر تېگىن بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابنى بىر ئاز ياساپ، يۇمشىتىپ ئۈممىدلەنگۈدەك قىلىپ ئېيتتىماق بولدى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرلا ئاجونى ياقىلىغاندەك، پاسىق كىمنايىگە بارغانلىقى ئويىدا چاقناپ، دەھشەتلىك ھەقىقەتنى ئېيتتى. يەنە ئۇ ئاجونىڭ بۇيرۇق بويىچە، بايخان كوچىدىكى چوڭ - كىچىك بارچە ئادەمنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، چىن كۆڭلىدىن ئېچىنىش ۋە نەپرەت ئىزھار قىلدى. ئومۇسى تارخان لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بىر قانچە نۆكەرلەر كېلىپ ئۇنى يۆلەپ، كۆڭۈل ئېيتقاندەك بىر نېمىلەر دەپ مەدەت بەرگەندەك بولدى. بايىلا ئۇنى ھاماقەت چاكچۇن ۋاڭلىندىنمۇ يامان كۆرۈپ. نەپرەتلىك قارىغان كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭمۇ ئىچى ئاغرىپ جانلىرى سىقىلىپ، ئاستا - ئاستا تارقاشقا باشلىدى. ئۇلارمۇ ئېنىقى ئۆز ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىرىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بارچە ئۈممىدى بىلەن ئىشەنچىسى بۇ شۇنچە ئۇزۇن كۈچنى بۇ يەرگە ئامان ئېلىپ كەلگەن باھادىر ئۇدزەر تېگىندە ئىدى، خالاس!

× × ×

ھەر ھالدا ئومۇسى تارخاننىڭ تۈنۈگۈن تالاش ئۈستىدە، تىبەتلەر ئوردىسىنىڭ تاغلار ئارىسىدا ئىكەنلىكى ۋە لەشكەرلىرىنى ئۆز يېرىدە ھېچ كىمدىن يېڭىلمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزى ئۇدزەرنى جىددىي ئويلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇ، خېلى يەرلەرنى، ئەللەرنى، ماجرالارنى كۆرگەندىن كېيىن دۇنيادىكى خىلمۇ - خىل ئىقلىملارنىڭ، ئاساسەن، ئۈچ چوڭ نەرسىگە تايىنىپ ياشايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىچە بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرى، سۇ — چوڭ دەريا، كۆللەر، بىرى — تاغ، ئىككىنچىسى — چاڭگال. ئۆزلىرىگە ئوخشاش «دالا ئېلى» دەپ ئاتالغۇچ خەلقلەرمۇ سۇ بولمىسا ھېچ قانداق دالا - تۈزدە ياشالمىغان بولار ئىدى. ئۈچىنچىسى، تاغ، تاغلىق يەرلەر بولسا، ئۇنىڭ ئاۋال سۇغا باي، ئۇنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكلىرى، — ھاياتى ئۈچۈن قايسى ياخشى ... يامان

ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇرۇش شارائىتىدا ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. سەۋەب، تەبىئەت ئادەملەرگە باقمايدۇ. بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزى تەبىئەتكە ماسلاشقان ھالدا ھەرىكەتلىنىدۇ. شۇ تۈپەيلى، دانا ئەجدادلار «ئۆرمىگەن يەرنىڭ ئويمان - چوڭقۇرى كۆپ» ، «تۇغۇلغان يەرنىڭ چىغىمۇ مەدەت» دېگەن ھېكمەتلەرنى ئېيتقان (ئەلۋەتتە ، تاغلىقلار - تاغدا، دەريا - دېڭىز بويىدا ياشىغۇچىلار - سۇدا، ئورمان - جاڭگاللاردا ياشىغانلارمۇ ئۆز يېرىدە كۈچلۈك) .

تاڭ ئاتقىچە دېگۈدەك ئىنىسى ئۇگدە بىلەن مۇڭدىشىپ چىققان ئۇدزەر تېگىن، ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئويى - مۆلچەرلىرىنى شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى سەردارلار ئوتتۇرىسىغا قويدى؛ ئۇ بىر كۈن ماۋەيىندە ئۇگدەنى ۋە چەن كىميونىنى يېنىغا ئېلىپ ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىپ تۇرغان جايلىرىنى شۇ ئەتراپتىكى يەر شارائىتىنى بايقىدى، تىبەتلەر لاگېرىنىڭ نېرىسىدىكى دۆڭ - ئېدىرلار ئارىسىدا قانداق دۈشمەن چېكىنسە - قايسى ياققا چېكىنىشى مۇمكىن؟ قايياقتىن قىيداپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىشقا بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلاندى: شان كونجو ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ چەك قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئېنىقلىدى. بۇ مەسىلىدە ئۇگدە تېگىن ئۇنىڭغا مۇكەممەل مەلۇمات بەردى: ئۇ تىبەتلىكلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ باش قوماندانى شان كونجونىڭ پاكا، دىغىلاق بولۇپ، ئانچە زور جىسمانىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، لېكىن ئىنتايىن مەرگەن، ھەرىكەتچانلىقىنى ئېيتتى.

— يېشى چوڭ شان كونجو قوۋۇ، - دېدى ئۇ، - بىرگە بىر نەيزە، قىلىچقا چىقماس. ئۇنىڭ ئاجونويانىدىن ئايرىلمىسى شۇدۇر، ئۇ چېپىش ۋاقتىدا ھامان بىر دۆڭدە چوخچىيىپ تۇرار. ئاندىن تويۇقسىز يوق بولۇر، چېرىكلىرى ھەم چېكىنەر. بىر قېتىم ئازغىنە يىگىتلىرى بىلەن توغرا ماڭسا قاراپ ئاتسىلىپ، ئاندىن شۇنداق تېز بۇرۇلۇپ قاچتى. مەن ئۇنى سۈرۈمەن دەپ، قورشاۋدا قالار بولدۇم ... بىراق بىزنىڭ لەشكەرلەر بىزنى ئىككى ياقتىن يېپىلىپ قورشاۋغا ئالىماق بولغان چېرىكلەرگە تاشلىنىپ قوغلاتتى.

— مۇنداق قورشاۋنى «ئۇلۇغزار» دەپ ئاتار. بىز شان كونجوغا «ئۇلۇغزارنىڭ» قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتەرمىز! - دېدى ئۇدزەر تېگىن ئۇگدەنى خۇرسەنت قىلىپ.

ئۇدزەر تېگىننىڭ تېخى ئۇزۇل - كېسىل قىلىپلاشمىغان ئاساسىي مولجاسىنى دەل جۇرۇشتا تىرىشقاندەك چەن كىميون سۆزگە ئارىلاشتى. ئۇ شۇ دەۋرىدىكى، ئومۇمەن، تاڭ ئەمەلدارلىرىغا خاس سىياسەتچىلىكىنىڭ غەيرى - نازۇك تەرەپلىرىنى كۆپ بىلىدىغان مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

— تېگىن، - دېدى ئۇ، — سېنىڭ قودرىتىڭگە ئىشىنىپ، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، بەلكى ئۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلەرسەن، شۇنداقمۇ، ھاجەت ھەققەتەننى تەكىتلەش ئارتۇق ئەمەس،

— تاڭ ھاكىمىيىتى، خاقان كەيچەن ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن پەقەت ئۆزلىرى ئۇچۇنلا پايدا ئىزدەيدۇ. پايدا بولغاندا، يەنى بايلىق، تۇپلاش، ئەتراپتىكى چوڭ - كىچىك ئەللەردە سودا - سېتىق قىلىپ، ئالۋاڭ - ياساق ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى سېغىپ - شوراپ يېتىشنى ئويلايدۇ. كېرەك دېسەڭ، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەرنى ئۆزىگە قوشۇشنىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئىناق ياشىشىنىمۇ خالىمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئېلىشىپ - تالىشىپ، بىر - بىرىنى قىرىپ - چېپىپ يوقىشىنى خالايدۇ.

سارايى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلار، ھەتتا ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى ھەم قىلمايدۇ. پۈتۈن ئەلدىكى نامرات خەلق ئۇلار ئۈچۈن ئەجدىھا تورىدىكى بېلىق — چايانداك .... بۇ يىللىق ئۇيىلار بىلەن سېغىن سېپىرلاردەك، مانا شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىككى يۈز يىلدىن بېرى جۇڭگوغا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن ئەللەرگە ئارام بەرمەي كېلىۋاتقان ئازغىنا تىبەتلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلماي، ئۇنىڭدىن پەقەت چېگرانى، كارۋان يوللىرىنى توساپ، يەنە ئۆزى ئەمەس، سىلەر ئارقىلىق توساپ قويۇپ، ئەيشى - ئىشرەت ئىچىدە چىرىپ ياتقىنى ياتقان، بۇنداق سىياسەتنىڭ كىمگە پايدىسى بار ؟! ئۇلۇغ دۆلەت ئۈچۈن شۇ خىل رەزىللىك مەنسۇپمۇ؟ مەن غەربتىكى خەلقلەرنىڭ ھېچ قايسىنى يامان كۆرمەيمەن. ئەكسىچە، ئۇيغۇر، خاقاس، تىبەت ئوخشاش باتۇر خەلقلەرگە قىزىقىپ قارايمەن. بولۇپمۇ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئاشۇ رەزىل سىياسىتى نەتىجىسىدە، بۇ خەلقلەر بىر - بىرىنى ئۇيرىتىپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا تىبەتلىكلەرنىڭ ئىككى ئەسىردىن بۇيان زوراۋانلىقى بار، چوڭ دۆلەت — جۇڭگوغا قارشى ئېلىشىۋاتقانلىقىمۇ قانۇنلۇق. ئەگەر ئۇيغۇر، تاغقۇتتا ئوخشاش قوشنىلار بولمىسا، بەزى پەيتلەردە،

بولۇپمۇ جۇڭگو دۆلىتى شەرقىي - جەنۇبىي ھىندىچىن ئەللىرى بىلەن ئۇرۇش شارائىتىدا بولغان دەۋرلەردە، ئۇلار جۇڭگونى ئىشغال قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا نېمە بولماق؟ ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيرانچىلىق. بىرىنچىدىن، تىبەتلىكلەر جۇڭگوغا ئوخشاش چوڭ ۋە نۇرغۇن ئاھالىلىق ئەللىنى ئىدارە قىلالمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزگىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي بايلىقىنى تالان-تاراج، خانىۋەيران قىلىشى مۇقەررەر. شۇڭلاشقا مەن ئۇنى بىر يولى توسۇش تەرەپدارى: ئۇنداق قىلىش تاڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ، بولۇپمۇ قولباشچىلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدى، ھەم كېلىدۇ. ھەتتا تارىختىمۇ، جۇڭگو چېرىكلىرى يەتتە سۇ، خازارىيە، مەۋرەئۇننەھىر ئەللىرىگە بارغاندا، ئۇ قوشۇنلارنىڭ ئويۇتقۇسى قولباشچىلىرى چاۋشيەن، سوغدا ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىدى.

تىبەتلىكلەرنى تامام توساپ، غەربىي - شىمالىي چېگرادا ئىشەنچىلىك ۋە ھەممە ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھاسىل قىلىدىغان پەيت، مېنىڭچە، ماتا، ئەمدى كەلدى! ئۇنى يەنە ئۇيغۇرلار، ئۇلۇدزەر تېگىن سەن ھاسىل قىلىشىڭ كېرەك. ھاسىل قىلغىنىڭدا، يەنە ئۇلۇغ خاقاننىڭ پايدىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئېلىڭ يىللار مابەينىدە ئىككىگە بۆلىنىپ، ئىككىسى ئىككى ياقلاردا ياۋلارغا يەم بولۇپ ئېلىشىپ كېلىۋاتقان، ئومۇم ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ھاسىل قىلىشىڭ كېرەك! قىسقىسى سەن، ھەقىقەتەنمۇ، بۇ خۇاڭخې بويىدا يەنە ئۆز دۆلىتىڭنى تىكلىشىڭ كېرەك. بۇ مېنىڭ چىن سۆزۈم ۋە ئارمىنىم، سىلەردىن بىز خەنلىكلەرگە زىيان - زەخمەت كەلمەيدۇ. سەۋەب، بۇ يەردە ئۇيغۇر دۆلىتى-مەيلى، خانلىقى بولسۇن، قانچە كۈچەيگەنسېرى، جوڭگو ئېلىنى ئەمەس، بەلكى بىر چاغلاردا ئايرىلىپ كەتكەن تۇرپان، قەشقەر تەرەپلەردىكى ئۆز باغلىرىنى كۆزلەيدۇ. تەبىئىي يوسۇندا ئۇلارنىمۇ سوغدا - ئەرەبلەر قالدۇقلىرىدىن، شۇ كۈنگىچە ئۇلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۇلۇغۋار بىرلىشىشكە ئىنتىلىش كېرەك! ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا شۇ تارىخىي ئۇلۇغ ئىشنى، ئامانەت قىلىش كېرەك!!! مەن، ساڭا تېگىن، كۆپتىن پۈكۈپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك پىكىرىمنى ئېيتتىم.

ئىنتايىن زور دىققەت، ھەتتا ھاياجان بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان ئۇلۇدزەر تېگىن چېن كىميۇنغا رازىمەنلىك بىلدۈردى ۋە ئۆزىنىڭمۇ شۇ ھەقتە ئويلاشقا باشلىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭغا ئوخشاش روشەن تۈگۈنلەرگە كېلەلمەي يۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

— سەن شۇ باشتىن تارتىپ، ماڭا مەسلىھەتچى ئەقىلدار بول. مېنىڭ بىرىنچى مەسلىھەتچى - ئەقىلدارلىرىم، بىلەمسەن، كىم بولغان؟ تۇردالىم دېگەن بىلگە چال بىلەن خاقان قىزى تەيخې! ئۇلارما چالنى مەن مۇشۇ خۇاڭخې بويىدا تىبەتلەر قولىدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ ئالغان.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئۇلۇدزەر تېگىن ئۆزىنىڭ يېڭى پىكىرداشى، زېرەك چېن كىميۇنغا تۇردالىم ئۆلىما ۋە ئۇنىڭ تۇرپان دېگەن قەدىمىي شەھەردىن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

× × ×

ئۇرۇش شارائىتىدىكى ئالدىنقى سەپلەردە بولۇپ، ئۇ يەردە تۇرغان لەشكەرلەرگە يەنە شۇنچىلىك ئادەم كۈچىنى قوشقان، قولباشچىلار ئارىسىدا ئايرىم ئۆزگەرتىشلەر يۈرگۈزگەن ئۇلۇدزەر تېگىن، پۈتۈن مەيدانغا مەسئۇل قىلىپ، ئىنىسى ئۈگدە تېگىننى بەلگىلىدى. ئۇنى ئۆز ئىنىسى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۈگدەنىڭ توغرا تەپەككۇرىغا، بولۇپمۇ ياشلىقىغا قارىماي - زور سەۋر - چىدامچىلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىگە قايىل بولغانلىقتىن شۇنداق خۇلاسىغا كەلگەنىدى.

— يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلۇرمىز، - دەپ جىكىدى ئۇ، - ئاخىرقى چېپىشقا ھازىرلىق قىل. ئاۋۋال ماڭا ئۆز مولجا يولۇڭنى ئېيتۇرسەن. ئاندىن كۆرۈرمىز ...

ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەممە نەرسە تۈپ - ئاساستىن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بارچە ئەتراپقا قىرياش ئۆزگىچە ئىللىق نۇر چېچىپ، خاتىرجەملىك، بەھرى - ئاراملىق كەيپىيات ھاسىل قىلغاندەك بولدى. ئوردىدىن تارتىپ تا خۇاڭخېگىچە بولغان ئۇلۇدزەر تېگىن ھەرىكىتىدىن خەۋەردار شان كۈنجو تېگىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى يېڭى ئىشىنى بىلگەندىن كېيىن، مەخسۇس ياۋاش - ئەلچىلەر بىلەن خەت يېزىپ ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ خېتىنىڭ باش تەرىپىدە، ئۆزىنىڭ بۇ ئەتراپتىن تامامەن كېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، قالغان قىسمىدا باشتىن - ئاياغ ئارمان - پۇشايمانلار بىلەن سۇغۇرۇلغانىدى ... مەسىلەن: «بىز دالالىقلار نېمىگە بىرلىشىپ، تابغاچلارنى قۇرۇتماي، ئۆز ئارا قىرىلىشىمىز؟ يەنە شۇ

ياۋۇز يىلان تابغاچلار سەۋەبىدىن! مەن ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئېلىگە كىرەر ئىدىم، ئامما سىلەر - ئۇيغۇرلار يول بەرمىدىڭلار. ئەمدى مەن ئېلىمگە قايتىمەن، تىنچلىق بەر ئۇدزەر تېگىن. بىلگە - كۈچلۈك بولساڭ ئۆز يېرىڭنى؛ ئۇرداڭنى قايتا ئالۇر بول ... » دېگەندەك ئىككى بىسلىق ئۇري - كىنايىلەر كەلتۈرگەندى.

— شان كۈنجو ھېلى يولدادۇر، تايىنلىق؟ - دەپ ئېنىقلىدى ئۇدزەر تېگىن ئەلچىلەردىن، ئۇلار تەستىق جاۋاب بەردى.

— قېرى قولباشچى يەنە ئەقلىگە كەلگەن. شۇنداق دەپ ئېيتىڭلار ئۇنىڭغا. قان تۆكۈشتىن قايتىقىنى - قۇت ئىشتۇر. مەن ھېچقاچان تىبەت ئېلىگە چاپمايمەن. بىراق شان كۈنجو بېغىشتىپ ئېيتقان ئورخونىمۇ، تىبەتلەرگە يان باسار ئاجو بىزدىن تارتىپ ئالدى. ئاخىر بىر كۈنى مەن ئورخوننى قىرغىزلاردىن، تۇرپاننى تىبەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالۇرمەن. شۇڭلاشقا شان كۈنجو ئۇيياقتىكى ئۇيغۇرلارغا ئازار بەرمىسۇن، ئۇ ئۆزى قولباشچى كىشىدۇر - بىلەر؛ يەنە بىزنىڭ ئەللەرگە يامان بولۇر!

ئەلچىلەر چىقىشى بىلەنلا، ئۆگدە تېگىن ئوتاۋدا ئولتۇرغانلار ئارىسىدا قىزغىن مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. بىرلىرى، شۇ جۈملىدىن ئۆگدە بىلەن چەن كىيون تىبەت قوشۇنلىرىنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇرۇشۇپ قورال - ياراقلىرىنى تارتىپ ئېلىشنى تەكلىپ قىلدى؛ يەنە بىرلىرى ئۇلاردىن قۇتۇلغىنىغا شۈكرى ئېيتىپ، بىر مەزگىل بولسىمۇ تىنچ - ئارام ئېلىپ" ياشاپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى دەلىللىدى. ئۇدزەر تېگىن ئۇيياقىنىمۇ، بۇيياقىنىمۇ قوللىماي، ھەر ھالدا، ئۆزىچە بىر خاتىرجەملىك بىلەن چۈشەندۈردى:

— ئۆزىنى - ئۆزى بىلگەن، تىنچ، ياخشى يولغا ماڭار بولغان دۈشمەننى ئارقىسىدىن قوغلاپ چېپىش — نومۇس بولۇر. مەن ئۇنداق يولغا ماڭمايمەن. ئەمدى بىزگە خۇاڭخېدا چىڭ تۇرۇشتا، ئالدىدىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى پۈتتۈرۈشكە كۈچ يىغىش ۋە كۆپ ئىشلارنى قىلىش كېرەك بولۇر.

— « ياردار يىلاننى قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك » دەيدۇ بىزدە، تېگىن، — دەپ ئۇز مەقسىتىدە تۇردى چەن كىيون، — شان كۈنجو كۈچ توپلاپ، بەربىر گەنجۇغا ھۇجۇم قىلىدۇ بىر كۈنى.

ئۇدزەر تېگىنمۇ ئۇنى شۇ خىل تەمسىل بىلەن رەت قىلدى:

— ئۆزەڭمۇ ياردار تۇرغاندا، كېتىپ بارغان يىلانغا چېپىشقا بولماس، دوستۇم. چېپىشىش ساغلاملارغا يارىشۇر. بىزنى بۇندىن باشقا تالاي ئىشلار كۈتۈپ تۇرار!... ئەمدى شۇلار توغرۇلۇقمۇ ئويلىشايلى! ھازىر تىبەتلەر ئىگىلىگەن ئوتلاق يەرلەرنى كۆرمەك كېرەك.

تىبەت قوشۇنلىرى ئىگىلىگەن يەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇم - بارخانلىق ۋادا، ئۇلۇغ دەريادىن نەم تارتىپ ياشىرىپ تۇرغان دەپسەنلەر، بولۇپمۇ يىراقتىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن، دەل - دەرەخلىك ئېدىرلار - بۇلارنىڭ بارلىقىنى ئۇدزەر تېگىنگە ئىنىسى ئۆگدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئوت - چۆپ كۆپ ئوتلاقلاردا ئۆزلىرىنىڭ مال - ۋارىنى كەڭ - تاشا ئوتلاپ كۆپىيىدۇ. ئۇ يەرلەرنى ھازىر بېرىپ كۆرۈشنىڭ شۇنچە نېمە زۆرۈرىيىتى باركىنە؟! دېگەندەك ئويلار كەچتى، ئاتلىنىپ ئىچىدە كېتىپ بارغان ئۆگدە تېگىندىن:

— ھۇجۇم قىلماي ياتقىنىڭلارغا « بىر ئاي بولدى » دېدىڭمۇ، ئۆگدە؟ — دەپ، نېمىشقىدۇ، ئىككىنچى قېتىم سورىدى ئاغىسى.

— سەن نېمە، ئۇنتۇغاق بولدۇڭمۇ؟!

— ياق، « ئۇنتۇغاق » بولمىدۇم. ئويلايمەنكى، شان كۈنجو سېنىڭ ھۇجۇمىڭنى كۈتۈپ تىنچ ياتمىغان بولۇر... ئۇنىڭ ئاي بويى سېنى كۈتۈپ ياتقىنىدا سىر بولسا كېرەك.

يەنە بىر ھازادا، ئۇدزەر تېگىن ئۇزەڭگىلەرنى دەسسەپ، ئېگىز كۆتۈرۈلدى - دە:

— ئەينە قارا، كۆرۈۋاتامسەن؟! — دەپ تىبەتلىكلەر جايلاشقان ئېگىزلىك ئالدىدىكى كەڭ سايدا چوۋۇلغان قويلارغا ئوخشاش ياتقان تاشلارنى كۆرسەتتى. تاش تىزىمىسىنىڭ كەڭلىكى ئون - ئونبەش قەدەمچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇق بىر نەچچە چاقىرىمغا سوزۇلۇپتۇ. تاشلار شۇ قەدەر سەر خىل ۋە زىچ ئىدىكى، ئۇلار ئۈستىگە، چېپىپ كىرگەن ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى سۇنۇپ، يۈلۈنلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى!

— نېمە دېگەن قۇۋ تۈلكە، ھە! — ھەيران بولدى ئۆگدە تېگىن. باشقىلار بولسا:

— نېمە ئۈچۈن بۇ تۇيۇق قورغاندىن پايدىلانمىدى ئۇ؟!

— ئۇلار بىزگە تۈندە تېگىپ - قېچىپ، شۇ يەردە غۇلاتماق بولغان ئىكەن، ھە ؟ !...

— يە، دۈگدۈڭ ياقتىن قوشۇمچە كۈچ كۈتتىمۇ ؟ — دېگەن سوئال - تەخمىنلەرنى ئىزھار قىلىشتى

— ئۇنى بىلىش تەس. بىراق، ئۆز دۈشمىنىنى بۇ توساقتا غۇلىتىش ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈز — بەردىبىر: مالنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ ئىلقىا تۈندە كۆرۈر ياخشى، بەردىبىر ئۇلارمۇ بۇ تويۇق ئۇستىگە چىققىلىدا غولار ئىدى. ... بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك ؟ — دەپ، ئۈگدەدىن سورىدى ئۇدزەر.

بىر قىرغىندىن ئامان قالغانلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن، ئۆز چارلىغۇچىلىرىنىڭ شۇ قەدەر زور ئىشلار ئۈچۈرىنى سەزمىگەنلىكىگە خاپا بولۇۋاتقان ياش قولباشچى ئۆز ئەيىبىنى ئېتىراپ قىلغاندەك بىر ئاز مەيۈسلەنگەن ھالدا، توغرا ۋە نەق جاۋاب بەردى:

— چارلىغۇچىلار ئارقىلىق سىرىنى بىلىپ، ياۋ ئۆزى چېكىنىپ ئۆتەر يەرلەردىن ئۆتۈشكە بولار ئىدى ...

— دۇرۇس، دەل ئېيتتىڭ! بۇ يەردە چوقۇم شۇنداق يول باردۇر.

دەرۋەقە، ئۇلار مەزكۇر توساقنى ياقىلاپ مېڭىپ، ھەر يۈز قەدەم ئارىلىقتا تاشىز ئۆتكەللەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشتى.

× × ×

تەبىئەت ئالاھىدە قابىلىيەتلىك قىلىپ ياراتقان ئادەملەر كۆپىنچە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بىردەك ماسلاشقان بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، چىراي - شەكلىدىن قانداقتۇ بىر تەسىر قىلغۇچى ھەيۋەتلىك، يېقىملىق پەزىلەتلەر ئەكىس ئېتىپ تۇرىدۇ: بۇ ھالەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كۆرە، باشقىلار كۆپرەك سېزىپ، ئۇنداق ئادەملەرگە ئىچكى قىزىقىش بىلەن قاراپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. قەدىمى يۇمېيى شاھىرىنىڭ مەرمەر تاملىرىنىڭ بىرىدە ئەكىس ئېتىلگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سۈرىتىدىنمۇ بىز شۇ ئىپادىلەرنى كۆرىمىز: ئۇلۇغ قولباشچىنىڭ سىماسى كۆككە چاپچىغان ئىاق بوز ئات ئۈستىدە بەئەينى قۇدرەتلىك دۈشمىنىگە ئېيتىلغان قىران قۇشنى ئەسلىتىدۇ.

ھېچ بىر ئىلىم - مەرىپەتسىز شىددەتلىك دالا ھاياتىدا بولاقتەك تاۋلانغان نەۋقىران ئۇدزەر - تېگىنىدىكى شۇ خىل خىسلەتلەرنى دەسلەپكى كۈنلەردىلا سېزىشكە باشلىغان چەنكىيون، ئۇنىڭ تەبەتلىكلەرنىڭ ھېيلىلىرىنى ئالدىن - ئالا جورۇپ، نەق بىلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، قايىل بولغان ھالدا:

— تېگىن، ساڭا ھېچ قانداق مەسلىھەتچى - ئەقىلدارنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، - دەپ چاقچاق ئارىلاش سۆزلىدى، — توغرا، « بىر باش ياخشى، ئىككى باش تېخىمۇ » دېگەن ماقال بىزدىمۇ بار. لېكىن، سېنىڭ بېشىڭدەك بىر بېشى بار ئادەمگە ئىككىنچى باش كاشىلا بولۇشى مۇمكىن، ھەر قانداق باش ئۆز ئورنىدا بولسا، ياخشى: قوينىڭ — تاۋاقتا، ئىشتىنىڭ كاتەكتە، دۈشمەن بېشى كۆتەكتە! دېگەندەك ...

— شۇ چاغدا، ئۆزەڭنىڭ بېشىنى قەيەرگە قويغۇڭ كېلىدۇ ؟!— چاقچاق قىلدى ئۇدزەرمۇ.

— ئاۋۋال باشقا بىر يەرگە قويۇپ كۆرۈ. كېلىشمىسەم كۆتەككە قوي.

— مەيلى، ئېيت،

— مەن گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەھۋاللاردىن، سودا - تىجارەت، ئىشلىرىدىن خەۋەردارمەن. چۈنكى ئۆزەم مۇشۇ ئەتراپتا شۇ دەريانىڭ بويىدىكى يەنە بىر چوڭ شەھەر لەنجۇدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، خوتۇن - بالىلىرىم ھازىرمۇ شۇ يەردە. شۇڭلاشقا، كەلگۈسىدە، پايتەختىڭ بولىدىغان — گەنجۇنى تەرتىپكە كەلتۈرۈپ، تەمىنات ۋە سودا - تىجارەت ئوخشاش ئىچكى ئىشلىرىڭنى بەجا كەلتۈرسەم پايدىلىقمىكىن، دەيمەن؟

ئۇدزەر تېگىن ئۇيىدىن « ئەسلىدە بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپتىن تەبەتلىكلەرنى ئۇزۇل - كېسىل قوغلىۋېتىشنى خالايدىكەن — دە » دېگەن پىكىر كەچتى. لېكىن ئۇنى ئېيتىشتىن ئۆزىنى تۇختىتىپ، چەن كىيوننىڭ تەكلىپ پىكىرىنى قۇۋۋەتلىدى:

— كۆپتىن - كۆپ دۇرۇس، دوستۇم! شۇ ئىشلاردا بىزگە خۇددى سېنىڭدەك بىلگە كىشى كېرەكتۇر. بىز مال ئۆستۈرۈشنى، ئۇرۇش - چېپىشنى ياخشى بىلىمىز. بارلىق، ئوردا ھەم سودا - سېتىق ئىشلىرى ئانچە ئەمەس. بۇ ئويۇنغا گەنجۇدىكى ماجىرالارنى قېلىچ - نەيزە يوپوزىسى بىلەن تۈزەتەلمەي يۈرگەن

مانا مۇنۇ ئەلتەبىرەنۇ خۇشال بولار. شۇ ئۆزۈك قۇت ئەقىل بىلەن تاپقان ئىشقا بۈگۈندىن باشلاپ كىرىش.

— ئەتىدىن باشلىساقمۇ، ئۇلگۇرەمىز، تېگىن. — دەپ يەنە ھەزىل قىلدى چەنكىيۇن.

— ئەتىگە بولماس!

— نېمىشقا بولماس؟ — چۆچۈگەندەك سورىدى چەن.

— ئەتىگە سەن لەنجۇغا ماڭۇرسەن. خوتۇن - بالاڭنى ئېلىپ كېلۇرسەن، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇدزەر تېگىن، — بىزدە ئۇلجىغا ئالغان ئەسىرلەرنىمۇ ئالدى بىلەن ئۆيلۈك قىلىپ، ئاندىن ئىشقا سالۇر. شۇ چاغدىلا، ئۇلار قېچىپ كېتىشنى، يامانلىقنى قويۇر. سەن بولساڭ ئەركىن قۇش، ئۆگىسىز ئۇزاق تۇرمايسەن بۇ يەردە،

— ئىنتايىن توغرا، ئىنتايىن زور تەجرىبىگە ئاساسلانغان خەلق دانالىقى. توغرا، مېنىمۇ خوتۇن - بالامنى بەك سېغىندىم. بىللە بولساق زور بەخت! بىراق يېڭى ئىشنى بىر ئاز يولغا سالاي، تېگىن. سېنىڭ كىشىلىرىڭدىن بىرەسىنى ياردەمچى قىلىپ ئالۇرمەن. قالغان يايى — ياساۋۇل، ھېسابچى — تەمىناتچىلار شەھەردە ئۆز ئۈزىدىن تېپىلىدۇ. مانا شۇلارنىڭ بارلىقىنى يىغىپ، ئىشقا سېلىش زۆرۈر. بولمىسا، چوڭ شەھەردە جەزمەن ئەۋج ئالىدىغان قالايمىقانچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئۇرۇش - چېپىشقا ئوخشاش ھادىسە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ...

— توغرا ئېيتۇرسەن! — دەپ قۇۋۋەتلىدى ئۇدزەر تېگىن، — سەۋەب، ئۇرۇشتا بار كۈچنى بىرلا ياۋ تەرەپكە قارىتىمسەن. تۇرمۇشتا بولسا — يۈز مىڭ تەرەپكە. ئىككىمىزنىڭ ئويلىرى كۆپ. ئەمما ئوخشار ئىكەن. دېمەك، ھامان تىل تاپۇرمىز، دوستۇم.

× × ×

ئۇدزەر تېگىن توپى دەريا بويىدا، ئۈچ يول قوشۇلغان جايدىكى چوڭ كارۋان سارىيى يېنىغا كېلىپ توختىدى. مەزكۇر ئۈچ يولنىڭ بىرى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەر - يېزىلىرىدىن چىقىپ، يەتتە سۇ، جۇڭغارىيە ئارقىلىق ئورخون - سېلىنگانى بېسىپ ئۆتەتتى، يەنە بىرى ئاسىتانە، تۇرپاندىن چىقىپ، قۇمۇل تاغلىرى يوللىرى ئارقىلىق ئۇلىشاتتى. ئۈچىنچىسى بولسا كەشمىر، ھىندىستاندىن تىبەت، پامىر تاغلىرىنى ئېشىپ كېلەتتى.

— كارۋان سارىيىدا سېلەرنىڭ كۈچلۈك ھاردۇقلار بارمۇ شۇنى ئۇققىن، دوستۇم، — دېدى تېگىن چەنكىيۇنغا. ئاندىن ئۆزىگە نۆكەرلەرگىمۇ شەخسىي تاپشۇرۇقلار تاپشۇردى: يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇشۇ جايدا ئۇلۇغ توي ئۆتكۈزەرمىز، ئەتىدىن باشلاپ نەندە، خۇبىي قورۇقلىرىغا ئات چاپتۇرۇپ، ئۇ يەردىكى ئاقساقال - سەردارلارنى چاقىرىڭلار. پۈتۈن يارانلارنى قوي گۆشى، قىمىز، سۈت - ماي بىلەن كۈتۈڭلار! ئەمدى ئۇلارنىڭ بويتاقلىرى بىزدىكى يېتىم - يېسىر خوتۇن - قىزلارغا ئۆيلىنەر بولسۇن! تېگىشلىك مال - ۋارانىنى ئۆستۈرۈپ، ھېچ ۋاخ قورالىنى تاشلىماي يۈرسۇن. ھازىر بولسا كارۋانسارايىنىڭ بورداق قويلىرىدىن يېتەرلىك ئېلىپ، ئوۋچىلارچە كۆمگەن گۆش، ئوت ياپما (كاۋاپ)، شورپا پىشۇرۇڭلار! باغىرلار كارۋان سارايىدا قۇت قونالار! بولسا بارچىسى كەلسۇن! چالغۇ ئەسۋابلىرى بولسا چالسۇن! باخشىلار، خېنىم - قىزلار ئۇسۇل ئوينىسۇن. بىراق خوتۇنلارغا تېگىشىپ، قول تەككۈزەر بولماڭلار! ئۆزلىرى سۆيەر ئىكەن، ئات مىنگۈزۈپ دالانى ئايلاندۇرۇپ سەيلە قىلىڭلار.

— ئەگەر خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەممىسى سېنى سۆيسە، بىلگە كۈچلۈك تېگىن، سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ يالغۇز ئېلىپ كېتەرسەنمۇ، قانداق؟!

— ئەڭ بولمىغاندا، شۇ «ئۇلۇغ يۈرۈشتە» بىزدەك سەردارلىقنى يېنىڭغا ئالۇرسەن؟ — دەپ چاقچاق قىلدى سەردارلار.

— ياق، ھەممە خوتۇننىمۇ، سېلەرنىمۇ يېنىمغا ئالماسمەن! قايسى خوتۇن كۈچلۈك سۆيسە — شۇنى ئالۇرمەن. سىلەر شۇنى بىلىڭلار: مىڭ خوتۇننى سۆيگەن ئەر، بىر خوتۇننى بىلمەس، بىر خوتۇننى چىن سۆيگەن ئەر — مىڭ خوتۇننى بىلۇر!

يەنە ھەممە ئۇدزەرنىڭ تەبىئىي تاپقۇرلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى سەممىي قۇۋۋەتلەشتى، ئۇدزەر تېگىننىڭ ئىلھاملانغاندەك خۇش سۆھبىتىنى داۋام قىلدى:

جاھان كەزدى، شائىر، ناخشىچى، نەغمىچىلەرنىڭ بارلىقى بىر سولۇۋنى سۆيگەن، ئۇنىڭغا كۆيگەن دەرتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاجوندا ئاھ چېكىپ، يىغلاپ - قاقشاپ، يالغۇز شۇ سولۇۋنى (گۈزەلنى) ئەستە ساقلار، ئۇنىڭ بىلەن ماختىنار ھېكايە - رىۋايەتلەردىكى چىڭ باتۇر ئەرلەر، ئالىپ - تۇڭگا - ئالپامىشلارمۇ شۇنداق بولغاندۇرمىش. نەچچە يۈز كېنىزەك، خوتۇنلار، ئەرەپ خەلىپىلىرىدىن كۆرە، ئەينە شۇ دەرتلىك كىشىلەر قۇتتۇر، قىز - خوتۇن قەدرىنى شۇلار ياخشى بىلۇر. سەۋەب، تاماق كۆپ بولۇپ، ئۇنى كۆپ يېسە تەمى بولماس. دۇرۇسمۇ، يوقمۇ؟

— دۇرۇس — دۇرۇستۇر ...، — دېدى ئەلتە بىر، — بىراق، مەن شائىر، نەغمىچى ۋە ناخشىچىلار سىياقى، يالغۇز جاھان كېزىپ كەتمەسمەن. بىر خوتۇندىن ئايرىلسام، يەنە بىرى بازدۇر، تاپۇرمەن.

— دۇرۇس، مەنمۇ شۇنداق، خان - خاقانلارمۇ شۇنداق. شۇ، سەۋەبلىك، بىزمۇ، خان - خاقانلارمۇ نەغمىچى - ناخشىچى ۋە شائىر بولالماسمىز، شۇ سەۋەبلىك بىزمۇ، خاقانلارمۇ ئاشۇ ئىزگۈ ئۇلۇغلارغا باش ئەگەرمىز.

— ناخشىچى - نەغمىچى، شائىرلار دېگىنىڭ — دۇرۇس. جاھان كەزدىلەر دېگىنىڭ - خاتادۇر. بىلگە كۆچلۈك تېگىن! — دەپ، يەنە قايچى پىكىر يۈرگۈزدى ئەلتە بىر ئاقسا قال، — جاھانكەزدىلەر تەڭرى يولىنى ... ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك، نېرىقى دۇنيانى ئەيتىشۇر. مېنىڭچە ئۇلارغا ئىشىنىش يوق. مەن ئۇل دۇنياغا ھەم، تەڭرىگە ھەم، سېغىنمايمەن. مەن ئۇلۇغ بىلگە كۆچلۈك - مويۇنچۇر خان ئاتىمىزغا سېغىنۇرمەن، ھە، سەن كىمگە سېغىنۇرسەن؟!

— ئۆزۈڭ بىلۇرسەن، ئاقسا قال: مەن شۇ ئۇلۇغ ئاتىمىز مويۇنچۇرنىڭ ئاتىسى كۆلى پەيلو خاقانغا سېغىنۇرمەن، بىراق، بىز ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك: شۇ ئۇلۇغ - بىلگە خاقان قورغان ئورخون ئوردىسىنى قولدىن بېرىپ قويدۇق ...

سۆزدىن - سۆز چىقار دېگەندەك، تۇيۇقسىزدىن ئېغىر مەسىلىگە كېلىپ قالغان سۆھبەتداشلار بىردىنلا غەمكىن كەيپىياتقا چۆمۈپ، كۆڭۈللۈك سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى ... ھەتتا چەنكىيۇن ئېلىپ كەلگەن ھاراقمۇ ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرىنى كۆتۈرەلمىدى، ئەكسىچە ئىچىمۇ مۇڭلاندۇرۇپ، بەزىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى بوشىتىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىتتى ... ئاسانمۇ، يۈز يىل داۋامىدا تەنھا ئۆزلىرى ئۇيغۇرلار باشقۇرۇپ، ئالتۇن ئوردا، قارا قۇرۇم ئۈستىدە بايرىقى يەلپۈلدەپ، پۈتۈن غەربىي - شىمالىي دالالارنىڭ كەڭ قوينىدا يەككە - يېگانە قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى؟! ... ئاسانمۇ پۈتۈن بىر ئەل، بىر خەلقنىڭ نەچچىگە بۆلۈنۈپ، نەچچە تەرەپكە تېنەپ - تەنتىرەپ كېتىشى؟!

ئادالەت بىردە بار، بىردە يوقتۇر،
ئاجوندا سېھىر بار، تەڭرى يوقتۇر.
جۇدا بولغانلار يۇرتلىرىدىن،
ئۇن تاپسا — تونۇر، تەڭىنە يوقتۇر ...

شۇ ئەسنادا «گالاڭ - گۇلۇڭ، گالاڭ - گۇلۇڭ» قىلغان قوڭغۇراقلار ئاۋازى ئاڭلىنىپ، چوڭ كارۋاننىڭ بېشى كۆرۈندى. ھەر خىل يۈك ئارتىلىپ بىرىنىڭ قۇيرۇقىغا يەنە بىرىنىڭ بويلىسى چېتىلغان بۇ تۆگە كارۋىنى قارا قۇرۇم تەرەپتىن كەلمەكتە. ئۇ دەۋرلەردە ھەر بىر شەھەر، ھەر بىر ئاھالىلىق يۇرت ئۈچۈن بۇ خىل كارۋانلارنىڭ كېلىپ - كېتىشى چوڭ ۋەقە، كۆڭۈللۈك داغ - دۇغا ھېسابلىناتتى. بىرلىرى قوي سويۇپ، گۆش پارچىلاش بىلەن، يەنە بىرلىرى شورپا قاينىتىشقا، قازان ئېشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋانغا قاراپ قېلىشتى. بىر چاغدا ئۆزىنىڭ بىر نەچچە خىزمەتچىلىرى بىلەن غىزاغا كىرەكلىك چىنە - تاۋاق ۋە باشقا بۇيۇملەرنى كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن كارۋان سارىيىنىڭ خوجىسى، ئۆچكە ساقال تاڭلىق:

— بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىن كېلىۋاتقان سودا كارۋىنى، — دەپ ئىشەنچلىك تۈردە ئىزاھات بەردى:

— ئۇنى قانداق بىلۇرسەن! — دېدى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى.

ئۆچكە ساقال تاڭلىق مېكىرلىك كۈلۈپ قويدى دە، — چۈشەندۇردى:

— قەشقەر تەرەپتىن، ئاسان قىممەتلىك، قاش تېشى ئارتقان مىڭ تۆگىلىك كارۋان ئۆتىدۇ؛

ئۇرخۇن، سېلىنگادىن بولسا، كارۋان بىلەن بىرنەچچە مىڭ ئىلقا بىللە كېلىدۇ. مۇنداق ئاز تۆگىلىك، لېكىن يۈكى ئاسىل كارۋانلار پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن كېلىدۇ.

دېگەندەك، ئۇنىڭ تەخمىنى توغرا بولۇپ چىقتى؛ مەزكۇر كارۋان نەق ئوترار شەھىرىدىن ئۇزاپ، يەتتە سۇ، جۇڭغار ۋە ئورخۇننى ئارىلاپ كەپتۇ، قىزىل يورغۇسىدىن چۈشۈپ، سالاملاشقان كارۋان بېشى — قىسقا قارا ساقال - بۇرۇتلۇق، ئېگىز بوپلۇق كەلگەن نوچى يىگىت، جۇڭگوچە، تۈركچە، پارس ۋە ئەرەبچە بىلىدىغان مەلۇماتلىق كىشى ئىكەن. ئۇ، يول ئۈستىدە سەيلە - شىكار قۇرغان ھەربىي كىشىلەرنىڭ ئۇدۇزەر تېگىن ۋە ئۇنىڭ مۇتىۋەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. سەۋەب، ئۇ ئۆز كارۋىنىنى تىبەتلىكلەرنىڭ ئۇچرىشىشىدىن قورقۇپ، تۇرپان، قومۇل ئارقىلىق يۈرمەي، ئورخۇن سېلىنگا ئارقىلىق باشلاپ كەپتۇ.

— سىزگە ئىنتايىن مۇھىم خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىم، قولباشچى ئۇدزەر جانابلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى كارۋان بېشى ئۆز تۆگىلىرىنىڭ بىرىدىن چۈشۈرۈپ، داستىخانغا قويغان ئىنتايىن زور كوزىدىكى شارابنى ھەممىگە قۇيۇپ، بىر پىيالە ئىچكەندىن كېيىن، كارۋان بېشىنىڭ سۆزلىرىدىكى ناتونۇش ئاتالغۇلارغا، مۇراجىئەت قىلىشىغا تەئەججۇپلەنگەن تېگىن. ئۆز ھاياجىنىنى بىلدۇرمەسكە تىرىشىپ:

— قۇت خەۋەر بولسا خۇشال بولارمىز. بولمىسا خەۋەرچى بىلەن ئەلچىدە ئەيىب يوق، قۇتلۇق يولۇچى، — دەپ، دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى.

— يولۇم بويىچە ئېيتاي: سىلەرنىڭ جۇڭغار تېغى، ئىلى دەرياسى بويىغا بارغان پانى تۆرە باشلىق باغىرلىرىڭلار ياخشى جايلىشىپ، ئورۇنلىشىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ بۇ سېرىق دەرياسى بويىغا ئامان ئۇلاشقىنىڭىز ئۈچۈن خۇرسەن، ئۇلار تۇرپان تەۋەسىدىكى ئۆز باغىرلىرى يېنىغا كۆچۈشنى ئۈمىد قىلىشاركەنتۇ ... بىراق، ئۇ تەۋەنى بېسىپ ياتقان تىبەتلىكلەر ئۇلارنىڭ تۇرپانغا كېلىشى ئۈچۈن، قورال - ياراقلىرىنى تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىۋىرمىش. شۇڭا ئۇلار، ھازىرچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھە-ە، راستىنلا، شۇڭقار ئاتا دېگەن كىشى باشلىق نايمان تايىپەسىمۇ شۇ ياققا كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئەمدى ئۇلار سىز قولباشچى جانابلىرىدىن يولىيورۇق كۈتمەكتە.

— ئەمدى ئورخۇن - سېلىنگادىن بولسا — ئۇ يەرلەردە تېخىلا ئەنسىزچىلىك، ھەر خىل ئىچكى غۇلغۇلىلار بولۇۋېتىپتۇ ... لېكىن قولباشچى جانابلىرى، ئايالىڭىز تەيخى مەلىكە، ئۇلۇما چال تۇردالىم بىلەن ئىمدىگانلار دەخلىسىز ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ. سىزنى ئۆزلىرىدىن ۋايىم قىلمىسۇن، دېدى. ئۇ خېنىمنىڭ چاك ئېڭىگە قايتىشى خۇسۇسىدا كېلىشىمىمۇ بولسا كېرەك. پەقەت ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغاچقا يولغا چىقالمايۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە كۆزى يورۇغاندىن كېيىنمۇ، كىچىك پەرزەنت بىلەن سەپەرگە چىقىش يەنە تەس. بىراق، سوغ كۈز كەلگىچە، بەردىبىر يولغا چىقارمەن! — دېدى مەلىكە، ئۇنىڭ سىزگە خاس ئېيتقان گېپى بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىڭىزگە تەنھا ئېيتىشىم لازىمدۇر.

— ئېيتىۋەر، مىرزا. بۇ يەردە بارلىقى ئۆز كىشىلەر.

— ئەسسە مەيلى ئېيتاي: «بۇ يەرلەرگە يېقىنلاشقاندا، بىر ئىلا جىنى تېپىپ، ئۆزۈم خەۋەر بېرەمەن، بولمىسا، چاكتىندىن خۇاڭخېگە يېنىپ كېلۇرمەن»، — دېدى رەپىقىڭىز.

بۇ قېتىم چۈشىنىكسىز، لېكىن ئىنتايىن مۇھىم سۆزلەر كۆپ بولغاچقا، ئۇدزەر تېگىن تاقەتسىزلىك بىلەن:

— دۇرۇس ... دۇرۇس ! — دېدى دە، — «پەرزەنت»، «رەپىقە» دېگىنىڭ نېمىدۇر، مىرزا؟ چۈشەندۈرگىنىچۇ، — دەپ سورىدى.

— «پەرزەنت» — بۇ بالا! ئوغۇل ياكى قىز دېمەكلىكتۇر. «رەپىقە» بولسا — ئايالىڭىز، سىلەردە ئۇنى قانداق ئاتىشار؟

— ھە - ئە، خاتۇننى — «رەپىقە»، «ئايال» دەپ ئاتاركەنسەن! دۇرۇس. دۇرۇس، ئوقۇشقا بولۇر، ئەمدى، كارۋان بېشى مىرزا، سەن مېنى تىڭشا. ئەگەر سەن چاكتىندىن قايتقاندا، مەن مۇندا بولماي، يۇرۇشتە، ئۇرۇشتا بولسام — ئۇلارغا مېنىڭدىن شۇنداق خەۋەر ئېيتارسەن: پانى تۆرە ھازىر تۇرپان ياققا كۆچۈپ، ياۋغا قورال تاپشۇرار بولمىسۇن. تۇرپانغا بىللە يۈرۈش قىلۇرمىز. تەيخېگە يالغۇز سىر قىلىپ شۇنى ئېيتقىنكى، ئۇ ئۆز يولى توغرىسىدا ماڭا خەۋەر قىلالمىسا، قىرغىزلار بەردىبىر ئۇنى ئېلىپ كېتەلمەس. سەۋەب، چوڭ سۇ - سايدىن بىرلا شۇ يەر ئارقىلىق، سال بىلەن ئۆتۈلۇر. ئۇندا

مېنىڭ كىشىلىرىم كۆزىتىپ دائىم تۇرار. پەقەت شۇ يەرگە ئامان - ئېسەن ئۇلاشسا بولغىنى! ئەمدى سەن بىزگە ئېيتىپ: تابغاچلار ئېلى بارارىغا نېمە ئېلىپ بارۇرسەن؟ مالغا، يۇك، تېرە - ئەلتىرە ئالماشتۇرار بايلىقىڭ بارمۇ - يوقمۇ؟

— ئەپسۇسكى، قولباشچى جانابلىرى، ئۆزۈم ھەم شۇنداق مال ئېلىپ بارۇرمەن.

— ئۇ چاغدا بىزمۇ سېنىڭ كارۋىنىڭغا يۈز تۆگىلىك يۈك قوشۇرمىز. مېنىڭ يۇرتۇمدا ھازىر ياخشى بىلگە كارۋان بېشى، سودا ئىشىنى بىلەر كىشى يوقتۇر. سەن بىزنىڭ كىشىلەرگە يول - ئەقىل كۆرسىتەرسەن.

— شۇ چاغدا، سەن، ئۆز ئېلىڭغا چاڭئەندىن نېمە ئالماقچى، نېمىگە ئالماشتۇرماقچى؟ بىزلەر گەزمال، چاي، چىنە - قاچا ئالۇرمىز.

— بىزگە ھازىر ئۇنداق نەرسىلەر ئەمەس، ئېگەر، قىلىچ، نەيزە كېرەك. تابغاچلار ئۇلارنى پەقەت ياراق ئاتلارغىلا ئالماشتۇرار. بىز ئۇلارغا ئىككى يىلدىن كېيىن كۆپلەپ يىلقا بېرۇرمىز. ھازىرغا ئۇ ئاتلار تېخى قولۇن - تاي. سەن بىزنىڭ كىشىلەر بىلەن تابغاچ خاقان، كەيچەنگە كىر، بولمىسا ئۇنىڭ تۇتۇق تارخانى لى‌دەييۈيگە يولۇققىن - ئۇ بىلگە كىشى.

— خوپ بولىدۇ، قولباشچى جانابلىرى!

شۇنداق قىلىپ، سەيلە - شىكارنىڭ ئاخىرى ئىمىتايىن كۆڭۈللۈك مەزمۇندا ئاياغلاشتى.


## XXII

ئۇرۇش - تالاشلار تارىخىدا، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچ قاچان، ھېچ قايسى ئىشغالىيەتچى ئارمىيە، ئۇنىڭ قولباشچى جاھانگىرلىرى ھېچ بىر ئەلنى، ھېچ بىر شەھەرنى يۈكسەلدۈرۈپ، گۈللەتمىگەن بولسا كېرەك. ئەكسىچە، ئىشغالىيەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى — چۈشكۈنلۈك، ۋەيرانلىق بولغان. قىرغىزلار تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان ئۇرخۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى قارا قۇرۇم شەھىرىمۇ ئۆتكەن يېرىم يىل ئىچىدە ئەينە شۇنداق چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىكى قىزغىن ھايات، كۆڭۈللۈك مەنزىرە، خىلمۇ - خىل يەرلەردىكى كۆككۆل - مەيدانلار، بوستانلىقلار تامام ئۆچۈشكە باشلىغانىدى. ھەر يىلدا تۈزۈلۈپ، تازىلىنىپ تۇرىدىغان باش ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىدىن سۇلار تارتىلمىغانىدى؛ شەھەردىكى كاسىپ سودىگەرلەر بىلەن مال - ۋاران، ئوزۇق - تۈلۈك ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى توختىغاچ شەھەرنىڭ بىر قىسىم ئاھالىسى ھەر تەرەپكە پىتىراپ، ئۆي - جايلار، باغ - زىرائەتلەر ئىگىسىز قېلىپ، مال ئىگىلىرىگە ئايلانغان. پاسكىنىچىلىق باشلىنىپ، ھەتتا ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ دۆڭ - ئېدىرلارغا كىگىز ئۆيلىرىنى تىكىشكەنىدى.

كېيىنكى ۋاقىتتا دۆلەت، ئەسكەر ئىشلىرىغا تولا ئارىلاشماي، ھەممە ئىشنى دىگۇدەك بولغۇن باتۇر بىلەن ئىتتىپاق تىگىنچىغا تاپشۇرۇپ ياتقان ئاجو نويان، يات - ياتلا دەھشەتلىك ئۇيقان قۇردۇم بويىغا بېرىپ، مەرھۇم ئوغلى ئارلانىنى ياد ئېتەر ئىدى. ... ئوردا ئىچىدە بولسا، كۆپرەك ئولتۇرما تۇردالىم چال بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن تۇرپان، قەشقەر، ئىلى تەرەپلەردىكى ئەللەرنىڭ تىرىكچىلىكى، ئادەت - قائىدىلىرىنى، يەر - شارائىتلىرىنى، سورايتتى؛ بەزەن، تارىخىي ۋەقەلەرنى، ئەرەب، ھىندۇ ئەللىرىنى سۈرۈشتە قىلاتتى ۋە پەرات - ياتلا « تۇرپان تەرەپكە ئۆتەر ئالغاشقى كارۋاندا سېنى ياخشى ئاتلاندۇرارمەن، تۇردالىم؛ بەلكى ئۆزۈممۇ قايتا سېلىنىڭغا تەرەپكە بېرىپ، شوندا دۇنيادىن ئۆتۈرمەن ... ھەر كىشى كىندىك قېنى تامغان يەردە ياتسا - قۇتتۇر. شۇنداق ئەمەسمۇ باغىرىم ؟ — دەپ قوياتتى.

ئەپسۇسكى تۇردالىم چالنىڭ يۇرتىغا بىرمۇ كارۋان ئۆتكىنى يوق. بۇنىڭغا تەيخې بىلەن ئىدىگان، ھەتتا تۇردالىم چالنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەرەپتىن رىزا ئىدى. چۈنكى ئۇلار كارۋان ئۆتسە، بىر - بىرىدىن ئايرىلىش كۈنىنىڭ كېلىشىدىن سەسكىنگەندەك، ئېغىر سېزىملارغىمۇ چۆمەتتى. بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقان بۇلارنىڭ مېھرىبانلىق مۇناسىۋەتلىرى ئاجونويانىمۇ تەسىر قىلدى، ئەتىمالىم، قېرى قولباشچى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تولاراق شۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا تەيخېنىڭ ئالاھىدە نەپىس بەدەنىيىتى، تۇردالىم چالنىڭ بىلىمدارلىقى ۋە ئىدىگاننىڭ ئەلتەك، تېتىك ۋە تەمكىنلىكى ياقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىدىگاننىڭ توغان تىگىنچىنى سالما بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئاز قالغانلىقىنىمۇ كەچۈرگەنىدى.

(ئاخىرى 59 - بەتتە)



ئۈرۈمچىدىكى مەسچىتلەر　　　لى جۈ فوتوسى

《天尔塔格》文学双月刊

1988年第四期

تەڭرىتاغ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

(1988 - يىل 4 - سان)

---

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会

编辑出版：《天尔塔格》编辑部

地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：78897

印　　刷：乌鲁木齐市第十四中学印刷厂

国内统一刊号CN65—1012／I

邮局代号58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدى

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشىر قىلىدى

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 78897

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسمىزاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65-1012／I

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

---

零售价：0.70元

پارچە باھاسى: 0.70 يۈەن